# شىنجاڭ داشۆئۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى

XIN JIANG DA XUE XUEBAO

پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەن قىسمى

3

1990

# شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى

(پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)

پەسىللىك ژۇرنال

1990 ـ يىل 3 ـ سان

(ئومۇمىي 43 ـ سان)

9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى

نەشىردىن چىققى


## بۇ ساندا


ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا قارىتىلغان ئىدىيىۋى ـ سىياسىي تەربىيە
توغرىسىدا................................. ئابدۇۋەلى هامۇت 1

ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىزدە سوتسىيالىزم دەۋرىنىڭ ئاساسىي مېلودىيىسى
تەكىتلىنىشى كېرەك................................ئابلەت ئۆمەر 14

نورۇز بايرىمى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي قاتلىمى توغرىسىدا ...............
..............................ئابدۇشۇكۈر مۇھەممەتئىمىن 25

مەشھۇر تاتار شائىرى ئابدۇللا توقاي شېئىرلىرىنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرى
توغرىسىدا.............................. رەھمىتۇللا جارى 43

ئۇيغۇرلاردىكى سېھىرگەرلىك ئادەتلىرى ھەققىدە ......................
.............................. ئوسمان ئىسمائىل 56

ئۇخشىتىش توغرىسىدا ئىزدىنىش ................ئارسلان ئابدۇللا 67

ئىچكى سىماننىكىلىق قۇرۇلمىنىڭ تەرجىمىسى توغرىسىدا...........
........................ . ............ ئابدۇشۇكۈر ھەسەن، گاۋلىچىن 88

كۆپ مەنىلىك سۆز ۋە سۆزنىڭ كۆپ مەنىسى ھەققىدە مۇلاھىزە ......
.............. ......................... مەمتىلى دانى 104

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھەققىدە ..................................
.................................... مەھمۇتجان ئاسىم 112

يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ
شىنجاڭدا ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىدىن خاتىرە ..............................
...................................... «خاتىرە» يېزىش گۇرۇپپىسى 130

# ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا قارىتىلغان ئىدىيىۋى- سىياسىي تەربىيە توغرىسىدا

ئابدۇۋەلى ھامۇت

قىسقىچە مەزمۇنى: ياشلار ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ پرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلابىي كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىغا ئىگە بولۇشى، ئاكتىپ تەلىم-تەربىيە جەريانى ئارقىلىق بولىدۇ. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا قارىتىلغان ئىدىيىۋى-سىياسىي تەربىيە ئۇلارنىڭ كوممۇنىزم ئېتىقادى ۋە تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش ئىرادىسىنى مۇستەھكەملەپ، ئىلىم-پەن ئۆگىنىش ئاكتىپلىقى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ساقلاش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈشنى كاپالەتلەندۈرىدۇ. ئىدىيىۋى-سىياسىي تەربىيىنى ياخشى ۋە ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن مەكتەپلەردىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، تەربىيىنىڭ ئىلمىيلىكىگە، قاراتمىلىقىغا ۋە تەربىيەۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان مەخسۇس كەسىپلەرنى ئېچىشقا ئەھمىيەت بېرىش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىدا كەسپىي خىزمەت بىلەن ئادەم تەربىيىلەشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا ھەل قىلىش لازىم.

لى پېڭ زۇڭلى مەملىكەتلىك ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىلغار ئوقۇتۇش نەتىجىلىرىنى مۇكاپاتلاش يىغىنىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «ئوقۇتۇش خىزمىتى مەكتەپلەرنىڭ دائىملىق مەركىزىي خىزمىتى. مائارىپ سۈپىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش-مەكتەپلەرنىڭ بارلىق خىزمىتىنىڭ مەركىزى. بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىل ئىچىدە ئالىي مائارىپ خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى قۇرۇلمىلارنى ياخشىلاش، سەۋىيىنى ئۆستۈرۈشكە قارىتىش لازىم. سوتسىيالىستىك مەكتەپ باشقۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئىدىيىۋى-سىياسىي تەربىيە، ئەخلاق تەربىيىسىنى كۈچەيتىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، ماركسىزم نەزەرىيىسى ئوقۇتۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ماركسىزملىق دۇنيا قاراش ۋە ئىنقىلابىي كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى تىكلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.①». يولداش

① - «شىنجاڭ گېزىتى» 1990 - يىل 1 - ئاينىڭ 20 - كۈندىكى سانىدىن.

لى پېكىنىڭ بۇ سۆزىدە ئوقۇغۇچىلاردا توغرا دۇنيا قاراش ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى تىكلەشنىڭ زۆرۈرلىكى ۋە بىزنىڭ خىزمەت يۆنىلىشىمىز كۆرسىتىپ بېرىلگەن بولۇپ، بۇ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا قارىتىلغان ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيىنىڭ زۆرۈرلىكى، ئورنى ۋە رولى قاتارلىقلارنى توغرا مۇئەييەنلەشتۈرۈشتە، شۇنىڭدەك ئوقۇغۇچىلارغا قارىتىلغان ئىدىيىۋى سىياسىي تەربىيىنى توغرا يۆنىلىش بويىچە راۋاجلاندۇرۇشتا مۇھىم يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 1

ياشلار ۋە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ توغرا دۇنيا قاراشقا ئىگە بولۇشى ساددا، ئىستىخىيىلىك جەريان ئەمەس.

ھازىرقى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ تايانچ كۈچلىرى، دۆلىتىمىز كادىرلىرىنىڭ كېلىش مەنبەيى. ئۇلارنىڭ دۇنيا قارىشى، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، ئەخلاق - پەزىلىتى ۋە پەن تېخنىكا قابىلىيىتىنىڭ قانداق بولۇشى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ غەلىبە قىلىش - قىلالماسلىقى بىلەن، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرىدىغان غايىلىك، ئەخلاقلىق، بىلىملىك ۋە ئىنتىزامچان ياش ئەۋلادلارنى تەربىيىلەپ چىقىش - سىياسىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ۋە بارلىق تەربىيىلىگۈچىلەر-نىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان ۋەزىپىسى ۋە بۇرچى. چۈنكى، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرىدىغان، غايىلىك، ئەخلاقلىق، بىلىملىك ۋە ئىنتىزامچان ياش ئەۋلادلارنى، سوتسىيالىزمنىڭ لاياقەتلىك ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ چىقىش - ياشلارغا ۋە ئوقۇغۇچىلارغا ماركسىزم - لېنىنىزم نەزەرىيىسىنى سىستېمىلىق تۈردە سىڭدۈرۈش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. لېنىن: «ئىشچىلاردا سوتسىيال دېموكراتىزملىق ئاڭ ئەسلىدىن بولۇش مۇمكىن ئەمەس، بۇنداق ئاڭ پەقەت تاشقىرىدىن كىرگۈزۈلۈشى مۇمكىن①» دەپ قارىغان.

لېكىن بەزى كىشىلەر: «ماركسىزم نەزەرىيىسىنى ئومۇملاشتۇرىمەن دەپ باش قاتۇرۇش ھاجەتسىز، ئۇنى ئاممىنىڭ ستىخىيىلىك ھالدا تاللىۋېلىشىغا قويۇپ بېرىش كېرەك.» «ئىلغار نەزەرىيە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ يۆنىلىشىگە - ھەقىقەتكە ۋەكىللىك قىلىشى ئىكەن، ئۇ تەبىئىي يوسۇندا، كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلالايدۇ» دېگەننى تەشەببۇس قىلىدۇ. بۇنداق قاراش توغرا ئەمەس. چۈنكى، بۇنىڭدا كىشىلەرنىڭ تەبىئىي خۇسۇسىيىتى بىر تەرەپلىمە ھالدا تەكىتلىنىپ، ئۇنىڭ

① - لېنىن «نېمە قىلىش كېرەك؟» ئۇيغۇرچە نەشرى، 56 - بەت

ئىجتىمائىي ۋە سىنىپىي خۇسۇسىيىتى ئېتىبارغا ئېلىنمىغان. «ئىلغار نەزەرىيە كۈچلۈك جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە.» دېگەن سۆزگە كەلسەك، ئۇ تارىخىي تەرەققىياتنىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىدىن ئېيتقاندا توغرا. لېكىن ئوخشاش بولمىغان دەۋر، ئوخشاش بولمىغان جەمئىيەت ۋە ئوخشاش بولمىغان قاتلامدىكى ئوخشاش بولمىغان شەخسلەرنىڭ نەزەرىيىگە بولغان تەلىپى ۋە بىلىش ئىقتىدارى ئوخشاش بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە كىشىلەرنىڭ ھەممىسىلا ئىلغار نەزەرىيىنى پەرق ئېتىشكە ۋە قوبۇل قىلىشقا ماھىر بولىۋەرمەيدۇ. بۇ جەھەتتە ئۇلار سىياسىي سۈپەت، بىلىم سەۋىيىسى ۋە پىكىر قىلىش ئۇسۇلىغا ئوخشاش كۆپ تەرەپلەرنىڭ تەسىرى ۋە چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. ئىلغار نەزەرىيىنىڭ ئامما تەرىپىدىن كەڭ ۋە چوڭقۇر دەرىجىدە قوبۇل قىلىنىشى ئالدى بىلەن نەزەرىيىنىڭ مەزمۇنىغا، نەزەرىيىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت ۋە ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈش دەرىجىسىگە باغلىق بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە كىشىلەرنىڭ نەزەرىيىگە بولغان تەلىپى ۋە بىلىش ئىقتىدارىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىگىمۇ باغلىق بولىدۇ. شۇڭا، كىشىلەرنىڭ نەزەرىيىگە بولغان تەلىپى، بىلىشى، ئىقتىدارى ۋە ئۆز-ئۆزىنى ئۆزگەرتىش يولىدىكى تىرىشچانلىقلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن ھەر خىل جانلىق ۋە كونكرېت ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ماركسىزم نەزەرىيىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان تارىخىي قانۇنىيەتلەرنىڭ دىئالېكتىكىسىنى ئاممىي چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنى سوتسىيالىزم يۆنىلىشى بويىچە ئىزچىل تۈردە يېتەكلەشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ، تارىخنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى، شۇنداقلا، ئىنقىلابىي سۇبيېكتىپ تىرىشچانلىقنىڭ مۇھىم بىر ئىپادىسى. ئەگەر سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزم يولىدىكى بۇنداق تىرىشچانلىق ۋە ئىنقىلابىي پائالىيەت بولمايدىكەن، ئۇھالدا بۇ، تەبىئەت قانۇنىيەتلىرى بىلەن ئىجتىمائىي قانۇنىيەتلەرنىڭ ئوبيېكتىپلىقىدىن ئىبارەت ئورتاقلىقنىلا كۆرۈپ، ئىجتىمائىي قانۇنىيەتلەرنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى كىشىلەرنىڭ مەخسەتلىك پائالىيەتلىرىدىن ئايرىلمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئالاھىدىلىكىنى كۆرمىگەنلىك بولىدۇ. تارىخىي ماتېرىيالىزم جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ مۇقەررەرلىكىنى ئاممىي يوسۇندا دەلىللىگەندە، ئۇنى نوقۇل ستىخىيىلىك جەريان دەپ قارىمايدۇ. تارىخنىڭ قانۇنىيىتى پەقەت كىشىلەرنىڭ ئاڭلىق پائالىيىتى، ئىلغار سىنىپنىڭ پائال كۈرىشى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. شۇڭا ئېنگېلس: «ئىجتىمائىي قانۇنىيەت كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ھەرىكەت قانۇنىيىتى»①، «تارىخ ئۆز مەقسەتلىرىگە ئىنتىلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ پائالىيىتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس»②، دېگەن.

يۇقىرىقىلاردىن مەلۇمكى، سوتسىيالىزم قۇرۇش ۋە ئۇنى كوممۇنىزمغا

① ئېنگېلس «دىيورىڭغا قارشى» ئۇيغۇرچە نەشرى 545- بەت

② «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى، 2- توم، 118 - 119 - بەتلەر.

www.uyghurkitap.com

راۋاجلاندۇرۇش ـ ئاممىنى قوزغاش، ئاممىنى يېتەكلەش ۋە سوتسىيالىزمنىڭ ئىز باسارـ لىرىنى ماركسىزم نەزەرىيىسى ئارقىلىق تەربىيىلەشتىن ئىبارەت مۇرەككەپ جەريانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا، «ئىلغار نەزەرىيە بولىدىكەن كىشىلەر ئۇنى تەبىئىي يوسۇندا قوبۇل قىلىدۇ. كىشىلەر قوبۇل قىلمايدىكەن ئۇنداق نەزەرىيە ئىلغار نەزەرىيە ھېسابلانمايدۇ» دەپ قاراش توغرا ئەمەس.

«ماركسىزمنى ئومۇملاشتۇرۇمەن دەپ باش قاتۇرۇش ھاجەتسىز، ئۇنى ئاممىنىڭ ستىخىيىلىك ھالدا تاللىۋېلىشىغا قويۇپ بېرىش كېرەك» دەپ قاراش توغرا ئەمەس دېگەندە، تۆۋەندىكى تەرەپلەرنى كۆزدە تۇتىمىز:

بىرىنچى، ماركسىزم نەزەرىيىسى ئىنسانىيەت ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى، ئۇ سىستېمىلىق بىر پەن. شۇنداق ئىكەن، ئۇمۇ خۇددى باشقا پەنلەرگە ئوخشاش ئىخلاس بىلەن ئۆگىنىش، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق تەدرىجىي تۇرغۇزۇلىدۇ ۋە تاشقىرىدىن سىستېمىلىق سىڭدۈرۈلىدۇ. ماركسىزمنى كىشىلەرنىڭ تەبىئىي تاللىۋېلىشىغا قويۇپ بېرىش كېرەك دېيىلىدىكەن ئۇ ھالدا بارلىق ئىجتىمائىي پەنلەرنى پەن دەپ سۆزلەشنىڭ، كىشىلەرنىڭ تەبىئەتنى ۋە جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمايدۇ، دۇنيانىڭ چەكسىزلىكىگە مۇناسىپ بولغان بىلىشنىڭ ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىشىدىكى ئىزچىللىقىنى ساقلاپ، تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنىڭ سىرىنى ئېچىش يولىدىكى يېڭى پەن، يېڭى كەسىپلەرنى ئېچىشنىڭمۇ ئەھمىيىتى بولمايدۇ.

ئىككىنچى، توغرا خاتا بىلەن، ھەقىقەت سەپسەتە بىلەن، ئۆزئارا سېلىشتۇرۇلۇش ۋە كۈرەش قىلىش داۋامىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ۋە راۋاجلىنىپ بارىدۇ. ماركسىزمنىڭ ئۆزىنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكلىرىدىن قارىغاندىمۇ «ئۇ، دەۋرىنىڭ ئىلگىرىلىشى، ئەمەلىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە پەننىڭ ئالغا بېسىشىغا ئەگىشىپ، باشقا ھەر خىل تەلىماتلار بىلەن سېلىشتۇرۇلۇش ۋە كۈرەش قىلىش جەريانىدا ئۆزىنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىپ، ئۆزىنىڭ بەزىبىر كونكرېت شەكىللىرىنى ئۆزگەرتىپ بارىدۇ»①. توغرا نەزەرىيىنى كىشىلەرنىڭ تەبىئىي تاللىۋېلىشىغا قويۇپ بېرىش كېرەك دېيىلىدىكەن، ئۇ ھالدا ھەرقانداق سىياسىي مۇنازىرىنىڭ زۆرۈرىيىتى، توغرا بىلەن خاتانى ئايرىشنىڭ ئىمكانىيىتىمۇ قالمىغان بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، توغرا بىلەن خاتانى پەرقلەندۈرۈش ۋە توغرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئاز دېگەندىمۇ ئەينى شۇ نەزەرىيىلەر ئۈستىدە بىر قەدەر ئومۇمىي چۈشەنچىگە ئىگە بولۇپ، سېلىشتۇرۇشنىڭ ئىمكانىيىتىنى يارىتىش لازىم.

ئۈچىنچى، بىزنىڭ تەربىيىلەش ئوبيېكتىمىز ياشلار ۋە ئوقۇغۇچىلار. ياشلىق دەۋر كىشىلىك ھاياتتىكى ئەتراپلىق يېتىلىش باسقۇچى بولۇپ، بۇ باسقۇچتا ئىدىيە،

① «ماركسىزم قائىدىلىرىنى ئوقۇتۇش نۇقتىلىرى» ئۇيغۇرچە نەشرى 17 ـ بەت.

دۇنيا قاراش، ئەخلاق - پەزىلەت تەدرىجىي شەكىللىنىدۇ. ئەمما، ياش ئوقۇغۇچىلاردا ئىلاستىكىلىق خۇسۇسىيەت ئۈستۈن بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار ماركسىزمنى ئاكتىپ قوبۇل قىلىپ، پرولېتارىياتنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى تۇرغۇزۇش ئارقىلىق كۈچلۈك ماركسىزمچىلاردىن بولۇپ چىقىشى مۇمكىن؛ بۇرژۇئازىيىنىڭ چىرىتىشىگە ئۇچراپ پارتىيە ۋە خەلقنىڭ قارشى تەرىپىگە ئۆتۈپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. مانا بۇ بىزنىڭ ياشلارغا ۋە ئوقۇغۇچىلارغا ماركسىزم نەزەرىيىسىنى سىستېمىلىق ھالدا سىڭدۈرۈپ، ئۇلارنى كۈچلۈك ماركسىزم ئېتىقادىغا ئىگە، سوتسىيالىستىك يېڭى كىشىلەردىن قىلىپ تەربىيىلەشتە چىڭ تۇرۇشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

II

يولداش دېڭ شياۋپىڭ «جۇڭگونىڭ ئېلىپ بارىدىغىنى سوتسىيالىستىك تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش، ئەگەر تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش دېيىلىپ، سوتسىيالىستىك دېيىلمىسە، بۇ مەسىلىنىڭ ماھىيىتىدىن چەتنىگەنلىك، يەنى جۇڭگونىڭ تەرەققىيات يولىدىن چەتنىگەنلىك بولىدۇ» دېگەنىدى. لى پېڭ زۇڭلى دۆلەت مائارىپ كومىتېتىنىڭ 1986 - يىللىق خىزمەت يىغىنىدا قىلغان سۆزىدە: «ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلار، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت ئىشلەشنى سوتسىيالىستىك مەكتەپلىرىمىزنىڭ خاراكتېرى بەلگىلىگەن. ئۇ سوتسىيالىستىك ئاڭغا ئىگە، مەخسۇس ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈشنىڭ تۈپ كاپالىتى» دەپ كۆرسەتتى. پارتىيىنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى داۋامىدىكى ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمىتى بىر تەرەپتىن خەلق ئاممىسىنىڭ تارىخىي تەشەببۇسكارلىق روھىنى ۋە ئىجادچانلىق روھىنى قوزغاپ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش، يەنە بىر تەرەپتىن، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ سوتسىيالىستىك خاراكتېرىنى كاپالەتلەندۈرۈشتىن ئىبارەت.

ئالىي مەكتەپلەردە ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنىڭ ۋەزىپىسى - ئاساسلىقى كەڭ ياشلار ۋە ئوقۇغۇچىلارغا كوممۇنىزملىق تەربىيە ئېلىپ بېرىش، ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئۇلارنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتىدە ئىزچىللاشتۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ سىياسىي ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇ ئىش مەكتەپلەردە، ماركسىزم نەزەرىيىسى دەرسىنى تەسىس قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارغا ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئەمەللەشتۈرۈلۈپ كېلىنگەنىدى. لېكىن،

www.uyghurkitap.com

ئۆتكەنكى بىر مەزگىل ئىچىدە ماركسىزم - لېنىنىزم دەرسىگە بولغان تونۇش ئومۇمیيۈزلۈك تۆۋەنلەپ كەتتى. مەسىلەن:

(1) ئوقۇتۇش ئوقۇتۇش مەقسىتىدىن چەتنەپ كەتتى. ئوقۇتۇشتا ئوقۇغۇچىلارنى ماركسىزمنىڭ تۈپ قائىدىلىرىنى، ماركسىزملىق مەيدان نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇلىنى ئۆگىنىشكە يېتەكلىمەي، ئۇلارغا ماركسىزم نەزەرىيىسى دەرسىنى نوقۇل بىلىم سۈپىتىدىلا سۆزلەيدىغان، شەكىل جەھەتتە ۋەزىپىنى ئادا قىلىدىغان، ئۇنى ئادەتتىكى كەسپىي دەرسلەر بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويىدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقتى. نەتىجىدە، ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ سۇبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىشتىكى ئورنى ۋە رولىغا ئەھمىيەت بېرىلمىدى. شۇڭا ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە ماركسىزم نەزەرىيىسى كەسپلىرى «بىزنىڭ ئۆز كەسپىمىز ئەمەس، پەقەت دىپلومغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئىمتىھاندىن ئۆتسەكلا بولدى» دېگەن قاراش شەكىللەندى ۋە ئاشكارا دېيىلىدىغان بولدى.

(2) ئىقتىسادىي ۋە كەسپىي ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداشتا مەمۇرىي بۇيرۇق ۋە ئىقتىسادىي جازا قاتارلىقلار تەكىتلىنىپ، سىياسىي - ئىدىيە جەھەتتىن يېتەكلەش، تەربىيە بېرىش تەكىتلەنمىدى. ئوقۇغۇچىلارغا كەسپىي جەھەتتىن ئالغا بېسىش تەشەببۇس قىلىنىپ، ئىدىيە جەھەتتىن ئالغا بېسىش تەربىيىسى بېرىلمىدى ياكى ئاز بېرىلدى. مەسىلەن، مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى، ئەمگەك نەمۇنىچىسى، ئىقتىدارلىق ياش ۋە مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچى دېگەنگە ئوخشاش شەرەپلىك ناملارنى بېرىشتە پەقەت كەسپىي جەھەتتىكى نەتىجىگە قاراپ، ئۇنىڭ ئىدىيىۋى ھالىتى، ياكى ئۇنىڭ تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرغان - تۇرمىغانلىقى ئېتىبارغا ئېلىنمىدى، ياكى ھەقىقىي ئېتىبارغا ئېلىنمىدى. شۇڭا، سىياسىي جەھەتتە ساغلاملىنىش سۇسلىشىپ كەتتى.

(3) ماركسىزمغا قىلىنغان ھۇجۇم ئالدىدا تىڭىرقاپ تۇرۇشتەك ھالەت كۆرۈلدى. بەزى بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئاشكارا ھالدا ماركسىزمغا ھۇجۇم قىلىپ، «ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ ۋاقتى ئۆتتى»، «ھەقىقەتنى كۆپ مەنبەلەشتۈرۈش كېرەك» دېگەنگە ئوخشاش سەپسەتىلەرنى تەرغىپ قىلدى ۋە بۇنداق تەرغىبات ئالدى بىلەن مائارىپ سىستېمىسىغا، ياشلار ۋە ئوقۇغۇچىلار ئىچىگە سىڭىپ كىرىپ، بىر قىسىم ياشلارنىڭ گۆدەك قەلبىنى ئۆزىگە رام قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يولداش جاۋزىياڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى ئاجىزلاشتۇرۇپ ۋە سۇسلاشتۇرۇپ قويغانلىقى تۈپەيلىدىن بۇرژۇئازىيىچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمىنىڭ يامراپ كېتىشىگە يول قويۇلدى. بۇ ئەھۋاللار ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش بىلەن پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمىتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ۋە پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمىتىنىڭ ئورنى ۋە رولىنى توغرا تونۇمىغانلىقنىڭ روشەن ئىپادىسى.

شۇنى سەگەكلىك بىلەن تونۇش كېرەككى، ئىقتىسادىي ۋە كەسپىي خىزمەت

ياخشى ئىشلەنسىلا ئىدىيىۋى - سىياسىي ئەھۋال ئۆز - ئۆزىدىنلا ياخشى بولۇپ كېتىدۇ دەپ قاراش توغرا ئەمەس. ماركسىزمنىڭ قارىشىچە، ئىقتىسادىي بازىس ئۈستقۇرۇلمىنى بەلگىلەيدۇ، ئۈستقۇرۇلما ئۆز نۆۋىتىدە ئىقتىسادىي بازىسقا پائالىيەتچان تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇنداق تەسىر بىلەن ئەكس تەسىرنىڭ مۇناسىۋىتى بىر خىل مېخانىك ھەرىكەت بولماستىن، بەلكى دىئالېكتىك تەرەققىيات جەريانى. شۇڭا، ئىقتىسادىي خىزمەت ۋە تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى كۈچ سەرپ قىلىپ، ئالغا سىلجىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تايانچ كۈچلىرى، كەلگۈسى دۆلەتنىڭ ئىگىلىرى بولغان ياشلار ۋە ئوقۇغۇچىلارغا قارىتىلغان ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيىنى بوشاشتۇرۇپ قويماي، ئىزچىل تۈردە ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى:

بىرىنچى، ئوقۇغۇچىلارغا قارىتىلغان ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيە ئۇلارنىڭ كوممۇنىزم ئېتىقادى بىلەن كونكرېت ۋەزىپىنى بىرلەشتۈرۈش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈشنى كاپالەتلەندۈرىدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ «غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك ۋە ئىنتىزامچان بولغان يېڭى بىر ئەۋلاد كىشىلەرنى يېتىلدۈرۈش كېرەك» لىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ھەممىدە بۇلار ئىچىدە «غايىلىك بولۇش ۋە ئىنتىزامچان بولۇش ھەممىدىن مۇھىم»①. دەپ كۆرسەتتى. بۇ مەكتەپ ئىستىلىنى ياخشىلاشتا ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئاساسىي تەلەپ، شۇنىڭدەك مەكتەپ ئىستىلى قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسى. شۇڭا، ئوقۇغۇچىلارغا سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزم توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، سوتسىيالىزم يولىغا مېڭىشنىڭ تارىخىي مۇقەررەر - لىكىنى تەھلىل قىلىش، «سوتسىيالىزملا جۇڭگونى قۇتقۇزالايدۇ» غانلىقى، سوتسىيالىزملا جۇڭگونى تەرەققىي قىلدۇرالايدىغانلىقىنى تونۇتۇش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن كوممۇنىزم ئېتىقادى بىلەن كونكرېت ۋەزىپىنى بىرلەشتۈرۈش تەلەپ قىلىنىدۇ. پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا، سوتسىيالىزم يۆنىلىشى بويىچە كۈرەش قىلىشنىڭ ھەقىقىي ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. كوممۇنىزم ئىشلىرىنىڭ چوقۇم غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىش بىزنىڭ ئالىي غايىمىز. شۇنداقلا كوممۇنىزم ئېتىقادىنىڭ ئەڭ مۇھىم مەزمۇنى. بۇ نۇقتا ئىزچىللىققا ئىگە، لېكىن كوممۇنىزمدىن ئىبارەت ئومۇمىي ئېتىقادنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئوخشاش بولمىغان تارىخىي دەۋرلەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئوخشاش بولمىغان تەلەپ ۋە ۋەزىپىلەرنىڭ ئىجرا قىلىنىشى ئارقىلىق ئورۇندىلىدۇ. سوتسىيالىستىك مەملىكىتىمىزنىڭ ھازىرقى كۈندىكى كونكرېت ۋەزىپىسى تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئارقىلىق دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇشتىن ئىبارەت. بۇ ماھىيەتتە كوممۇنىزم ئومۇمىي ئېتىقادىنىڭ دەۋرىمىزدىكى ئىپادىسى. دېمەك، ئومۇمىي

---

① «ئىزدىنىش» ژۇرنىلى 1990- يىل 2- سان.

ئېتىقاد بىلەن كونكرېت ۋەزىپە، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش بىلەن ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشكە مۇجەسسەملەشكەن بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى تونۇشىنى ئۆستۈرۈش ئۇلارغا قارىتىلغان ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيىنى كۈچەيتىش ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشىدۇ.

ئىككىنچى، ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيىنى ياخشى ئىشلەپ بېرىش ياشلار ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىياسىي ھوشيارلىقىنى ئۆستۈرۈپ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاشنى كاپالەتلەندۈرىدۇ. يولداش جياڭ زېمىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «بىزنىڭ نۆۋەتتىكى بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ۋەزىپىمىز جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش، تىرىشىپ ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈش. مۇقىملىقنى ساقلاشنىڭ مۇھىم توپ شەرتى مائارىپ سىستېمىسىدا ئىشلەۋاتقان يولداشلارنىڭ ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، سوتسىيالىزمنىڭ لاياقەتلىك ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە كۆپرەك تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن»①. روشەنكى سوتسىيالىستىك مەكتەپلەردە تەربىيىلەنگەن ئوقۇغۇچىلار غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزاملىق، كوممۇنىستىك ئاڭغا ۋە ئەخلاق پەزىلىتىگە ئىگە بولغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدايدىغان، خەلق ئۈچۈن جان - دىل بىلەن ئىشلەيدىغان ئىختىساس ئىگىلىرىدىن بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. ھالبۇكى، بۇ مەكتەپلەردە ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيىنى ياخشى ئىشلەپ بېرىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ.

ئۈچىنچى، ئوقۇغۇچىلارغا قارىتىلغان ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش، ئۇلارنىڭ پەن - مەدەنىيەت ئۆگىنىشىنى مۇقىم ۋە توغرا يۆنىلىش بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىتىشىنى مەقسەت قىلىدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ: «مەكتەپلەر مۇقىم، توغرا سىياسىي يۆنىلىشنى ھەممىدىن بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشى كېرەك. ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇقىم، توغرا سىياسىي يۆنىلىشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشى پەن - مەدەنىيەت ئۆگىنىشىنى چەتكە قاققانلىق ئەمەس. ئەكسىچە ئۇلار سىياسىي ئېڭىنى قانچە ئۆستۈرسە، ئىنقىلاب ئۈچۈن پەن - مەدەنىيەت ئۆگىنىشتە شۇنچە ئاكتىپ، شۇنچە تىرىشچان بولىدۇ»②. دەپ كۆرسەتتى. ۋەتەننىڭ گۈللىنىشى، دۆلەتنىڭ قۇدرەت تېپىشى، خەلقنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى، شۇنىڭدەك، سوتسىيالىستىك ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى؛ قىسقىسى، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ۋە پرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلابىي ئىشلىرى يۈكسەك پەن - تېخنىكىغا ۋە پەن - تېخنىكا خادىملىرىغا موھتاج. شۇڭا سوتسىيالىستىك مەكتەپلەردە تەربىيىلىنىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ مېڭىسىدە نېمە ئۈچۈن ئۆگىنىش،

① «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1990 - يىلى 1 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىكى سانىدىن

② «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» ئۇيغۇرچە نەشرى، 171 - بەت.

كەم ئۈچۈن ئۆگىنىش، قانداق ئۆگىنىش دېگەن ئۇقۇملار ئېنىق بولۇشى، ئۇلاردا ئۆز ۋەتىنى، ئۆز خەلقى ئۈچۈن ئىلىم - پەن ئۆگىنىۋاتقانلىقى، كەلگۈسىدە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت سىياسىي ئاڭ بولۇش كېرەك. بۇنداق سىياسىي ئاڭ ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنىڭ قىزغىنلىقى ۋە ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، خەلق ئالدىدا جاۋابكار بولۇشتەك مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئىلىم - پەن ئۆگىنىشتىن ئىبارەت جەڭگىۋار روھىنى ئۇرغۇتىدۇ. ھالبۇكى، ئوقۇغۇچىلاردا يۈكسەك سىياسىي ئاڭ ۋە سىياسىي يۆنىلىشنىڭ تۇرغۇزۇلۇشى ئۇلارغا قارىتىلغان ئىدىيىۋى سىياسىي تەربىيىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ.

قىسقىسى، ئوقۇغۇچىلارغا قارىتىلغان ئىدىيىۋى سىياسىي تەربىيە ئۇلارنى كوممۇنىستىك دۇنيا قاراش ۋە پرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلابىي كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىغا ئىگە قىلىپ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرىدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدايدىغان، سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن پىداكارلىق بىلەن ئىشلەيدىغان، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك ۋە ئىنتىزامچان ياش ئەۋلادلاردىن قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىشتىن ئىبارەت جەڭگىۋار ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، ئۇ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ھازىرقى ۋە كەلگۈسى ئىشلىرىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ. شۇڭا ئوقۇغۇچىلارغا قارىتىلغان ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيىنىڭ ئورنى ۋە رولىنى كەم مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ.

III

يولداش دېڭ شياۋپىڭ «بىر قىسىم ياشلارنىڭ جەمئىيەتتە ھازىر ساقلىنىۋاتقان بەزى ھالەتلەرگە نارازى بولۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، قورقۇنچلۇقمۇ ئەمەس. لېكىن ئۇلارنى يېتەكلەشكە جەزمەن دىققەت قىلىش كېرەك. ئۇلارنى ئوبدان يېتەكلىمىسەك كاردىن چىقىرىپ قويىمىز»① دەپ كۆرسىتىدۇ. ئىدىيىۋى سىياسىي تەربىيە كىشىلەرنىڭ سىياسىي - ئىدىيىۋى كۆز قارىشى ۋە مەيدانىنى ئۆزگەرتىش يولىدا ئىشلىنىدىغان خىزمەت بولۇپ، ئۇ ئىنتايىن مۇرەككەپ، نازۇك ۋە جاپالىق جەريانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇ نۇرغۇنلىغان پەننىي بىلىملەرگە ئاساسلىنىدۇ ۋە نۇرغۇنلىغان پەنلەرگە چېتىلىدۇ. بۇ ھال بىزدىن ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيىنىڭ يېڭى ۋەزىيەتكە باب كېلىدىغان، يېڭى شەكىللىرىنى قوللىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ھازىرقى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ياش - قورامى، پىسخولوگىيىسى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى ۋە ھازىرقى ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسلانغاندا، ئۇلارغا قارىتىلغان ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيىنى ياخشى ۋە ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى بىرقانچە تەرەپلەرگە دىققەت قىلىش ۋە ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك.

① «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» ئۇيغۇرچە نەشرى، 209- بەت.

بىرىنچى، ئالىي مەكتەپلەردىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى بۇ خىزمەتنىڭ زۆرۈرلىكى ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىكىگە بولغان تونۇشىنى ئۆستۈرۈپ، ئامما بىلەن قويۇق ئالاقە باغلاشتىن ئىبارەت ئېسىل ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇش لازىم. ئامما بىلەن قويۇق ئالاقە باغلاش مەكتەپلەرگە نىسبەتەن سوتسىيالىستىك مائارىپ فاڭجېنى ۋە پارتىيىنىڭ زىيالىيلار سىياسىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە كەڭ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ پارتىيە رەھبەرلىكىگە بولغان مايىللىقىنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت. ئىدىيىۋى سىياسىي تەربىيىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىكىنى تونۇش كېرەك دېگەندە، بۇ خىزمەتنىڭ ئىزچىللىقىنى ساقلاشنى كۆزدە تۇتىمىز. بىر ئىشلەپ، بىر تاشلىۋېتىش، ئىشلىگەندە ئاشۇرۇۋېتىش، ئىشلىمىگەندە ئۇنتۇپ قېلىشتەك ھادىسە بىزنىڭ ئەمەلىي خىزمىتىمىزدىكى بىر ئىللەت. شۇڭا پارتىيە تەشكىلاتلىرى بۇنداق خىزمەت ئۇسۇلىغا خاتىمە بېرىپ، ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيىنى پارتىيە خىزمىتىنىڭ كۈندىلىك ئىش تەرتىپىگە قويۇپ، مۇھىم خىزمەتلەر قاتارىدا چىڭ تۇتۇش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، مەكتەپلەرنى بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇپ، مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشنىڭ ماكانىغا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ.

ئىككىنچى، ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيىنىڭ ئۈنۈملۈكلىكىگە دىققەت قىلىش لازىم. ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيىنىڭ ئۈنۈملۈكلىكى دېگەندە، ياشلار ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى ۋە ئىدىيىۋى تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئاساسەن ئۇلارغا ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئاددىي، قوپال ۋە زورلاشقا ئوخشاش ئۇسۇللار بىلەن ئەمەس يېتەكلەش، پاكىت كۆرسىتىش ۋە سۆز بىلەن قايىل قىلىشنى، قىسقىسى، ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن سىڭدۈرۈشنى كۆزدە تۇتىمىز. يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ياشلار ۋە ئوقۇغۇچىلار دۇنيا قاراش، ئەخلاق - پەزىلەت ۋە بىلىم - سەۋىيە جەھەتتە يېتىلىش باسقۇچىدا تۇرغۇن بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇلاردا ئىلاستىكىلىق خۇسۇسىيەت بولۇشتىن باشقا يەنە ئىدىيە جەھەتتە جانلىق بولۇش، تېز ھاياجانلىنىش ۋە ئاشۇرۇۋېتىشتەك پسىخولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتلەرمۇ بولىدۇ. شۇڭا ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللانغۇچى ۋە ھەربىر تەربىيىلىگۈچى ئازدېگەندىمۇ مۇنداق ئۈچ خىل ماھارەتنى يېتىلدۈرگەن بولۇشى كېرەك. بىرىنچى، ياشلار ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكىنى ۋە ئىدىيىۋى تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى ئىگىلەشكە ماھىر بولۇش كېرەك. ئىككىنچى، ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى چۈشەنگەن بولۇش بىلەن بىرگە، ئۇنى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە بايان قىلىش ۋە شەرھلەش ماھارىتىگە ئىگە بولۇش كېرەك. ئۈچىنچى، ماركسىزم - لېنىنىزم نەزەرىيىسى ۋە

پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى نۆۋەتتىكى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈش ماھارىتىنى يېتىلدۈرگەن بولۇشى لازىم. مانا مۇشۇ ئۈچ تەرەپ ھازىرلانغاندا، ئىدىيىۋى-سىياسىي تەربىيىنىڭ ئىلمىيلىكىگە ۋە بۇ خىزمەتنىڭ ئۈنۈمىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

ئۈچىنچى، ئىدىيىۋى-سىياسىي تەربىيىنى ياخشى ۋە ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن تەربىيىنىڭ قاراتمىلىقى بىلەن ئوبيېكتنىڭ باب كېلىش-كەلمەسلىكىگە دىققەت قىلىش لازىم، تەربىيىنىڭ قاراتمىلىقى بىلەن ئوبيېكتنىڭ باب كېلىشى دېگەنىمىز، ياشلار ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيىۋى ھالىتىدىكى ئالاھىدىلىك ۋە ئوخشىماسلىقىنى ئاساسەن، كونكرېت تەدبىر قوللىنىش، تەربىيىنى پەرقلەندۈرۈپ، كېسەلگە قارىتا دورا بېرىشنى ئاساس قىلىمىز. بۇنىڭ ئۈچۈن تەنقىد بىلەن تەقدىرلەش، ئۈلگە تىكلەش بىلەن ئۆگىنىشكە تەشەببۇس قىلىشنى بىرلەشتۈرۈش لازىم. بىزگە مەلۇم، ياشلار ۋە ئوقۇغۇچىلار سوتسىيالىزمدىن ئىبارەت ئوخشاش مۇھىتتا تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ لېكىن ئۇلارنىڭ شەخسىي كەچۈرمىشى ئوخشاش بولمىغاچقا، ئۆز-ئۆزىنى ئۆزگەرتىش تەلىپى ۋە تىرىشچانلىقىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. نەتىجىدە ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى ھالەتلىرىدىمۇ پەرق بولىدۇ. بۇ خىل پەرق تەربىيىنىڭ قاراتمىلىقىنى بەلگىلەيدۇ. بۇ يەردە شۇنىڭغا ئىشىنىش كېرەككى، كۆپ سانلىق ياشلار ۋە ساۋاقداشلارنىڭ ئىدىيىسى ساغلام، ئۇلار كوممۇنىستىك ئىدىيىنى يادرو قىلغان مەنىۋى بايلىققا، سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزمنى نىشان قىلغان يۈكسەك غايىگە، ۋەتەن ۋە خەلق ئۈچۈن بىلىم ئۆگىنىشتەك پىداكارانە روھقا ئىگە. شۇڭا ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىكى ئەنە شۇنداق ئىلغارلاردىن تەركىب تاپقان زور بىر تۈركۈم تايانچ كۈچلەرنى تەربىيىلەپ چىقىش لازىم، ئۇلار باشقىلارغا ئۈلگە بولۇش بىلەن بىرگە ئۇلارنى يېتەكلەپ ماڭالىسۇن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە سىياسىي-ئىدىيە جەھەتتە كېيىن قالغان ياكى يېتىشىپ كېتەلمەيۋاتقان، شۇنىڭدەك كەلگۈسى ئىستىقبالى ئۈستىدە ئېنىق يەكۈن چىقىرىشقا قادىر بولالماي-ۋاتقان، قىسقىسى جىددىي تەدبىر قوللانمىسا ئىككىنچى خىل ئاقىۋەتكە دۇچ كېلىش ئېھتىمالى بولغان ساۋاقداشلارنىمۇ پىلانلىق ھالدا تەشكىللەپ، مەخسۇس كۇرسلارنى ئېچىش ئارقىلىق تەربىيىنى كۈچەيتىپ، ساغلام ئىلگىرىلەۋاتقان ھەيۋەت قوشۇننىڭ تەركىبىگە كىرگۈزۈش لازىم. بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئالدىنقى بىر بۆلۈم ئىلغارلارغا بولغان يېتەكلەشنىڭ ئۇسۇلى بىلەن كېيىن قالغان ساۋاقداشلارغا بولغان تەنقىدىي تەربىيە ئوتتۇرىسىدا پەرق بولىدۇ، پەقەت مۇشۇنداق پەرقنى ساقلاپ قالغاندىلا، ئاندىن تەربىيىنىڭ قاراتمىلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ، كونكرېت تەربىيە بىر خىل مۇرەككەپ جەريان بولۇپ، بۇنىڭدا يەنە مۇنداق ئىككى مەسىلە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ: بىرى، تەنقىد

ئۇسۇلىغا دىققەت قىلىش كېرەك. چۈنكى، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدا، تېگىشلىك مەدەنىيەت سەۋىيىسى بولۇش بىلەن بىرگە «مەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى» دەيدىغان غۇرۇرمۇ بولىدۇ، شۇڭا تەنقىد، يېتەكلەش ۋە ئىلھاملاندۇرۇشنى ئاساس قىلىش لازىم. يەنە بىرى، ئۈلگە مۇۋاپىق ۋە ھەقىقىي تاللىنىش كېرەك. ئەگەر ئۈلگە مۇۋاپىق ۋە ھەقىقىي تاللانمايدىكەن ئۇ ھالدا، ئەسلى ئاكتىپ ۋە ئىلغار بولغان ساۋاقداشلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىغا تەسىر يېتىدۇ ۋە روھىي جەھەتتە توسقۇن بولىدۇ.

تۆتىنچى، ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيىنى ياخشى ۋە ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، ئىدىيە جەھەتتە تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان مەخسۇس كەسىپلەرنى تەسىس قىلىش لازىم، يەنى پەلسەپە، سىياسىي ئىقتىساد، ئىلمىي سوتسىيالىزم، كوممۇنىستىك ئەخلاق ۋە مىللىي سىياسەتكە ئوخشاش كەسىپلەرنى مۇقىم ۋە مۇنتىزىم ھالدا ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ۋەزىيەت تەربىيىسى، گۈزەللىك تەربىيىسى ۋە قانۇن - تۈزۈم تەربىيىسى قاتارلىق كەسىپلەرنى ئېچىپ، ئوقۇغۇچىلارغا قەرەللىك تۈردە يەتكۈزۈش بىلەن ئۇلارنىڭ توغرا يۆنىلىش بويىچە تەرەققىي قىلىشىغا زېمىن ھازىرلاپ بېرىش كېرەك. بۇ خىل ئوخشاش بولمىغان كەسىپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيىۋى ئىلغارلىقىنى ئالغا سىلجىتىشتا ئوينايدىغان رولى ۋە نەتىجىسىمۇ ئۆزگىچە بولىدۇ. يەنى ئالدىنقى بىر بۆلۈم پەنلەر ماركسىزم تەلىماتىنى سىستېمىلىق سىڭدۈرۈش يولى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ كوممۇنىستىك دۇنيا قاراش ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى تىكلىشىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىسا، كېيىنكى بىر بۆلۈم پەنلەر يەنى ۋەزىيەت تەربىيىسى، گۈزەللىك تەربىيىسى ۋە قانۇن - تۈزۈم تەربىيىسى قاتارلىقلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ روھىي ھالىتىدىن يېتەكلەش رولىنى ئوينايدۇ. بەلكى ياشلارنىڭ روھىي ھالىتىدىن قارىغاندا، بۇنداق يېتەكلەشنىڭ ئۈنۈمى تېخىمۇ ئۈستۈن بولىدۇ. مەسىلەن: گۈزەللىك تەربىيىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى- ھېسسىي پائالىيەتنى ۋاسىتە قىلىپ، ئوبيېكتىكە تەسىر كۆرسىتىش بىلەن تەربىيىلەش مەقسىتىگە يېتىشتىن ئىبارەت بولۇپ، ياشلارنىڭ ياخشى - يامان، راست - يالغان، گۈزەل - سەت، ئىلغار چىرىك، يۈكسەك - پەسكەش قاتارلىقلارنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئىنقىلابىي غايىسى ۋە كوممۇنىستىك ئەخلاق پەزىلىتىنى يېتىلدۈرۈشتە يوشۇرۇن ئەمما زور ئىجابىي رول ئوينايدۇ.

بەشىنچى، ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيىنى ياخشى ۋە ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن لاياقەتلىك ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى بولۇشى كېرەك. لاياقەتلىك ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى بولۇشى كېرەك دېگەندە، بىز مۇنداق ئىككى تەرەپنى كۆزدە تۇتىمىز: بىرى ماركسىزم نەزەرىيىسى جەھەتتە تەربىيە كۆرگەن، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرىدىغان، پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ياخشى چۈشىنىدىغان، ئوقۇغۇچىلار

بىلەن قويۇق ئالاقىدە بولىدىغان، شۇنىڭدەك، ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىش ئارقىلىق ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيىنىڭ قانۇنىيىتىنى ئىگىلىيەلەيدىغان ۋە تەدبىقلىيەلەيدىغان كەسپىي سىياسىي خىزمەت كادىرلىرى قوشۇنىنى بەرپا قىلىش لازىم. يەنە بىرى، بەلكى تېخىمۇ مۇھىمى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىدا، ئوقۇتۇش بىلەن ئادەم تەربىيىلەشنىڭ مۇناسىۋىتىنى نۇقتىلىق ۋە جىددىي ھەل قىلىش كېرەك. بەزى ئوقۇتقۇچىلار ئىنتايىن بىر تەرەپلىمە ھالدا، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ۋەزىپىسى دەرسنى ياخشى ئۆتۈش، ئادەم تەربىيىلەش بولسا رەھبەرىي كادىرلارنىڭ ۋە سىياسىي خىزمەت كادىرلىرىنىڭ ئىشى دەپ قارايدۇ. بۇنداق قاراش توغرا ئەمەس، سوتسىيالىستىك مائارىپ پرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلابىي ئىشلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. دېمەك ھەربىر ئوقۇتقۇچى - پرولېتارىيات مائارىپچىسى. شۇڭا ئۇ، ھەم بىلىم ئۆگەتكۈچى، ھەم ئادەم تەربىيىلىگۈچى بولۇش كېرەك. شۇي تېلى ئەپەندى: بىلىم ئۆگىتىش بىلەن بىرگە ئادەم تەربىيىلەشكىمۇ ئەھمىيەت بېرىش - ئوقۇتقۇچىلارنىڭ پەزىلىتى مەسىلىسىدۇر. يارامىلىق ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارغا پەننىي بىلىملەرنى ئۆگەتكەندىن باشقا، ئۇلارنى ئىدىيىۋى ئەخلاق، ھەرىكەت ئادىتى، تۇرمۇش ئۇسۇلى جەھەتلەردىمۇ باشقۇرۇشى كېرەك، دەپ قارىغان. بۇ ھازىرقى ئەمەلىيەتتىمۇ ئىجابىي ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇڭا بارلىق باشقا كەسىپ ئوقۇتقۇچىلىرىمۇ مۇقىم كەسپىي ئوقۇتقۇچى بولۇش بىلەن بىرگە، ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى ياخشى ئۆگىنىپ، ھەم ئادەم تەربىيىلىگۈچى بولۇشى لازىم.

ئوقۇغۇچىلارغا قارىتىلغان ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيە بىر خىل مۇرەككەپ، جاپالىق ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك خىزمەت. شۇنىڭدەك، پرولېتارىياتنىڭ ئۇلۇغ ئىشلىرىنى كاپالەتلەندۈرگۈچى جەڭگىۋار ۋە شەرەپلىك خىزمەت. شۇڭا ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەر ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيىنى ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقاتنىڭ مۇھىم ئورنىغا قويۇش كېرەك.

# ئەدەبىيات - سەنئەتمىزدە سوتسىيالىزم دەۋرىنىڭ ئاساسىي مېلودىيىسى تەكىتلىنىشى كېرەك

ئابلەت ئۆمەر

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ماركسىزملىق ئەدەبىيات - سەنئەت تەلىماتىنىڭ توپ پرىنسىپى، ئاساسىي روھى ۋە مېتودولوگىيىسى - ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىمىز، ئەدەبىيات - سەنئەت ئوبزورچىلىقىمىز ۋە نەزەرىيە تەتقىقاتچىلىقىمىزنىڭ مۇكەممەل مەنىۋى بايلىقى، جۇڭگوچە زامانىۋى ئەدەبىيات - سەنئەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشىمىزنىڭ ئەڭ ئىلمىي نەزەرىيىۋى ئاساسى. بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش ئىدىيىسى ئېقىمىنىڭ تەسىرىدە، ماركسىزملىق ئەدەبىيات - سەنئەت تەلىماتىنىڭ يېتەكچىلىك رولى چۆكۈرۈلدى. ئاساسىي مېلودىيە بىلەن قوشۇمچە نېغىراتىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرا ھەل قىلىنمىدى، غەرب مودېرنىزم ئىدىيىۋى ئېقىمى، ئىنسانپەرۋەرلىك، ئەدەبىياتنىڭ سۇبيېكتىللىقى، نوقۇل گۈزەللىك، ساپ سەنئەت، مۇتلەق ئىجادىيەت ئەركىنلىكى قاتارلىقلار تەرغىب قىلىندى. بۇ ئاچچىق ساۋاق بىزگە ماركسىزملىق ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىسىنىڭ توپ پرىنسىپىدا چىڭ تۇرغان ۋە ئۇنىڭ يېتەكچىلىك رولىنى ئۆچەيتكەندىلا كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىمىز گۈللەپ - ياشنايدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم تولۇق ئىسپاتلاپ بەردى.

كارل ماركس دۇنياغا كەلگەنلىكىگە 172 يىل بولغان بۈگۈنكى خاسىيەتلىك كۈندە ئۇنىڭ ئۇلۇغ كەشپىياتلىرى، جۈملىدىن ئەدەبىيات - سەنئەت تەلىماتى ئۈستىدە ئەستايىدىل مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش، ئىدىيە ۋە تونۇشىمىزنى ماركسىزملىق نەزەرىيە، لۇشيەن ۋە فاڭجېن، سىياسەتلەر ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈش — ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك بىر ئىش، شۇنداقلا ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى مۇھىم ۋەزىپە. خۇددى

داروۋىن تەبىئىي پەن ساھەسىدە ئورگانىك دۇنيانىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى كەشىپ قىلغىنىغا ئوخشاش، ماركس ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدە ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى كەشىپ قىلدى.

ماركس ئاساس سالغان، ئۇنىڭ كېيىنكى ۋارىسلىرى تەرەققىي قىلدۇرغان بۇ پەن — ماركسىزم، ئىنسانىيەت بۈگۈنگە قەدەر ئېرىشكەن ئەڭ ئىلمىي، ئەڭ مۇكەممەل دۇنيا قاراش ۋە مېتودولوگىيە. ئۇ تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە ئىنسان تەپەككۇرىغا دائىر ئەڭ ئومۇمىي، قانۇنىيەتلىك بىلىملەر ئارقىلىق ئەمەلىي پائالىيىتىمىزگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ. شۇڭا تومەنمىڭ ئىشلارنىڭ ئالتۇن تۇتقۇچى ھېسابلىنىدىغان ماركسىزملىق دۇنيا قاراش ۋە مېتودولوگىيىنى ئىگىلەش — نۆۋەتتىكى تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئوبدان ئورۇنداشنىڭ ئېھتىياجى، كىشىلەر قەلبىنىڭ تەقەززاسى.

ماركسىزملىق ئەدەبىيات - سەنئەت تەلىماتى — سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتى، ئەدەبىيات - سەنئەت ئوبزورچىلىقى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىسىنىڭ ئاساسى. ئۇنىڭ تۈپ پرىنسىپلىرى، ئاساسىي روھى، مېتودولوگىيىسى ۋە تەمىنلىگەن ئۇچۇرلار ئەڭ ئىلمىي ۋە زامانىۋى بولۇپ، باشقا ھەرقانداق ئەدەبىيات - سەنئەت تەلىماتلىرى يەنىلا ئۇنىڭغا يېتىشەلمەيدۇ، ئۇنىڭ تۈپ ماھىيىتى، نۇقتىئىنەزەرى ۋە ئۇسۇلى ھامان زامانىۋى ئەدەبىيات - سەنئەت تەلىماتىنىڭ يېڭى سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشىمىزنىڭ مەنىۋى بايلىقى ھەم نەزەرىيىۋى ئاساسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەكۈن بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت مابەينىدىكى جاھان ئەدەبىياتى، يىگىرمە ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت مابەينىدىكى ئېلىمىز ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەت تەرەققىياتى ئەمەلىيىتى تەرىپىدىن جەزمەنلەشتۈرۈلگەن. دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ماركسىزملىق ئەدەبىيات - سەنئەت قارىشىدىكى بەزى تۈپ مەسىلىلەر ھەر خىل خاتا ئېقىمىدىكىلەرنىڭ، بولۇپمۇ بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ قاتتىق ھۇجۇم قىلىدىغان نىشانىغا ئايلىنىپ قالدى.

يېقىنقى ئون يىللىق ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئېلىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرى غايەت زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى، ئاپتونوم رايونىمىزدىمۇ ئىدىيىۋى ۋە بەدىئىي سەۋىيىسى جەھەتتە كىشىنى بىر قەدەر زوقلاندۇرىدىغان، يۇقىرى سەۋىيىلىك نۇرغۇن ئەسەرلەر بارلىققا كېلىپلا قالماستىن، نۇرغۇن ئاپتور ۋە ئەسەرلەر مەملىكەت بويىچە ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتتى، بەزىلىرى تېخى دۇنياغا يۈزلەندى. توغرا سىياسىي نىشاندا چىڭ تۇرۇپ، كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەت گۈلزارلىقىمىزنىڭ بۈك - باراقسانلىق باھار مەنزىرىسىنى شەكىللەندۈردى. ھالبۇكى، ئەدەبىيات - سەنئەت ھەمىشە ئېگرى - توقايلىقلارغا، ئاچچىق لارغا ۋە قىيىن تاشلارغا دۇچ كېلىپ تۇرىدىغان كەڭ ئوكياندىكى قولۋاققا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ ئىلگىرىلىشى تۈپ - تۈز ۋە ئوڭۇشلۇق بولمايدۇ. ئۆتكەن يىلى پايتەختتە يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي

تۈپىلاڭ مەزگىلىدە بۇ ساھەنىڭ ئېغىر ئاپەت رايونىغا ئايلىنىپ، بۇ ساھەدە بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشنىڭ يامراپ كەتكەنلىكى بۇ نۇقتىنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ.

بۇ بىر مەزگىلدە ماركسىزملىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەلىماتى بەزى كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە ئاللىقاچان ئۆز رولىنى يوقاتقان، ئەمەلدىن قالغان قۇرۇق شوئارغا ئايلىنىپ قالدى. ئۇلار ئۆز نەزەرىنى سىگمونت فرويت، پائۇل سارتىرى، بىتاسۇ، شوپىنخاۋىر، فرانىس كاۋكا، ئىندگار. ئاللۇن پودى، چارلىز بودلىر، ئىللىيوت قاتارلىق بۇرژۇئا ئەدىبلىرىگە، غەرب نەزەرىيىچىلىرىگە قارىتىپ، ئۇلارنىڭ سەكسەن خالتىسىدىن شىپالىق دورا ئىزدىمەكچى بولۇشتى. ئۇلار كۈچىنىڭ بارىچە ماركسىزمنىڭ ئىلمىيلىكىنى چۆككۈرۈپ، يېتەكچىلىك رولىنى يوققا چىقىرىپ، بىر تەرەپتىن، ماركسىزملىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت قارىشى «ھەممە ئېقىملار ئىچىدىكى بىرلا ئېقىم» دېسە، يەنە بىر تەرەپتىن، «ئۇ تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولدى»، ئۇنىڭ «ۋاقتى ئۆتتى»، ئۇ «قېتىپ قالغان»، «دوگما»، «ئىنتايىن سول» دەپ ھاقارەتلەپ، ئۇنىڭ ئورنىغا تەپ تارتماستىن غەربنىڭ بۇرژۇئا ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەلىماتلىرىنى دەسسەتمەكچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى ھاقارەتلەش ۋە تەنقىد قىلىش بىر خىل مودىغا ئايلىنىپ قالدى. ئالىي مەكتەپلەردە ماركسىزملىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت دەرسلىكى ۋە ئوقۇتۇشىغا سوغۇق مۇئامىلە قىلىندى. ھەتتا ماۋ زېدۇڭنىڭ «نۇتۇق» نى، لېنىننىڭ ئەدەبىياتنىڭ پارتىيىۋىلىكى پرىنسىپىنى، ئېنگلسنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە دائىر مەكتۇپلىرىنى چۆرۈپ تاشلاش كېرەك دەيدىغان بىمەنا مۇقاملار ئەۋجىگە چىقتى. بۇ خىل نورمال بولمىغان ئەھۋاللار بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش ئىدىيىۋى ئېقىمىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيىسى ساھەسىدىكى تەسىرىنىڭ گەۋدىلىك ئىكەنلىكىنى، تاسادىپىي ئەمەسلىكىنى، ئۇنى ئاساسەن سىياسىي، ئىدىيە، نەزەرىيە جەھەتتىكى قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلغانلىقىنى، شۇنداقلا ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيىسى جەھەتتە ھەقىقەتەنمۇ تۈپ ـ ئاساسىدىن ئوڭشاش، ھەق ـ ناھەقنى ئايرىشتەك مۇشكۈل ۋەزىپىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ماركسىزملىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەلىماتىنىڭ شەكىللىنىشى، تارقىلىشى ۋە يېتەكچى ئىدىيە قىلىنىش تارىخى ھەقىقەتەن بەزىلەرنىڭ ئېيتقىنىدەك «چېكىنىش، مەغلۇپ بولۇش، قايمۇقۇش...، ھەتتا شەكلى ئۆزگەرگەن كۇڭزىچى ئەدەبىيات ـ سەنئەت قارىشى تارىخى» مۇ؟ ئۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ زامانىۋىلىشىش جەريانى بىلەن زادى چىقىشالمامدۇ؟ ئۇلارنىڭ بۇ سەپسەتىلىرى يېنىكرەك قىلىپ ئېيتقاندا، نادانلىق، قاتتىقراق ئېيتقاندا، بىمەنىلىك، يامان غەرەزلىكتۇر. مانا بۇ ھال ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيىسى جەھەتتىكى بىرنەچچە چوڭ ھەق، چوڭ ناھەق مەسىلىسىنى ئوبدان پەرقلەندۈرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى كۆرسىتىدۇ.

## 1. ئىنكاس نەزەرىيىسى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت

ماركسىزملىق دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمنىڭ ئىنكاس نەزەرىيىسى بىلەن ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان تالاش - تارتىش قىلىنىۋاتقان مۇھىم مەسىلە، شۇنداقلا ماركسىزمدا چىڭ تۇرغۇچىلار بىلەن ئۇنى ئىنكار قىلغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش نۇقتىسىنىڭ بىرى.

بەزىلەر ماتېرىيالىزمنىڭ ئىنكاس نەزەرىيىسىنى «بىۋاستە ئىنكاس نەزەرىيىسى»، «مېخانىك ئىنكاس نەزەرىيىسى» دەپ قاراپ، ئىنكاس نەزەرىيىسىدىن سۇبيېكتىپ نەزەرىيىسىگە، ئۆز گەۋدە نەزەرىيىسىگە يۆتكىلىشنى تەلەپ قىلىشتى. ئۇلار بۇ نەزەرىيىگە ئاساسەن، يالىڭاچ ھالدا «ئەدەبىيات - سەنئەت رېئال تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسى ئەمەس»، ئىجتىمائىي تۇرمۇش «ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ بىردىنبىر بۇلىقى» دېيىش بىر تەرەپلىمىلىك بولىدۇ، دەپ قارىشىدى. ئەدەبىياتنىڭ ماھىيىتىنىمۇ كۆپ مەنبەلىك قارىشى بويىچە چۈشەندۈرمەكچى بولدى. ئەدەبىياتنىڭ تۇرمۇش، سىياسىي، ئىقتىساد قاتارلىقلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى، ئۇنىڭ سىنىپىيلىكى، پارتىيىۋىلىكى، خەلقچىللىقى، مىللىيلىكى ۋە ئىدىيىۋىلىكى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئەدەبىياتنىڭ «سىرتقى قانۇنىيىتى» دەپ يىغىنچاقلاپ، «ئىچكى دۇنياغا يۆتكىلىش» نى تەلەپ قىلدى. ئۇلارنىڭ نەزەرىچە بولغاندا، ماركسىزملىق ئەدەبىيات - سەنئەت تەلىماتى بويىچە ئىش قىلغاندا، سەنئەت قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن بولماسمىش.

بۇنداق نۇقتىئىنەزەرلەر ئىلمىي بولمايلا قالماستىن، بەلكى ئىنتايىن خاتا. ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسى ئىكەنلىكىدىن ئايرىلغان ھالدا «نوقۇل گۈزەللىك»، «نوقۇل شەكىل»، «نوقۇل سەنئەت»، «سۇبيېكتىپلىق» ۋەھاكازالار ئۈستىدىن ئەتەي گەپ سېتىش — مېتافىزىكىلار، غەيرىي ئىدراكلىق ئەستانىلىرى ۋە ئەجنەبىيچە باگۇچىلار ھەم دوگمىچىلارنىڭ نەيرىڭى بولۇپ، ئۇلار ھە دېسە ئاتالمىش «بىۋاستە سەزگۈ»، «كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك ئارىلىقتىكى تەسىرات»، «يوشۇرۇن ئاڭ»، «جىنسىي قابىلىيەت» قاتارلىقلارنى ئىپادىلەشنى تەشەببۇس قىلدى. نەتىجىدە نەزەرىيە تەتقىقاتىدا، كۆز قاراشتا قايمۇقۇش بولۇپلا قالماستىن، ئىجادىيەتتىمۇ قىسمەن مۇقامى تۆۋەن، شەھۋانە مەزمۇنلۇق، كىشىلەرنىڭ مىللىي غۇرۇرىغا تېگىدىغان، رېئال تۇرمۇشتىن چەتنىگەن ئەسەرلەر چىقتى. ئاپتونوم رايونىمىزدىن ئېيتقاندا، ليۇ زەيفۇ قاتارلىقلارنىڭ «ئەدەبىياتنىڭ سۇبيېكتىپلىقى» نەزەرىيىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن، ئايرىم ئەسەرلەردە رېئاللىق سۇسلاشتۇرۇلدى، سوتسىيالىستىك يېڭى كىشى، يېڭى ئىش، يېڭى كەيپىياتلارنى مەدھىيىلەيدىغان ئاساسىي رېتىمدىكى ئەسەرلەر كەمچىل بولدى، بەزى ئەسەرلەردە رېئاللىققا جىددىي مۇئامىلە قىلىنمىدى، ئۇيغۇر، قازاق ئەمگەكچىلىرىنىڭ، ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى جەڭچىلىرىنىڭ ئوبرازى خۇنۈكلەشتۈرۈلۈپ، جەمئىيەتتە يامان تەسىر پەيدا قىلغان

ئەسەرلەر مەيدانغا چىقتى. ئايرىم نەزەرىيىۋى ماقالا، ئوبزورلاردا ماركسىزم، ماۋ زېدۇڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىك رولى كەمسىتىلدى، ئەدەبىي تەنقىدنىڭ سىياسىي، ئىدىيىۋى ئۆلچىمى چۆككۈرۈلدى. ھەتتا بەزى كاتتا ئەربابلارنىڭ بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشنى تەرغىپ قىلىدىغان ماقالە - ئەسەرلىرى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاساسلىق گېزىت - ژۇرناللارغا كۆچۈرۈلۈپ، تەرجىمە قىلىنىپ بېسىلدى، ھەممە ئايرىم كىشىلەر تەرىپىدىن ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈلدى.

مانا بۇلار ماركسىزملىق ئىنكاس نەزەرىيىسىنى ئىنكار قىلىشنىڭ، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش ئىدىيىۋى ئېقىمىنىڭ يامراپ كەتكەنلىكىنىڭ، يولداش جاۋزىياڭنىڭ «ئەدەبىيات - سەنئەت مەسىلىلىرىدە ئارىلاشماسلىق، باشقۇرماسلىق» فاڭجېنىنى قوللىنىپ، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشتە جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرغان شەخسلەر ئۈچۈن يېشىل چىراق يېقىپ بەرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى. بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئەدەبىيات تەتقىقاتى، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادى ئۈچۈن ئىنتايىن چوڭقۇر ساۋاق.

## 2. ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە سىياسىي

يازغۇچى، سەنئەتكار — ئۇلۇغ نام، تەڭداشسىز ئۇنۋان. بۇ نام - ئۇنۋاننى خەلق بېرىدۇ. شۇڭا، يازغۇچى قاراڭغۇ تۈندە مەشئەل كۆتەرگۈچى، تاڭدا گۈلخان ياققۇچى قەيسەر جەڭچى، قەتئىي ئىنقىلابچى بولۇشى كېرەك، يەنى ئۆز ئەسەرلىرى ئارقىلىق قاراڭغۇ - زۇلمەتكە ئوت ئېچىشى، خەلقنى روھلاندۇرۇپ ۋە ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېڭى كۈرەشكە ئاتلاندۇرۇشى، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ھەقىقىي كۈيچىسى بولۇشى كېرەك. شۇڭا يازغۇچى، سەنئەتكارنىڭ نام - شۆھرىتى شاھلارنىڭ نام - شۆھرىتىدىن كۆپ شەۋكەتلىك بولىدۇ، چۈنكى ئۇلار ھەقىقەتەنمۇ خەلقنىڭ كۆزى، قۇلىقى ۋە ئاۋازى.

خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن، خىزمەت قىلىش — ماركسىزملىق ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئەڭ ئاساسىي پرىنسىپى. بىراق، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمىنىڭ تەسىرىدە بۇ مەسىلە بەزى كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە خېلىلا خۇنۈكلىشىپ كەتتى، ھەتتا چۆرۈپ تاشلاندى، بەزىلەر ئۆز ئەسەرلىرىنى ئاز سانلىق كىشىلەر ئۈچۈن، كېيىنكى ئەسىر ۋە كېلەچەك ئۈچۈن يازغانلىقىنى؛ يازغانلىرىنى كىشىلەر چۈشەنمىسىمۇ ھېچقانداق ئامالى يوقلىقىنى داۋراڭ قىلىشتى؛ بەزى شېئىر، ھېكايە، كىنولار رېئاللىقتىن يىراقلىشىپ، قۇرۇق خىياللارنى، سامباۋى چۈشلەرنى كۆپ ئىپادىلەيدىغان بولۇپ كەتتى. بۇ گەرچە قىسمەن مەسىلە بولسىمۇ، لېكىن كىشىنى ئەنسىرەتمەي قالمايدۇ. بىزنىڭ يازغۇچى، سەنئەتكارلىرىمىز ئۆز ئىجادىيىتىدە ئاساسلىقى سوتسىيالىزمنىڭ ئاساسىي مېلودىيىسىنى تەكىتلىشى كېرەك، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنىڭ نىقراتىسىمۇ بولۇشى كېرەك. ئەمما، ئاساسىي مېلودىيە بىلەن نىقراتتا بىرلىككە كەلگەن مۇقام ۋە يۆنىلىش بولۇشى كېرەك، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار سىياسىي يۆنىلىشتە زىت بولماي، ئوخشاش بولۇشى شەرت. دېمەك، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى بىلەن ئىسلاھاتنى ئەدەبىيات -

سەنئەتنىڭ ئاساسىي رىتىمى قىلىش لازىم. بىز يولداش دىڭ شاۋپىڭنىڭ: «خەلق — ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئانىسى،... خەلق سەنئەتكە مۇھتاج، سەنئەت خەلققە تېخىمۇ مۇھتاج» دېگەن سۆزىنى ھەمىشە يادىمىزدا تۇتۇشىمىز لازىم.

دەرۋەقە، ئىلگىرى ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ سىياسىغا بويسۇنۇشى بىر تەرەپلىمىلىك ھالدا تەكىتلىنىپ، ئۇ سىياسىنىڭ بىۋاسىتە كانىيى دەپ قارىلىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت قانۇنىيىتىگە خىلاپلىق قىلىندى. بۇ ئېغىشنى تۈزىتىش ئۈچۈن پارتىيىمىز ھازىر «ئەدەبىيات - سەنئەت ۋاقىتلىق، كونكرېت، بىۋاسىتە سىياسىغا بېقىنىدۇ» دېيدىغان كۆز قاراشنى، تەلەپنى قويمىدى. ئەمما بۇ ئەدەبىيات بىلەن سىياسىنىڭ ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق، ئەدەبىيات سىياسىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ كەتسە بولىدۇ. يازغۇچى، سەنئەتكارلارنىڭ سىياسى بىلەن كارى بولمىسىمۇ بولىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. ئەدەبىيات - سەنئەت بىر خىل ئىدېئولوگىيە بولۇش سۈپىتى بىلەن سىياسىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ كېتەلمەيدۇ، شۇڭا بىز ئالدى بىلەن توغرا سىياسىي يۆنىلىشتە، بولۇپمۇ تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا، خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇشى كېرەك. چۈنكى سىياسىي تۇرمۇش رېئال تۇرمۇشنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، يەنە كېلىپ ئەڭ مۇھىم، ئومۇمىي ئەھمىيەتكە ئىگە قىسمى بولۇپ، ئۇ پۈتۈن مىللەتكە مۇناسىۋەتلىك سىياسىغا، يەنى سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت توپ سىياسىغا پەرۋاسىز قارىسا بولمايدۇ. ئەمما مۇنداق خىزمەت شەكلى ئۆزىنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە ئېلىپ بېرىلىشى، «ئەدەبىيات دېگەن ئەدەبىيات»، «سەنئەت ئۈچۈن سەنئەت» بولۇپ قالماسلىقى كېرەك.

ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمى مەسىلىسىدە، ئۇنىڭ بىر خىل ئالاھىدە تاۋارلىق قىممىتىنى ئىنكار قىلماسلىق، لېكىن ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى، يەنى تەربىيىۋى، ئېستېتىك، كۆڭۈل ئېچىش رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى ئالدىنقى قاتارغا، بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشنى تەكىتلىشىمىز زۆرۈر.

### 3. بۇرژۇئا ئىنسانپەرۋەرلىكى ۋە ئىنقىلابىي ئىنسانپەرۋەرلىك

يېقىنقى يىللاردا ئېلان قىلىنغان، تەسىرى خېلى چوڭ بولغان بىر ماقالىدا: «قولىدىن ئىش كېلىدىغان ھەربىر شائىر ۋە يازغۇچىنىڭ ئۆزى ئېتىقاد قىلىدىغان «خۇدا»سى بولۇشى كېرەك، بۇ «خۇدا» مۇھەببەت، يەنى پۈتۈن ئىنسانىيەت بىلەن غەم - قايغۇدا، خۇشاللىقتا ھەمنەپەس بولىدىغان چوڭ مۇھەببەت. بۇنداق مۇھەببەت «مەن» دىن، قانداشلىقتىن، ئۇرۇقداشلىقتىن، دۆلەت چېگرىسىدىن ھالقىغان بولۇشى كېرەك» دېيىلىپ، «مۇھەببەتنى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە كېڭەيتىش» تەشەببۇس قىلىندى. مۇنداق «ئىنسان مۇھەببىتى» نىڭ ۋە ئابستراكت ئادەمنىڭ دەۋرىمىزدە مەۋجۇت بولۇش - بولماسلىقى كىشىنى گۇمانلاندۇرىدۇ، بەزىلەر لۇشۈننى «ئۇلۇغ ئىنسانپەرۋەر»

www.uyghurkitap.com

دەپ كۆككە كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ شان - شەۋكىتىگە داغ چۈشۈردى. ۋاپات بولغۇچىنى سەللا ئىلگىرى يازغان «ئۆلۈم» ناملىق فىلىيەتونىدا ۋە باشقا ئەسەرلىرىدە سىنىپتىن ھالقىغان مۇھەببەتنى قۇۋۋەتلىمىگەنلىكىگە، ھەتتا ئۆزىگە ئىلتىپات، «مۇھەببەت» ئىزھار قىلغان دۈشمەنلىرىنىمۇ كەچۈرمىگەنلىكىگە كۆز يۇمدى. دۇنيادا سىنىپسىز مۇھەببەت - نەپرەت بولمايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلماسلىق ماركسىزملىق نۇقتىئىنەزەر ئەمەس، ئەلۋەتتە.

ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى بەزى كىشىلەر پەلسەپە ساھەسىنىڭ يېڭىدىن ئېقىمىغا ماسلاشقان ھالدا، ئىنسانپەرۋەرلىك ھەققىدە يۇقىرى مۇقام تۈۋلاپ، «كىمەك، ئومۇمى مۇھەببەتنى»، «مېھرى - شەپقەتنى» پۈتۈن ئالەمگە كېڭەيتىش كېرەك دەپ جار سالدى. ئىلىمىزدە بىر مەزگىل راسا داغدۇغا قىلىنغان ئوبزورچى، نەزەرىيىچىلەردىن ليۇ زەيفۇ، شې ياۋ، خې شىلەي قاتارلىقلار بۇنىڭدىن ئىككى يىل بۇرۇن ئۈرۈمچى، سانجى، تۇرپان، قەشقەرلەردە ئىلمىي نۇتۇق سۆزلەپ: «يېڭى دەۋرىمىز ئەدەبىياتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئىنسانپەرۋەرلىكتىن ئىبارەت بۇ بايراقنى تېخىمۇ ئېگىز كۆتۈرۈشىمىز لازىم» دەپ بارغانلا يېرىدە داۋراڭ سالدى.

بۇ بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى ساغلام، سىياسىي نىشانى توغرا بولسىمۇ، لېكىن بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشنىڭ «رېئاللىقنى، سىياسىنى سۇسلاشتۇرۇش» ۋە ئىنسان تەبىئىتى، ئىنسانپەرۋەرلىك قاتارلىق شوئارلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش تۈپەيلى، ئايرىم شەھۋانىي ھېسسىيات، غېرىپ - مىسكىنلىك تۇيغۇلىرى، تېتىقسىزلىق، تەركىي دۇنيالىق مەزمۇنلىرى ئىپادىلەنگەن ئەسەرلەر ئوتتۇرىغا چىقىپ، جەمئىيەتكە ۋە ياش - ئۆسمۈرلەرگە زىيان سالدى. جۇملىدىن مىللىي ئۆرپ - ئادەتكە يات بەزى ئىشلار ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئادىتى دەپ تەسۋىرلىنىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلدى، كىشىلەرنىڭ مىللىي غۇرۇرىغا تەگدى. بۇ ئەمەلىيەتتە، دەۋردىن، جەمئىيەتتىن، سىنىپتىن ھالقىغان»، ئېنگېلس ئۆزىنىڭ «فېيرباخ ۋە نېمىس كلاسسىك پەلسەپىسىنىڭ بەربات بولۇشى» دېگەن ئەسىرىدە ئاللىقاچان تەنقىد قىلغان «فېيرباخچە ئىنسانپەرۋەرلىك» ئىدى. مۇنداق ئىنسانپەرۋەرلىك ھەققىدىكى سەپسەتە گەرچە قەدىمىي بولسىمۇ، لېكىن بەزىبىر ياشلارنى ئاسانلا ئالدايدۇ ۋە قايمۇقتۇرىدۇ. «مېھرىبانلىق، ئەركىنلىك» ھەققىدىكى بۇنداق خىتابنامە ھەقىقەتەنمۇ بەزى كىشىلەرنىڭ مەيلىنى ئۆزىگە تارتىدۇ.

بەزىلەرنىڭ كوممۇنىزملىقنى «ئەمەلگە ئاشقان ئىنسانپەرۋەرلىك»، ئىنسانپەرۋەرلىكنى «ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىسىنىڭ ھۆلى» دەپ چۈشەندۈرۈشىدىكى، ئىنسانپەرۋەرلىك بايرىقىنى تېخىمۇ ئېگىز كۆتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىشىدىكى مەقسىتى — بۇرژۇئاچە ئەدەبىيات - سەنئەت قارشى بىلەن پرولېتارىياتلىق ئەدەبىيات-

سەنئەت قارىشىنىڭ چەك - چېگرىسىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىش، ئىنسانپەرۋەرلىكنى ماركسىزمنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشتىن ئىبارەت. شۇنىسى ئېنىقكى، ئاتالمىش «مېھرىبانلىق» نىڭ ئالدىنقى شەرتى بار، ئىنسانپەرۋەرلىكنىڭمۇ سىنىپىي چەك - چېگرىسى بار. بىز ئومۇمىي ئىنسان تەبىئىتى نەزەرىيىسى» بىلەن «ئومۇمىي ئىنسانپەرۋەرلىك» نى ياقلىمايمىز. ئاغزىدا ئىنسانپەرۋەرلىك دەپ ھەممىدىن بەكرەك جار سالغانلارنىڭ ئەمەلىيىتىدە ئەڭ ئىنسانپەرۋەر بولۇشى ناتايىن، ئەكسىچە، ئىنقىلابچىلار، كوممۇنىزمچىلار ھەقىقىي ئىنسانپەرۋەرلەر. قېنى ئۇلاردىن سوراپ باقايلىچۇ، ئىلمىي كوممۇنىزم تەلىماتىدا ئىنسانپەرۋەرلىك روھى يوقمۇ؟ ئىنسانپەرۋەرلىك ماركسىزمدىنمۇ ئالىي تەلىمات ۋە غايىمۇ؟

روشەنكى، ئىنقىلابىي ئىنسانپەرۋەرلىك ماركسىزملىق ئەدەبىيات - سەنئەت تەلىماتى ۋە ئىجادىيىتىدىكى مۇھىم بىر تېما ھەم مەزمۇن، ئەمما ئۇ بۇرژۇئاچە ئىنسانپەرۋەرلىكتىن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. بىز ئابستراكت، تومتاق ۋە يالغان ئىنسانپەرۋەرلىككە ھەرگىز ئىشەنمەيمىز ھەم ئۇنىڭغا مەھلىيا بولمايمىز. مۇنداق ئىنسانپەرۋەرلەرنىڭ ئادەمنى «سىياسىي ياكى ئىقتىسادىي ماشىنىدىكى چىشلىق چاق ۋە بۇرما مىق دەپ قارىماسلىق»، «سىنىپىي زەنجىردىكى سىقما سىقىمىدا، ئاچسا ئالقىنىدا بولىدىغان ھالقا دەپ قارىماسلىق» ھەققىدىكى ۋەز - نەسىھەتلىرىگە قوشۇلمايمىز. ئەكسىچە، ھەقىقىي، ئىنقىلابىي ئىنسانپەرۋەرلىكنى تەشەببۇس قىلىمىز.

4. غەربنىڭ مودېرنىزم ئەدەبىياتى ۋە مىللىي ئەنئەنە

بىز ماركسىزملىق ئەدەبىيات تەلىماتىنىڭ تەنقىدى ۋارىسلىق قىلىش پرىنسىپىغا ئاساسەن، ئىزچىل ھالدا چەتتىن كەلگەن ئەدەبىيات - سەنئەتكە قارىتا قارشى تۇرۇش، چەتكە قېقىش پوزىتسىيىسىنى ئەمەس، بەلكى تەنقىدى قوبۇل قىلىش پوزىتسىيىسىنى قوللىنىپ كەلدۇق. چەتتىن كەلگەن مەدەنىيەتنىڭ ئېسىل تەركىبىي قىسمىنى ئېلىمىزنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى ئەينەك، ئۈلگە ۋە ئوزۇق ھېسابلاپ كەلدۇق، مەيلى چەت ئەل كلاسسىك ئەدەبىياتى ياكى ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى بولسۇن، كېرەكلىك بولىدىكەن ھەممىسىنى قارشى ئالىمىز.

ئەمما ئېلىمىزنىڭ، مىللىتىمىزنىڭ ئۆز مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرىمىز، دەيدىكەنمىز ئالدى بىلەن ئۆز مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئاساسىغا، ئەنئەنىسىگە ئەھمىيەت بېرىشىمىز ھەم ئۇنى قەدىرلىشىمىز كېرەك. ئۆزىمىزنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىپ، چەتتىن كەلگەن مەدەنىيەتنى پۈتۈنلەي قوبۇل قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. بۇ خۇددى ياۋروپا پوسۇنىدىكى ھەشەمەتلىك بىنالارنى ئۆز زېمىنىمىزغا سېلىشقا توغرا كەلگەندە، ئۇنى ئۆز خەلقىمىزنىڭ قولى ۋە ئەقلى بىلەن ئاندا ۋەتىنىمىزنىڭ تۇپرىقىغا (مۇئەللەققە ئەمەس) سالغاندەك بىر ئىش.

شۇنى ئېنىق تونۇش لازىمكى، ئەدەبىيات - سەنئەتتە بىكىنمىچىلىك چەمبىرىكىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىشنى يولغا قويۇش توغرا، ئەمما بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش بىلەن شۇغۇللانغانلاردەك مىللىتىمىزنىڭ ئۆز ئەنئەنىسىنى چەتكە قېقىپ، غەربنىڭ مەدەنىيىتىنى مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيىتى ئورنىغا دەسسىتىشكە بولمايدۇ. ئۇ ھەرقانچە مۇنەۋۋەر ھەم ئېسىل بولغان تەقدىردىمۇ ئۆز مەدەنىيىتىمىزنى راۋاجلاندۇرىدىغان ئوزۇق سۈپىتىدە مىللىي مەدەنىيىتىمىزگە سىڭدۈرۈۋېتىپ، ئۇنى ئۆز مىللىتىمىزنىڭ ئورگانىزمى ۋە قېنىغا ئايلاندۇرۇشىمىز كېرەك. چەتتىن كەلگەن مەدەنىيەتنىڭ شاكىلىنى قەتئىي چەتكە قېقىپ، مىللىي مەدەنىيىتىمىزنى بۇلغىشىدىن قاتتىق ھەزەر ئەيلىشىمىز زۆرۈر.

شۇنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەككى، خېلى ئۇزۇن مەزگىلدىن بېرى، «غەرب كاپىتالىزمىنىڭ ھەر خىل ئىدىيىۋى ئېقىمى ۋە رەڭگارەڭ «نەزەرىيە» لىرىنى تەشۋىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىلىپ، ماركسىزملىق ئەدەبىيات تەلىماتىنى تەشۋىق قىلىشقا ئانچە ئېتىبار بېرىلمىدى. نەتىجىدە كومپارتىيىنى، سوتسىيالىزمنى، ماۋ زېدۇڭ ۋە ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى خۇنۇكلەشتۈرىدىغان بەيخۇالىقنىڭ «ھەسرەتلىك مۇھەببەت» («ئادەم ۋە قۇياش») قاتارلىق ئەسەرلىرى كەينى - كەينىدىن مەيدانغا چىقتى. غەربنىڭ مودېرنىزم ئەدەبىياتى قارا - قويۇقلا كۆچۈرۈپ كېلىنىپ، ئېلىمىز خەلقىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى، ئېستېتىك تەلىپى نەزەرگە ئېلىنمىدى. بۇنداق غەلىتە ئىش، ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدە بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە ساقلانغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە. بۇنى تىپ - تىنچ بولمىغان، زىددىيەت ۋە كۈرەشلەرگە تولغان بۈگۈنكى دۇنيادىكى غەرب بۇرژۇئازىيىسىنىڭ سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنى «ئىس - تۈتەكسىز»، «قان ئاققۇزمايدىغان ئۇرۇشلار» ئارقىلىق «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش» سۈيىقەستىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى ئىپادىسى ئەمەس دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟

مەملىكەت مىقياسىدا بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش ۋە پۈتۈنلەي غەربلەشتۈرۈش ئىدىيىۋى ئېقىمى يامراپ كەتتى، ئاپتونوم رايونىمىزدىمۇ غەربنىڭ مودېرنىزم، ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە ئەدەبىياتنىڭ سۇبيېكتىپلىقىنىڭ تەسىرى تۈپەيلى، ماركسىزم، ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسى ئېغىر زەربىگە ئۇچراپلا قالماي، پۈتكۈل سوتسىيالىزم ئىشلىرىغىمۇ ئېغىر زىيان بولدى. بۇنىڭدىن چوڭقۇر ساۋاق ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ.

### 5. ئىجادىيەت ئەركىنلىكى ۋە يازغۇچىنىڭ مەسئۇلىيىتى

لېنىن «پارتىيە تەشكىلاتى ۋە پارتىيە مەتبۇئاتى» ناملىق ئەسىرىدە، پارتىيە ئەدەبىيات ئىشىغا رەھبەرلىك قىلىشتا ئەدەبىياتنىڭ قانۇنىيىتىگە تولۇق ئەھمىيەت بېرىشنى كېرەكلىكىنى تەكىتلەپ: «سۆزسىزكى، ئەدەبىياتنى مۇنداق بىر ئەندىزىگە،

بىر قېلىپقا سېلىپ باراۋەرلەشتۈرۈشكە، ئازچىلىقنى كۆپچىلىككە بويسۇندۇرۇشقا بولمايدۇ، بۇ ئىشتا شەخسىي ئىجادچانلىق بىلەن شەخسىي ھەۋەسكە، ئىدىيە بىلەن خىيالغا، شەكىل بىلەن مەزمۇنغا كەڭ زېمىن ئېچىپ بېرىشكە مۇتلەق كاپالەتلىك قىلىش لازىم» دەپ كۆرسەتكەنىدى.

ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتى بىر خىل مۇرەككەپ مەنىۋى ئەمگەك بولۇپ، يازغۇچى، سەنئەتكارلارغا ئىجادىيەت ئەركىنلىكى بېرىش - بەرمەسلىك ئەدەبىيات - سەنئەت قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىش - قىلماسلىق مەسىلىسى. مەدەنىيەت ئىنقىلابىنى مەزگىلىدە ئىجادىيەت ئىشلىرى ھەر خىل چەكلىمىگە ئۇچرىغان ئەھۋالغا ئاساسەن يولداش دېڭ شياۋپىڭ «ئەدەبىيات - سەنئەتتىن ئىبارەت بۇ مۇرەككەپ مەنىۋى ئەمگەك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىجادچانلىق روھىنى جارى قىلىشنى قاتتىق تەلەپ قىلىدۇ. نېمىنى يېزىش ۋە قانداق يېزىش كېرەكلىكى ئۈستىدە پەقەت ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەرنىڭ ئۆزلىرىلا سەنئەت ئەمەلىيىتى داۋامىدا ئىزدىنىشى ۋە ئۇنى قەدەممۇ - قەدەم ھەل قىلىشى لازىم. بۇ جەھەتتە يولسىزلىق بىلەن ئارىلىشىۋالماسلىق كېرەك» دەپ ئېنىق كۆرسەتتى. يېڭى دەۋردىكى ئون يىللىق ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتى يولداش دېڭ شياۋپىڭ ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ تۈزۈپ چىققان پارتىيىمىزنىڭ فاڭجېنىنى بويىچە تەرەققىي قىلىپ مىسلىسىز دەرىجىدە گۈللەندى.

ۋەھالەنكى، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش تەرەپدارلىرى يېقىندىن بۇيان «ئىجادىيەت ئەركىنلىكى» دېگەن شوئارنى سۇيىئىستېمال قىلىپ، ھېچقانداق چەكلىمىگە يېقىنمايدىغان، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئىپادىلىمەيدىغان، ئۆزىنىڭ «ئىچكى دۇنياسى» نىلا ئىپادىلەيدىغان، خالىغىنىنى تەسۋىرلەيدىغان، بۈگۈنكى جەمئىيىتىمىزنى مەدھىيىلىمەي، تەنقىد قىلىدىغان... ئەركىنلىكنى تەرغىپ قىلدى. ئۇلار ئەيمەنمەستىن: «ئەگەر كومپارتىيە ئەدەبىيات - سەنئەتكە بەش يىل ئارىلاشمىسا، ئەدەبىيات - سەنئىتىمىز جەزمەن گۈللىنىدۇ» دەپ جۆيلىدى. بۇ ئەمەلىيەتتە ئىجادىيەتتىكى «مۇتلەق ئەركىنلىك» نى دەۋا قىلغانلىق.

لېنىن مۇنداق «مۇتلەق ئەركىنلىك» تەرغىباتچىلىرىنى ئەينى ۋاقىتتىلا «سىلەرنىڭ مۇتلەق ئەركىنلىك توغرىسىدىكى سۆزلىرىڭلار ساختىپەزلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس»، «چەندازىغا، ساتقىنلىققا ۋە گال بېقىشقا رام بولۇش چۈمپەردىسىدىن (ياكى بىر خىل نىقابىتىن) باشقا نەرسە ئەمەس»، دەپ ئۆتكۈر سۆزلەر بىلەن رەھىمسىز پاش قىلغان ۋە قامچىلىغان. ئەپسۇسكى، بۇنداق «ئىجادىيەت ئەركىنلىكى» پىكىرى ئېقىمى مەملىكىتىمىزدە يېقىنقى ۋاقىتلاردا ئەركىن يامراپ، ئەدەبىيات - سەنئەت گۈلزارلىقىمىزدا خېلى ئېغىر مالىمانچىلىق پەيدا قىلدى. چۈشەنگىلى بولمايدىغان، خەلقتىن، رېئاللىقتىن ئايرىلغان، «سالون» لاردا ئۆزلىرىلا ھوزۇرلىنىدىغان، جىنسىي تۇرمۇش، شەھۋانە ھايات تەسۋىرلەنگەن، پۇلغا قاراش،

ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بەرمەيدىغان، قايغۇ ـ ئەلەم، چۈش ـ خىيال، بىكار تەلەپلىك، ئۈمىدسىزلىك كەيپىياتى تەرغىپ قىلىنىدىغان، يەپ ـ ئىچىش، ئوينىشىنىلا كۆككە كۆتۈرىدىغان، ئاجايىپ ـ غارايىپلىقىنى ۋە ھەر خىل بىمەنە ئىشلارنى ئىپادىلەيدىغان «كۆلرەڭ» ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەدەپكەتتى.

پارتىيىمىز ئوتتۇرىغا قويغان «ئىجادىيەت ئەركىنلىكى» دېگەن بۇ شوئار خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى ئالدىنقى شەرت قىلغان ھالدا يازغۇچى، سەنئەتكارلارنىڭ خەلققە، ۋەتەنگە مەسئۇل بولۇش روھى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن. بىز ھەرقانداق كىشىنىڭ «ئىجادىيەت ئەركىنلىكى» دېگەن شوئارنىڭ ھىمايىسىدە تۆت ئاساسىي پرىنسىپتىن چەتنىشىگە، غەربنىڭ ئىدېئولوگىيىسى ۋە قىممەت قارىشى ئارقىلىق خەلقنى چىرىتىشىگە ھەرگىز يول قويمايمىز. يازغۇچى، سەنئەتكارلىرىمىز خەلق ئالدىدا، سوتسىيالىزم ئىشىغا جاۋابكار، خەلقىمىز يازغۇچى، سەنئەتكارلىرىمىزنىڭ ئۇستازلىق، مۇئەللىملىك بۇرچىنى ئادا قىلىشىغا مۇھتاج. خەلقنىڭ تومۇرلىرىدا ئاققان قان بولۇپ، يۈرەكنىڭ ھەرىكىتىنى راۋاجلاندۇرۇش — يازغۇچى، سەنئەتكارلىرىمىزنىڭ دەۋر، خەلق ۋە تارىخ ئالدىدىكى ۋىجدانىي مەسئۇلىيىتى.

ماركسىزملىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەلىماتىنىڭ تۈپ پرىنسىپ ۋە قائىدىلىرى يۇقىرىدىكى بەش نۇقتا بىلەنلا تۈگىمەيدۇ. بۇ جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى داۋاملىق قېزىپ، ئۆگىنىشىمىز ۋە ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشىمىز، بۇرژۇئاچە ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيىسى ۋە ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىنى ئاڭلىق رەۋىشتە تازىلىشىمىز لازىم.

ماركسىزملىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەلىماتى قامال قىلىنغان، قېتىپ قالغان دوگما ئەمەس، ئۇ ھامان ئۈزلۈكسىز بېيىيدۇ، راۋاجلىنىدۇ ۋە مۇكەممەللىشىدۇ. يېقىنقى يىللار مابەينىدە بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش ئىدىيىۋى ئېقىمىنىڭ يامراپ كېتىشى، تېگى تەكتىدىن ئېيتقاندا، ماركسىزملىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەلىماتىدىن ۋە ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسىدىن تەۋرىنىش، گۇمانلىنىش ۋە چەتنەشنىڭ، غەربنىڭ بۇرژۇئا ئەدەبىيات ـ سەنئەتشۇناسلىقىغا رام بولغانلىقىنىڭ مەھسۇلى. بۇ ئەمەلىي پاكىت بىزگە ماركسىزملىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەلىماتىنى بېيىتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، جۇڭگوچە ماركسىزملىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيىسىنى بەرپا قىلىشتا، ئالدى بىلەن ماركسىزمنىڭ پرىنسىپال مەيدانى ۋە ئاساسىي پرىنسىپلىرىدا چىڭ تۇرۇشقىلا بولىدىغانلىقى، ئۇنىڭدىن قىلچە گۇمانلىنىشقا ياكى تەۋرىنىشكە بولمايدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاپ بەردى. تارىخ شۇنى داۋاملىق ئىسپاتلايدۇكى، 90 ـ يىللارنىڭ تۇنجى يىلىدا، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش كۈرىشى زور غەلىبىگە ئېرىشكەن ئەھۋالدا، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىنىڭ ماركسىزملىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەلىماتىغا بولغان تونۇشى تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىدۇ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتى تەتقىقاتى ۋە ئوبزورچىلىقىدا جەزمەن تېخىمۇ زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلىدۇ.

# نورۇز بايرىمى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي قاتلىمى توغرىسىدا

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

**قىسقىچە مەزمۇنى:** نورۇز — ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ھاياتىدا خۇددى مەشرەپلەردەك ئومۇم خەلق ئېتنىك مەدەنىيەت ھادىسىسى. ئۇ ئۆزىنىڭ تارىخىنىڭ ئۇزۇنلۇقى، كالىنىدارچىلىق ھېسابىنىڭ خاسلىقى ۋە پائالىيەت شەكلىنىڭ مۇجەسسەملىكى بىلەن داڭ چىقارغان ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە يازما خاتىرىلەردە قەيت قىلىنىپ كەلگەن. نورۇز بايرىمىنىڭ فولكلور قىممىتىنى ۋە تارىخىي قاتلاملىرىنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئەھمىيىتىنى مۇقام — مەشرەپ تەتقىقاتىغا تەققاس قىلىش مۇمكىن. ئۇ ئەنئەنىۋى مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت بايلىقىنى كەڭ جارى قىلىپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى بېيىتىشقا پايدىلىق.

«ۋىسال ئەييامى تاڭ يوق ئاچسا رۇخسار،
كى دائىم ئاچىلۇر گۈل بولسا نەۋرۇز.»
«قەدەھنى دەۋرىدىن تىنىدۇرمە بىردەم،
دۈگۈلنى دەھرىدىن تاپساڭ غەمەندۇز»

— نەۋائى.

**1 - مۇقەددىمە. نورۇز — ئوتتۇرا ئاسىيا تەبىئەت ئىلاھچىلىقىنىڭ يادنامىسى**

مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرى تۇرمۇشتىن تەقىپ قىلىنغان ئەنئەنىۋى ئېتنىك بايرام — نورۇز بايرىمى يېقىنقى ھايات بەخش يىللارنىڭ نۇرانە شولاسىدا خۇددى بوغۇقتۇرۇلغان «نورۇز بۇلاق» كۆز ئاچقاندەك يېڭىباشتىن ئۆزىنىڭ قايناق مېلودىيىسى بىلەن كۆز ئالدىمىزدا جىلۋىلىنىشكە باشلىدى. ئۆز بۇلىقىنى يوقاتقان چىمەن ۋە ئۆز چىمەنلىكىنى يوقاتقان بۇلاق قايتا قوشۇلغاندەك خەلقىمىز ھاياتىدا بىر قۇتلۇق پائالىيەت — نورۇز بايرىمى پائالىيىتى جۇش ئۇرۇپ چىقتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىمىزغا ئەجىر سىڭدۈرۈپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋى مىللەت ئۈيۈشتۈرۈش كۈچىمىزگە تۆھپە قوشقۇسى. بىز خىل ئىنتىنىك مەدەنىيەت پائالىيىتىنىڭ مۇنداق تېز، مۇنداق يارشىملىق گۈل - چېچەكلەر بىلەن ئازادە جابدۇنۇپ ئۈلگۈرەلىگەنلىكىنى ئويلىغىنىمىزدا ئۇنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق قەدىمى ئىزنىلىرى كۆز ئالدىمىزدا نامايەن بولۇشى تەبىئىي.

«نورۇز» ئاتالمىسى خۇددى «مۇقام» ئاتالمىسىغا ئوخشاش ئۆزى ئىسپتىدا بولغان ۋاقىتتىلا مەيدانغا چىققان ئەمەس! كىشىلەر تارىخىي ھەقىقەتلەرنى تېپىشقا تەمشەلگەندە، ئېتمولوگىيە (لۇغەت مەنبىيى) ئىلمى بۇ ئوبيېكتنىڭ تارىخى ئەسلى مەنبىيىنى ئېنىقلاشقا ھەر قاچان ئاجىزلىق قىلىدۇ. روشەنكى، ئېتمولوگىيىلىك ئوبيېكت — نەرسىنىڭ ئۆزىگە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ مۇئەييەن قېلىپلاشقان ۋە بەلگى ئاخىرقى ۋارىيانتىكى نام - ئاتالمىسىنى ئىزاھلاشنى ئوبيېكت قىلىدۇ، خالاس. ئەگەر ھەقىقەتەن ئېتمولوگىيىلىك ئىزاھات بىلەن ھەل قىلىنىدۇ، دېيىلىدىغان بولسا ئىلىم - دۇنياسى «كولكۇ ئەينىكى» فىگورىلىرىغا گىرىپتار بولغان بولاتتى!

ئەنە شۇ ئېتمولوگىيە بويىچە بۇ ئىبارە شەرقىي ئىران — تاجىك تىلى تەلەپپۇزىدا «نەۋ» — يېڭى، «روز» — كۈن سۆزىدىن مۇجەسسەملەشكەن بولۇپ، «يېڭى كۈن» — «يېڭى يىل كەلگەن كۈن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. كېيىنكى ۋاقىتلاردا توققۇز ئوغۇز دەپ تەرىپلەنگەن غەربىي ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمكى بۇرناق بايراملىرىنى «مەشرەپ» دەپ ئاتىغاندەك، يېڭى يىل — باش باھار بايرىمىنى تەخمىنەن زارا ئاستىرىزىم دىنىدىن كېيىن شەرقىي ئىران — تاجىك تىلى بويىچە «نورۇز بايرىمى» دەپ ئاتاشتى. شەرقىي ئۇيغۇرلار بولسا بۇ ئايەمنى ئۇزاقتىن - ئۇزاق «كۆك بۇرناق»؛ «سۈمۈلە ئايىمى»، «كۆك مەشرىپى» نامىدا داۋاملىق ئاتاپ كېلىشتى.

«نورۇز» كالېندارى ھەققىدە ھازىرغىچە روشەن بەلگىلىمە مەۋجۇت ئەمەس. ماقالە ياكى قامۇس ماقالىلىرىنىڭ مۇئەللىپلىرى تولا ۋاقىتلاردا ياكى ئاتەشپەرەسلەرنىڭ، ياكى زەردۇشتىزىم مۇخلىسلىرىنىڭ، ياكى خارازمى، بىرۇنى، ئۆمەر ھەييام، ئۇلۇغبېك تۈزگەن زىچە - كالېندارلارنىڭ يىل بېشى كۈنىنى نورۇز كۈنى قىلىپ مۇتلەقلەشتۈرۈپ يېزىشىپ كېلىشتى. بەزى ئاپتورلىرىمىز ئۇنى دېھقان - يىلى (خەنزۇ كالېندارى) بويىچە بەزىلىرى قەمەرىيە بويىچە، بەزىلىرى شەمسىيە بويىچە، بەزىلىرى مىلادىيە بويىچە مۇئەييەنلەشتۈرۈشتى.

ئېيتىش كېرەككى، نورۇز — ئالدى بىلەن تەبىئەت بايرىمى. بۇ ھەقتە ئىران تارىخچىسى ئازېربەيجانلىق ئۆزىنىڭ «قەدىمكى ئىران يوسۇن مىراسلىرى» ھەققىدە (ئەيىن بەرگۇزارى چەشنىخەيئى ئىرانى بەستان) ناملىق ئەسىرىنىڭ 56 - بېتىدە بۇنداق

يازىدۇ: «نورۇز — باھار كۈنى، ئورمۇزدا كۈنى... گۈل ۋە خۇشبۇي گىيالار مەۋسۇمى... نورۇز — تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئۇلۇغ بايرىمى، بۇ چاغدا باھار شامىلى دالا ۋە ساھىللارنى يېشىللىققا بۈركەيدۇ. ئۇ ئۆلگەن، چىرىگەن نەرسىلەرنى ئېلىپ كېتىدۇ، تەبىئەت يېڭىباشتىن ئۈستىباش كىيىدۇ»①. شۇنداق ئىكەن، نورۇز ھەممە تەبىئەت سەنئىگە بىرلا كالېنداردا كېلىشى مۇمكىن ئەمەس. مىزچە، جەنۇبىي جۇڭگودا يانۋار — فېۋرال ئايلىرىدا باھار بايرىمى قۇتلۇقلانغانلىقى بىلەن، قەدىمكى شىمالىي دىيار، ھون خەلقلىرى ئارىسىدا ئاپرېل - ماي ئايلىرىدا «ئەجدىھا بالىق» شەھىرىدە يېڭى يىل بايرىمى ئۆتكۈزۈلگەنلىكى، چارۋىچىلار قوي - يىلقىلىرىنىڭ ھېسابىنى ئالىدىغانلىقى، لايدىن ياسالغان كونا بەخت مۇئەككەللىرىنى چېقىپ، شۇ لايدىن يېڭى يىللىق بەخت مۇئەككەللىرى ياسايدىغانلىقى بۇنىڭ بىر دەلىلى. بۇ ھەقتە «تارىخ نامە»، «شىمالىي جۇ كىتابى»، «ۋەي نامە»، «سۇي نامە» دەستۇرلىرىدا كۆپلەپ قەيت قىلىنغاندىن تاشقىرى «تۇرپان تېكىستلىرى» دىكى ئۇيغۇرچە بۇددا ۋە مانى دەستۇرلىرىدىمۇ مول مەنبەلەر ساقلانغان. 1863 — 1878 - يىللىرىغىچە شىنجاڭدا تۇرۇپ «غەربىي زېمىن ھەققىدە نەزمىلىك بايان» ناملىق تۆت جىلد كىتاب يازغان شاۋشۇن جەنۇبىي شىنجاڭدا ئۆتكۈزۈلىدىغان نورۇز بايرىمىنىڭ خەنزۇلار قوللانغان دېھقانچىلىق يىلى ئاساسىدا ئەمەسلىكىنى تەكىتلەپ، مۇنداق بىر نەزىم يازغانىدى:

«ئۇندا شاتلىقلار تولغان ھۈنەر — ماھارەت بەيگىسى،
دوغا تىككەن زەر ۋە تىللا بەيگىلەر ئىنئامچىسى.
بەل تۇتۇپ، چېلىشقىلار پەلۋان يىگىتلەر تۇشمۇ - تۇش،
تاللىنۇر پەلۋان ئارا مەيدان بويىچە نوچىسى»

ئۇ كىتابىغا «ئۇيغۇرلارنىڭ يېڭى يىلى جۇڭگو ئايلىرىغا ئاساسلانمىغان» دەپ ئىزاھات يېزىپ قالدۇرغان.

ئۇنداقتا «نورۇز» قايسى كالېندارغا ئاساسلانغان؟ شۈبھىسىزكى، زارا ئاستىرىزم ئېتىقادىدىن ئىلگىرىلا شەكىللىنىشكە باشلىغان ئوتتۇرا - مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ 12 ئايىنى ئۆكەكتىكى 12 ھايۋان ياكى نەرسە نامىدا ئاتايدىغان ۋە قىيا سۈرەتلىرىدىكى ئاسترونومىيىلىك تامغىلاردا تەكرار گەۋدىلەندۈرۈلگەن ئېپتىدائىي توتېمىزم تەقۋىمچىلىقىغا ئاساسلانغان. باشقىچە ئېيتقاندا، ئۇ ھازىرقى ئىران دىيارىدا قوللىنىۋاتقان ئاي كالېندارى — قەمەرىيگە ئوخشىمايدىغان، ئېپتىدائىي شەكىلدىكى شەمسىيە كالېندارىغا ئاساسلانغان. زارا ئاستىرىزم بۇ خىل ئېپتىدائىي

① ئا. دوروشېنكو «ئىراندا ئاتەشپەرەسلىك»، موسكۋا، 1982 - يىل روسچە نەشرى 71 - بېتىدىكى نەقىلدىن ئېلىندى.

قۇياش كالېندارىنى قوبۇل قىلدى،① بىراق ئاي ناملىرىنى بىرلەمچى ئەرەب (زات) نامىدىن ئىككىلەمچى ئابستراكت سۈپەت ئىبارىلىرىگە ئالماشتۇرۇۋەتتى.

روشەنكى، قۇياش ئىلاھىغا قوشۇمچە تەڭرىلەر قاتارىدا ئەمەس، بەلكى باش تەڭرى سۈپىتىدە ئېتىقاد قىلغان خەلقلەردىن كونا مىسىر (ئېگىپىت) لىقلار، ھەمدە مەركىزىي ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى مەشھۇر ئىدى. ۋەھالەنكى، قەدىمكى مىسىرلىقلار 2 - پىرئاۋۇن سېخىمدىن باشلاپ قۇياش ئىلاھى «را» غا بولغان ئېتىقادىنى پىرئاۋۇننىڭ شەخسى ئېتىقادى قىلىپ قويغان ۋە «ئاتون»، «ئامون»، «مائات» ئىلاھلىرى تەسىرىدە «را» نىڭ نوپۇزى تۆۋەنلەپ كەتكەن بولسا، ئەكسىچە مەركىزىي ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى بۇ خىل تەبىئەت ئىلاھچىلىقى قاراشلىرىنى شامانىزىم، زارا ئاستىرىزىم ۋە مانى دىنى ئۈستۈنلۈك ئالغان پۈتكۈل دەسلەپكى ئوتتۇرا ئەسىرگىچە كەمكۈتىسىز ئىزچىللاشتۇرۇپ كەلدى.

بۇ توغرىلىق ئا. دورشېنكو «ئىراندا ئاتەشپەرەسلىك» ناملىق كىتابىدا، زارا ئاستىرىزىم ئۆز قاراشلىرىنى قۇياش كالېندارىغا ئاساسلىنىپ شەرھىلىگەنلىكىنى، بۇ چاغدا بۇ جايلاردا مىسىرلىقلارنىڭ قۇياش كالېندارى بولمىغانلىقىنى تىلغا ئېلىش بىلەن بىللە، زارا ئاستىرىزىملىق قۇياش كالېندارى مىلادىدىن ئىلگىرىكى مىڭىنچى يىللارنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن ئۇنىڭغا يېقىن شەرقىي ئىراندا شەكىللەنگەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ②. ئا. دورشېنكو ئۆز كىتابىدا تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ، زارا ئاستىرىزىم دىنىدىكى باش تەڭرى «ئاخىرۇمازدا» (ئۇيغۇرلاردا ئورمۇز③) ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ قۇياش (كۈن) تەڭرىسى مىترادىن ئۆزگىرىپ ھاسىل قىلىنغان دېسە، ئۇ ئەبۇ رەيھان بىرۇنىي (63 - بەتتە) ۋە ئۆمەر ھەييامىلارنىڭ (68 - بەتتە) يىل بېشىنى بەلگىلەشتە قۇياشنىڭ «قوزى» (ھەمەل) بۇرجىغا توغرا كەلگەنلىكىنى ئۆلچەم قىلغانلىقى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن④.

ئەڭ قىممەتلىكى شۇكى، ھەتتا زارا ئاستىرىزىم مۇقەددەس كىتابى «ئاۋېستا» دىمۇ نورۇزنى قوزى بۇرجى بىلەن باشلىنىدۇ دەپ يېزىلغان⑤. ۋەھالەنكى، ئۇيغۇر خەلقى ئەزەلدىنلا قىش ئاخىرىنى بېلىق (ھوت) بۇرجى، يىل بېشىنى قوزى (ھەمەل) بۇرجى بىلەن ئاتاپ كەلگەن⑥.

نورۇز — نوقۇل تەبىئەت بايرىمىلا ئەمەس، ئۇ خېلى ئۇزاق بىر زامان قۇياشقا، ئوتقا ۋە يورۇقلۇققا بولغان دىنىي ئېتىقاد تۈسىنىمۇ ئېلىپ كەلدى، يەنە

---

① «تۇرپان تېكىستلىرى» دە سوغدى كالېندارى «Na wsR dic» (نەۋسىردىپ) دەپ ئىستېمال قىلىنغان.

② يۇقىرىقى كىتاب 63 - بەت.

③ 924 - 925 - يىللاردىكى كەنجۇ سېرىق ئۇيغۇر خانىنىڭ ئىسمىمۇ ئورمۇز ئىدى.

④ ⑤ يۇقىرىقى كىتاب 63 - بەت.

⑥ «دىۋان لۇغەتىت تۈرك» ۋە «قۇتادغۇ بىلىك» كە قارالسۇن.

زارا ئاستىرىزىمىدىن ئىلگىرىكى قۇياشقا چوقۇنۇش — تەبىئەت ئىلاھچىلىقى شەكلىدە ۋە زارا ئاستىرىزىمىدىن كېيىنكى ئاخىرۇمازداغا سېغىنىش — دىنىي ئىلاھىيەتچىلىك شەكلىدە ئىككى باسقۇچنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى.

شۇنى ئالدى بىلەن قەيت قىلىش ھاجەتكى، ھەنگىمان تاغلىرىدىن ئورال تاغلىرىغىچە، جەنۇبىي سىبىرىيىدىن ھىندىقۇش چوققىلىرىغىچە بولغان بىپايان زېمىن ئىپتىدائىي ئىنسان گۇرۇھى ۋە باشلانغۇچ تۇتېمىزىملىق مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ كونا ئاپىرىدەگاھلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئومۇمەن ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادا ئۇزاق ھۆكۈم سۈرگەن مۇز دەۋرى ئاخىرلاشقىچە تەبىئىي غارلاردا قۇياشقا تەلمۈرۈپ، ئوتقا سېغىنىپ كەلگەن ئىپتىدائىي ئىنسان توركۈملىرى بىر قەدەر ئىلگىرىلا بىرونزا قوراللار ۋە ئاتلىقلار مەدەنىيىتىنىڭ ئىختىراچىلىرى بولۇپ مەيدانغا چىقىشتى. غار ۋە قىيالارغا ئات، بۇغۇسۇن (چاق)، قاغىقا (ھارۋا) ۋە ئاي - كۈن تامغىلىرىنى سىزىپ قالدۇرغان بۇ خەلقلەر دائىمى يۆتكۈلۈپ تۇرۇش تۈپەيلى «ئالتۇن قوزۇق» يۇلتۇزىغا قاراپ تەرەپ بەلگىلەش، تەرەپلەرنى رەڭ بىلەن بەلگىلەش، ئەسىرلەرنى مۆچەلگە، يىلنى 12 بۇرۇچقا (12 ئۆكەك، 12 راش) قاراپ پەسىل ۋە ئايلارغا ئايرىش ۋە ئۇنى بىۋاستە ھايۋان ياكى بويۇم نامىدا كونكرېت ئاتاش، پالنامە (كۆرۈم)، چۈش جوراش قاتارلىقلارنى خېلى ئىلگىرىلا دائىمى تۇرمۇشنىڭ ئەمەلىي كۈن تەرتىپى قىلغانىدى.

قۇياشقا چوقۇنۇش ئاردىئان ئانتروپولوگىيىسى ۋە تۈركىي ئېتنولوگىيىسىگە ئالاقىدار ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا قەدىمكى خەلقلىرى ئىپتىدائىي مەدەنىيىتىنىڭ مەنىۋى تۈرۈۋكى بولۇپ شەكىللەندى. قۇياش — بىر قاراشتىلا ياز ۋە قىش ئىككى پەسىلدەك بىلىنىدىغان بۇ كەڭ زېمىندا ھايات سىمۋولى، مال - چارۋا سىمۋولى، تۆت تادۇ — تۆت قۇت ئىچىدىكى ئاتا تەڭرى نوپۇزىنى تىكلىگەنىدى. قىيا رەسىملىرىدىن بىز ئەڭ ئىپتىدائىي دىنىي مۇراسىملارنىڭ كۈنگە سېغىنىش مۇراسىمى بولغانلىقىنى، ئەڭ دەسلەپكى ئۇسۇل - پىرىلىرىنىڭ كۈنگە تالاۋەت قىلىش ئالامەتلىرى بىلەن تولغانلىقىنى كۆرىمىز. قىياتاشلارغا يومىلاق كۈن شەكلى چۈشۈرۈلگەندەك①، جەسەت قەبرىگاھلىقلىرىمۇ نۇرلانغان قۇياش سىمۋولىدا ئەتراپلىرىغا چەمبەرسىمان بىرقانچە قات قوزۇق قېقىش② ياكى تاشلار تىزىش بىلەن بىجا قىلىنىغان بولدى. قوللىرىغا مەشئەل - چەلپەكتوزلار كۆتەرگەندەك، قىيالارغا ئادەم ۋە مال - چارۋا شەكىللىرى يېنىغا يېنىۋاتقان ئوت سىماسى بولغان «卐» تامغىسى چۈشۈرۈلىدىغان بولدى. يېڭى يىل مۇناسىۋىتى بىلەن لايدىن بەخت مەزئەككەللىرى ئوبرازى ياسىلىشتىن ئىلگىرى ئۇرۇقداش قەبىلىلەر ئات - قوتلان قۇربانلىق قىلىپ، غار تاملىرى ۋە

① كۆكتوقايدىكى تامبالتاش، پەرغانىدىكى سايمالتاش قىيا رەسىملىرى بۇنىڭغا مىسال.

② لوپنۇردىن تېپىلغان يەتتە قاتار چەمبەرسىمان قوزۇقتا ئورالغان كونا قەبرى بۇنىڭغا مىسال.

قىيا تاشلارغا يېڭى چىققان ئاينىڭ، يېڭى كۆتۈرۈلگەن كۈننىڭ تامغىسىنى چېكىپ، دەسلەپكى يىلنامە ئەنئەنىسىنى باشلىدى.

مۇشۇ ئادەت قەبىلىلەر ئىتتىپاقلىرى دەۋرىدە «كۈن تۇغمىش»، «ئاي تۇغمىش»، «كۈن تېگىن»، «ئاي تېگىن» سەلتەنەت نامىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا، جۈملىدىن «كۈنچى»، «كۈنەس» تويىنومىلىك ئىسىملارنىڭ شەكىللىنىشىگە يول ئېچىپ بەردى.

كۆك (سۇمۇلە) مەشرىپى — ئەڭ قەدىمكى ئېتنىك مەدەنىيەت چەشمىلىرىنىڭ بىرى. سۈپىتىدە ئىپتىدائىي تېرىقچىلىق ئالامەتلىرى، يېڭى تاش قورال دەۋرىنىڭ مۇناسىپ يەسلىلىرىنىڭ بىرىدە ئاتا - بوۋىلىرىمىز ھاياتىغا يېڭى ھۆسۈن قوشتى. بۇ تېخى زارا ئاستىرىزىم دىنى شەكىللىنىپ ئۈلگۈرمىگەن، ئىسكەندەر قوشۇنلىرى شەرقىي ئىران ۋە ماۋرەننەھرگىچە قەدەم قويمىغان، ھېرودوتۇس، سترابون، كورتىسى رۇف، ئوررىئان، پولىتارىخ قاتارلىق تارىخچىلار ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئارىسىدىمۇ خۇددى گرېتسىيەدىكى «دىئونۇس بايرىمى» دەك مەشرەپ (Mayxirəb) بايراملىرىنىڭ بارلىقى ھەققىدە تېخى قەلەم تەۋرەتمىگەن چاغلار ئىدى. «دىۋان لۇغەتت تۈرك» شۇ خىل خەلق بەزمە قوشاقلىرىدىن نەمۇنىلەر كۆرسەتكەندە بۇ بىر قوشاقنى خاتىرىلىگەنىدى.

«ئۆۋرىق باشى قازلايۇر،
ساغراق تولۇ كۆزلەيۇ.
ساقىنچ قوزى كەزلەيۇ
تۈن - كۈن بىلە سەۋنەلىم».

بۇ قوشاقتىكى «مەي ئۆۋرىقلىرى غازدەك تىكلەندى، قەدەھلەر كۆزى مەيىگە تولدى» دېگەن سۆزدىن كېيىنكى جۈملىدىكى «قوزى» ئىبارىسى ئەگەر «قوزى يازغى يۇلتۇز باسا ئۈود كىلۇر» (قوزى باھار يۇلتۇزى، ئارقىسىدىن كالا كېلىدۇ) دېگەنىدىكىدەك باھار باشلانغان ئاينى ئىپادىلىسە، ئۇ چاغدا بۇ قوشاقنىڭ ھەقىقىي يەشمىسى مۇنداق بولىدۇ.

(ئۆۋرىق بېشى غازدەك تىكلەندى،
قەدەھدە مەي بېلىق كۆزى بولدى،
كەلدى ئارقىدىن قوزى كۆرۈنۈپ،
كەل يار كۈن - تۈن ئويناپلى ئەمدى.)

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ، بۇ نورۇز قوشاقلىرىدىن بىر نەمۇنە بولغان.

## 2. نورۇز بايرىمى ۋە زارا ئاستىرىزىم ئېتىقادى

ھەممىگە ئايانكى، ئوتتۇرا — مەركىزىي ئاسىيا قەدىمكى قەبىلىلىرى ئۆز تارىخىدا كۆچۈش ۋە يۆتكىلىش ھادىسىسى، قوشۇلۇش، بۆلۈنۈش ۋە قايتا تەشكىللىنىش ھادىسىسى، دىن ۋە ئېتىقاد شەكىللىرىنى ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش ھادىسىسىنى شۇنداق تەكرار، شۇنداق تىپىك گەۋدىلەندۈردىكى، ئۇنى ئېتنولوگىيىدىكى گولىپېستىرىم ئېقىمى قانۇنىيىتى دېيىش مۇمكىن! شەرققە يۈرۈش قىلغان دارا ۋە ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنىنىڭ ئۈزۈل - كېسىل ھالاكىتىنىڭ پۈتۈنلەي ئەكسىچە، سومىرلار، ئارىيانلار، سىكىتاي - ماساگېتلار، ھون ۋە ئاۋارلار، سالجۇق ۋە موڭغۇللار، ئەڭ ئاخىرى تۆمۈرلەڭ ۋە بابۇر چەۋەندازلىرى قارا دېڭىز ساھىلى، مىسىر دىيارى، رىم ئىمپېرىيىسى، مېسوپوتامىيە ۋادىسى، ئىلام ئېگىزلىكى ۋە ھىند دەريا ۋادىلىرىغا مەڭگۈلۈك ئېتنىك ھۆججەيرە ۋە مەدەنىيەت ئۇرۇقلىرى چېچىپ كېتىشكەنلىكىنى ھېچكىم ئىنكار قىلالىغان ئەمەس.

مىلادىدىن ئىلگىرىكى ئۈچ مىڭىنچى يىللار بېشىدا تىگىر - ئېۋفرات ۋادىسىدا تۇنجى «شەھەر قەلئە» مەملىكىتى قۇرغان سومىرلىقلار قەدىمكى مېسوپوتامىيە ئەپسانىلىرىدا تۇپان بالاسىدىن كېيىن پەيدا بولغان خانلىق دەپ تىلغا ئېلىنىپ كەلدى. رىئو - سودرا (ئوتتىنا پەچچىم) نامىدا ئاتالغان سومىر قەھرىمانىنىڭ ئىسمىمۇ ئارىيان تەلەپپۇزلىرىغا ئوخشايتتى. بۇندىن تۆت مىڭ ئالتە يۈز يىل ئىلگىرىكى مۆلچەرلىنىگەن سومىر قەبرىلىرىدىن چىققان تۆت چاسا تاغار شەكىللىك قوپال يۈڭ توقۇلما كىيىم بىلەن ئالتۇن، كۈمۈش، مىس ۋە قوغۇشۇن مېتاللار تارىخچىلار ئارىسىدا سومىرلىقلار بۇ كان قېزىلمىسى بولمىغان ھەم ھاۋاسى ئىسسىق دىيارغا ئوتتۇرا — مەركىزىي ئاسىيادىن كۆچۈپ كەلگەن دېگەن قاراشقا ئاساس سېلىپ قويىدى.

شىمالىي ئوتتۇرا ئاسىيا ئارىيانلىرىنىڭ ھىندىستان ۋە ئىلام ئېگىزلىكىگە قىسمەن كۆچۈشلىرى ھىندىستان ۋە ئىران ئاھالىسى تارىخىدا يېڭى ئېتنىك قاتلام تەشكىل قىلدى. مىلادىدىن ئىلگىرىكى مىڭىنچى ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا سىكىتاي (سىكىف) چەۋەندازلىرى قارا دېڭىز ۋە كىچىك ئاسىيا زېمىنىنى ئەگىپ غەربىي ئاسىيا زېمىنىدا پەيدا بولغانىدى. ئاسسۇرىيە پادىشاھى ئاسارخادون گەرچە قىزىل دېڭىزدا تولۇم كېمىلىرى بىلەن دەبدەبە قىلىپ يۈرگەن بولسىمۇ، سىكىتاي چەۋەندازلىرى سەركەردىسى پارتا تۇۋاگە ئۆز قىزىنى بېرىشكە مەجبۇر بولغانىدى. ئىلام ئېگىزلىكىدە «شاھنامە» دە تەسۋىرلەنگەن ئەپراسىياب (ئەلپ ئەرتۇڭا) بىلەن ئۇنىڭ ۋارىسلىرى پەيدا بولۇپ قالدى. زارا ئاستىرىزىم ئېتىقادى مانا مۇشۇنىڭدىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيادا يۈز بېرىۋاتقان كەڭ كۆلەملىك تىرىكچىلىق ۋە ئولتۇراقلىشىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھادىسىسىنىڭ ئىدېئولوگىيىلىك ئىپادىسى ۋە ھاممىسى سۈيىتىدە مەيدانغا چىققى.

ئۆز سەھىپىلىرىدە ئەجدىھانى ئۆلتۈرگەن كىرشاسىپ بىلەن ئەپراسىياب سۆزلەنگەن⑩ زارا ئاستىرىزىم ئىلاھىيەت كىتابى «ئاۋىستا» نىڭ «ياشتا» قىسمىدا، يەنە «تورا» ئىبارىسى ئاستىدا بارلىق سىكتاي (ساك، ماسساگىت) قەبىلىلىرىنى ئاتاپ كۆرسەتكەن⑪، ساكلارنى بەزى تارىخچىلار پەرەز بىلەنلا ئېيتقانىدەك قانداقتۇر ئىرانى خەلق دېمەي ئەمەس، بەلكى تۇران دىيارىدا ياشىغۇچى جەڭگىۋار تۇرلار⑫ دەپ تىلغا ئالغان.

زارا ئاستىرىزىم دىنى ئوتتۇرا ئاسىيا ئاھالىلىرىنىڭ قەدىمكى قۇياش ۋە ئاتەش ئېتىقادىنى تەبىئەت ئىلاھچىلىقى ۋە ئانىمىزملىق (رەببۇننەۋئى) شەكلىدىن ئابستراكتلاشقان دىنىي ئىلاھىيەتچىلىك باسقۇچىغا كۆتەرگەندە، يېڭى يىل نورۇز كالىندارى ۋە نورۇز بايرىمى پائالىيەتلىرىگە يېڭى تۈس ۋە مەزمۇنلار بېغىشلىدى.

ئەبۇلقاسىم فىردەۋسى «شاھنامە» دە گەرچە جەمشىت زامانىدا نورۇز بايرىمى رەسمىي جاكارلانغانلىقىنى تەسۋىرلەپ:

«جاھانغا نۇر- زىيا ساچار پادىشاھ،
بۇ نەۋرۇز كۈنى بولدى تەخت ئۈزرەجا.
يىغىلدى ئۇلۇغلار، ھەممىسى شاد- خۇش،
مەي، ئۇسۇل، چالغۇ تاپتى كۆپ خۇرۇش»

دەپ تىلغا ئالسىمۇ، ئەپسانىۋى پىشدادىيلار پادىشاھلىقى دەۋرىدە تېخى زارا ئاستىرىزىم دىنى شەكىللەنمىگەنىدى. بۇ ئۇلۇغ ئىران پودىيزىيە ئەزىمىتى جەمشىت ۋە نورۇز تەسۋىرىنى خەلق رىۋايەتلىرىدىن ئالغان. غەيرىي يازما رىۋايەتتە قۇرغاقچىلىققا دۇچ كەلگەن پادىشاھ جەمشىت قانال قازدۇرۇپ، سۇغا مەدھىيە ئوقۇلغان تەنتەنىلەر ئۇيۇشتۇرغان، دېيىلگەن.

فىردەۋسى رىۋايەتلەرنىڭ بىر خىل بولماسلىقى ئالدىدا ئىككىلەنگەن ۋە ساسانىيلارغا مەنسۇپ «بەھرەم گور» بىلەن «خۇسراۋ پەلەۋىز ۋە شىرىن» داستانلىرىدا نورۇز ھەققىدە مۇنداق توختالغان:

«ئول مۇشكبۇي پەردىسىن يايغاندا ئالەم،
ئەنبەرگە بېكىنتتى يۈزىن قۇياش ھەم.

---

⑩ «ئۆزبېكىستان س س ر تارىخى»، 1956 - يىل تاشكەنت نەشرى، 1 - توم، 96 - بەتكە قارالسۇن.

⑪ ئا. دوروشېنكو: «ئىراندا ئاتەشپەرەسلىك»، 11 - بەتكە قارالسۇن.

⑫ «شەرق يۇلتۇزى»، 1983 - يىل، 9 - سان، 149 - بەت، تاشكەنت يىلنامىسىگە قارالسۇن.

يەنە شىتاب ئەيلەپ بۇ چەرخى گەردون،
پاراغەت ئۈيقەدىن ئويغاندى ئەمنۇن»

«نەۋرۇزدا ساالدىلەر ئۇ شۇل جامەنى،
شادلىقتىن ئايرىتىپ ئول بەدكامەنى،
ئول جامە ئۈستىدە مەجلىس قۇردىلەر،
مەي ئىچىپ، كۆي تىڭلاپ ساپاسۇردىلەر»

ئەسلى ئىران ئەپسانىلىرىدا ساسانى پادىشاھلىرىدىن پىروز زامانىدا قۇرغاقچىلىق ھەددىدىن زىيادە بولغانلىقى ئۈچۈن، پىروز پادىشاھ ئادارخورا تىنغىچە چىقىپ باش تەڭرى ئاخرۇمازدادىن يامغۇر — يېغىنى تىلىگەن. نەتىجىدە يامغۇر ياققان. پىروز بۇنىڭغا «قام - پىروز» ناملىق ئىبادەتخانا سالدۇرغان. بۇ «پىروز ئۈممىدى» دېيىلگەنىدى، دېيىلىدۇ. ۋەھالەنكى، «قام» قامان — شامان ئېتىقادىدىكى ئىبارىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. «شەرھى ئاسامىل مۇسلىمىن» دا ئېيتىلىشىچە، شامان باقشى — پەيغەمبەرلىرى ئىچىدە «ئامان»، «ئۈممىد»، «جىسام»، «ئەركىل»، «دېۋىل»، «تابغىر»، «ياۋقە» قاتارلىقلار بولغان.

زارا ئاستىرىزىم دىنىي ئىجادچىسى ئوتتۇرا ئاسىيا قۇياش ئېتىقادىغا ئاساسلىنىپ، شۇنىڭدەك ئوتتۇرا ئاسىيا تۇرانى خەلقلەر تۇرمۇش ئادەتلىرىگە تايىنىپ ئۆز قاراشلىرىنى تەشكىللىدى. ئۇ «ئاۋستا» دا تۇران ئاھالىسىنىڭ ئەر باش تەڭرىنى قۇياش، ئايال باش تەڭرىنى يەر - سۇ دەيدىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈزدى. بۇ ئۈنىڭغا زاماندا ش تارىخچى ستىرابوننىڭ: ماساگىتلار قۇياشنى تەڭرى بىلىپ، ئات قۇربانلىق قىلىدۇ دېگەن قاراشلىرىغا ئوخشايتتى. ئوتتۇرا تۇران زونىلىرىدىكى قوش ئۆركەشلىك تۆگە ۋە ئىراندا چەكلىنىدىغان ئات قىمىزى، كالا گۆشى يېيىش ھەققىدە راۋان سۆزلىگەنىدى. بىراق ئەھمانىلار — ئىران ئىمپېراتورلىرى زارا ئاستىرىزىم قۇياش كالېندارىنى قوبۇل قىلمىدى، يەنىلا ئوتتۇرا ئاسىيا ئاتەشپەرەسلىكىنىڭ مۇھىم ئىستىقامەتگاھى بولۇپ قالدى. ئېھتىمال، ئۇيغۇر مەدەنىيەت چەمبىرىكىگە ئويۇشقان قەبىلىلەر ۋە خەلقلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى يېڭى يىل بايراملىرىنى شۇندىن كېيىن «نورۇز» نامىدا قايتا ئاتىغان بولۇشى مۇمكىن.

ئەڭ كونا زارا ئاستىرىزىم قۇياش كالېندارى بويىچە نورۇز كۈنى كېچە-كۈندۈز تەڭشەلگەن كۈن (ھازىرقى كالېندار بويىچە بىر قەرىنىدىكى چوڭ - كىچىك يىللارنىڭ 9 - 21 - مارت ئارىسىدىكى كۈنلىرىدىن بىرى قىلىنىپ بېكىتىلدى. بىر يىل 365 كۈن دەپ قارالغان ئەنئەنە بويىچە، كونا يىلغا 360 كۈن توشۇپ، يېڭى يىلغا 5 كۈن قالغاندا نورۇز پائالىيىتى باشلىنىدىغان، بۇ چاغدا بارلىق

ئاتەشپەرەسلەر بىرقانچە قاچىغا بۇغداي، ئارپا ۋە ماش تېرىپ، ئىسسىق جايدا ئۆستۈرۈشەتتى، ئۆيىنىڭ تۆت بۇلۇڭىغا تۆت جايغا ئوت قالاپ، «ئاۋستا» دىكى قىرائەت سۈرىلىرى ئوقۇلاتتى، ئۆيگە قوياش نۇرىغا قارىتىپ ئەيىنەك تىكلەپ قويۇلاتتى، بەش كۈن تولۇپ، يېڭى باھار كۈنى — نورۇز كۈنى كىرگەندە ھېلىقى ئەينەككە چۈشكەن نۇر ئارقىلىق كۆرۈپ، روھلىنىپ، چاچقۇلار چېچىشىپ بىر - بىرىنى تەبرىكلىشەتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ نورۇز بايرىمى — ئاخرۇمازدا (ئورمۇز) تۇغۇلغان كۈن بايرىمى ئۆيدىن سىرتقا كېڭىيىپ 12 كۈن داۋام قىلاتتى. 13 - كۈنى ھەممە كىشى بۇ كۈننى ئەنخىرا مەينۇ (ئەخرىمەن) دېۋە كېلىدىغان بەختسىز قارا كۈن ھېسابلاپ، قايتىدىن ئۆيلىرىگە كىرىشىۋالاتتى.

«ئاۋستا» كىتابىدا بېرىلىدىكى 12 ئاي ناملىرى ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى كالېندارىدىكى كونكرېت ھايۋان ۋە بۇيۇم ناملىرىدىن ئاخرۇمازدا سۈپەتلىرىنى تەسۋىرلەيدىغان ئابستراكت — روھانى ناملار بىلەن ئالماشتۇرۇلغان. بۇ ئىلگىرى - كېيىنلىك مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلىگۈچى يەنە بىر دەلىلدۇر. مەلۇمكى، ئابستراكت - دىنىي ئىلاھىيەتچىل ناملار كېيىنكى تەسەۋۋۇر يالدامىلىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس! سېلىشتۇرما مۇنداق:

| ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى كالېندارىدا: | ئاۋستا كالېندارىدا: |
|---|---|
| 1 - قوزى | فەرۋەسى پاكى پەرۋەردىن (ئالەم روھى) |
| 2 - ئۇي (كالا) | ئەشەۋەخىشتا (ئارتا يۇلتۇز نۇرى) |
| 3 - ئەرەندىز (قوشماقلار) | خەرۋەتەت (سالامەتلىك ئىلاھى) |
| 4 - قوچىق (قىسقۇچ پاقا) | تىشتىرىيە (بۆرە يۇلتۇزى) |
| 5 - ئارسلان | ئامېرېتات (ئۆلمەس روھ) |
| 6 - بۇغداي بېشى | مىترا (توختام، نۇر ۋە ئاسمان ئىلاھى) |
| 7 - تارازا (ئۆلگۈ) | ئابو (سۇ ئىلاھى) |
| 8 - چايان | ئادار (ئوت) |
| 9 - يا | داتۇش (ياراتماقلىق. ئاخرۇمازدا بەلگىسى) |
| 10 - ئوغلاق | |
| 11 - سۇغا (كۆنەك) | ۋاخۇماناخ (ياخشى پىكىر) |
| 12 - بېلىق | سپېنتا ئارماتى (مۇلايىم، ئەدەپلىك) |

شۇنى ئىزاھلاش كېرەككى، بۇ سېلىشتۇرما پەقەت ئاي ناملىرى سېلىشتۇرمىسى بولۇپ، ۋاقىت تەقسىماتلىقى سېلىشتۇرمىسى ئەمەس. «جۇ نامە. غەربىي دىيار تەزكىرىسى» 50 - جىلدى بىلەن «كونا تاڭ نامە» 198 - جىلدىدا: پېرسىيىدە (ئىراندا) 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى يېڭى يىل باشلىنىدۇ، دېيىلگەن. ئەمەلىيەتتىمۇ 1 - ئاي (قوزى)، 6 - ئايغا توغرا كېلىپ قالغان. مېنىڭچە، بىز كۆپ ھاللاردا نورۇز بايرىمى بىلەن ئىسسىق ۋە قۇرغاق ئىراندا 6 - ئايدا ئېلىپ بېرىلىدىغان

سۇ تەلەپ قىلىش بايرىمى «ئەبرى زاغان» (ئەفرىندىغان، دەپمۇ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ) نى ئارىلاشتۇرۇپ قويساق كېرەك.

ئۇيغۇرلاردا: «مەنتارىق ئاتلىق قوزى چېچەك» (مەنتارىق ئاتلىق باش باھار گۈلى. «ئالتۇن يارۇغ» دا)، «قوزى يازغى يۇلتۇز باشى ئود كېلۇر» (باھار يۇلتۇزىنىڭ بېشى قوزى، ئەينىدىن كېلىدىغىنى كالا. «قۇتادغۇ بىلىك» دە) دېگەن سۆز بىلەن بىللە يەنە قوزى سۆزىنى «سۆيۈملۈك» مەنىسىدە ئىشلىتىش ئومۇملاشقان. ئارغۇلار يەنە قوي، قوزىنى «قۇن» دەپ، قوي ئاران ئۆتىدىغان تارچىلارنى «قۇنچىرا» دەپ ئاتىشاتتى.

ئىسلامىيەتنىڭ سامانىلار پادىشاھلىقىنى ھالاك قىلىشىغا ئەگىشىپ زارا ئاستىرىزىم ئالامەتلىرىگە بەھرىم بېرىلدى. خەلىپە مۇتەۋەككىلى (847 — 861) دەۋرىدىن باشلاپ بۇ خىل «كۇففار» كالېندار رىجىمىگە قارشى يېڭى كالېندار تەقۋىملىرى بەلگىلەش پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىلدى. مۇساخارازمى، ئەبۇ رەيھان بىرۇنى، ئۆمەر ھەييام ۋە ئۇلۇغبېگ قاتارلىق ئالىملار ئوخشىمىغان دەۋرلەردە كالېندار بەلگىلەش پائالىيەتلىرىگە قاتناشتى. بۇ جەھەتتە كۆرۈنەرلىك ئەسەر ئۆمەر ھەييام (1048 — 1131) نىڭ «نەۋرۇزنامە» سىدىن ئىبارەت. ئۆمەر ھەييام 33 يىلدا بىر قېتىم پۈتكۈل يىللار تەكرارلىنىپ ئۆز ئىزىغا چۈشىدىغانلىقىنى ھېسابلاپ، 33 يىلنى بىر ئايلانما قەرنە قىلىپ بېكىتتى. ئۇنىڭچە، 33 يىل ئىچىدە 25 يىل 365 كۈندىن، 8 يىل 366 كۈندىن بولۇپ، ئۇلار 8، 12، 16، 28، 33 - يىللار ئىدى. ئۆمەر ھەييام قەمەرىيە ھېسابى بويىچە 22 - مارتنى يېڭى يىل باشلانغان يىل ھېسابلىدى. بۇ زىيچە گەرچە 1079 - يىلى ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن ھەم يېڭى يىل بېشى «نەۋرۇز» ئاتالغان بولسىمۇ زارا تۇستىرا مۇخلىسلىرى داۋاملاشتۇرغان ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا يېڭى يىل بايرىمى خاتىرە پائالىيەتلىرى مەزمۇنەن تەقىپ قىلىنغانىدى. كېيىنچە ئۇلۇغبېگ (1394 — 1405)، «زىيچە جەدىد كورگانى» ناملىق يېڭى كالېندار تۈزۈپ، ھەممە يىلنى ئوخشاشلا 365 كۈن 6 سائەت 10 مىنۇت 8 سېكۇنتقا ئاجراتقان بولسىمۇ، ئۇ نورۇز بايرىمى ئىشلىرىنى ئۆز تەتقىقاتىنىڭ مۇئەييەن قاراتمىسى قىلمىغانىدى. ئۇلۇغبېگ زىيچەلىرىنى گىرىگورىيان تولۇقلىدى.

### 3. نورۇز بايرىمى — ئۇيغۇر ئېتنىك مەدەنىيىتىنىڭ تەۋەرۈك تەركىبى

ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭ بىۋاسىتە ئېتنىك گەۋدىسىنى تەشكىل قىلغان غەربىي دىيار ئاھالىسى مەدەنىيەت تارىخىدا نورۇز ئىككى ئاساسىي باسقۇچنى — ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ۋە ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى تارىخىي دەۋرلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ كەلدى.

www.uyghurkitap.com

ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى بۇددا ۋە مانىزىم ئېتىقادى دەۋرلىرىدە ئۇيغۇر قەبىلىلىرى يەنىلا قۇياش ئېتىقادى ۋە ئاتەشكە سېغىنىش ئالامەتلىرىنى ئەينى زامان دىنىي ئېتىقادى ۋە تۇرمۇش فولكلور قاتلىمىغا سىڭدۈرۈپ كەلدى. ئۇلار زارا ئاستىرا دىنىنى «زىرۇچ»، مېترا، مىرا ئىلاھلىرىنى «تەڭرى ئوغلى ئېر سەزىمىرون»، ئاخىرۇمازدا ئىلاھىنى «ئۇرمۇز بۇرخان»[13] دەپ ئاتاشتى. مولىېر ئېلان قىلغان تۇرپاندىن تېپىلغان ئۇيغۇرچە بۇددا تېكىستلىرىدە: «بىزنىڭكى تاپىنغۇ يۈكۈنگۈ ئېردىنى»، «بۈگۈن كۈنگە تېگى موغۇقلار ئوتقا تاپىنىساق تىلتاغى بۇ ئېرۈز» («بىزگە تېۋىنىش، يۈكۈنۈش ئادەت»، «بۈگۈن كۈن سىماسى بولغان ئوتقا چوقۇنماق خاھىشى مۇنداقتۇر») دېگەن جۈملىلەر ئۇچرىسا، لېكوك تۇرپاندىن تاپقان ئۇيغۇرچە مانى دۇئاسىدا: «يورۇقلۇق بىلەن تۆت تادو قوشۇلۇپ ئالەم تەڭرىسى ئۇرمۇزدىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلغان» دېگەن سۆزلەر يېزىلغان.

بىز شىمالىي - جەنۇبىي سۇلالىلار دەۋرىدە، كېيىنچە سۇي - تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە غەربىي دىيار باھار — نورۇز پائالىيەتلىرىنىڭ چاڭئەن، لوياڭ، لياڭجۇلاردا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرغانلىقىنى كۆرىمىز. شىمالىي جى سۇلالىسىنىڭ مەشھۇر تۇركانى، ئوتتۇرا - مەركىزىي ئاسىيا مەدەنىيەت ۋە سەنئىتىنى ئوتتۇرا دىيارغا تونۇشتۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەن ئاتاقلىق خانىش ئاسىنە تەسىرىدە كۆسەنلىك سۇجىپ ۋە ئىسۇنىڭ 52 تېمپېراتسىيىلىك مۇزىكىشۇناسلىق نەزەرىيىسى بىلەن بىر ۋاقىتتا نورۇز پائالىيىتىمۇ چاڭئەنگە كىرگەن. ئۇ يۈەنداشياڭنىڭ تۇنجى يىلى (579) 11 - ئايدا ئاسىنە رىياسەتچىلىكىدە چاڭئەندە 5 - قېتىملىق نورۇز — سۇمۇز پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، پادىشاھ ئەمەلدارلىرى بىلەن بۇ پائالىيەتكە قاتناشقان. نورۇز — سۇمۇز پائالىيىتى تاكى كېيىن يىللىرىدىن كېيىن ئۆلۈك (روشەن بۇخارى) — سۆيگۈن توپىلىڭى مۇناسىۋىتى بىلەن چاڭئەن - لوياڭلاردا داۋاملىشىشتىن توختىغان. شۇنداق بولسىمۇ نورۇز پائالىيىتىنىڭ چاڭئەندە ئىككى يېرىم ئەسىر ئىناۋەتلىك تەسىر كۆرسەتكەنلىكى تارىخىي رېئاللىق. خې چاۋنىڭ «مەيخانىدىكى خۇ قىزىغا ئاتاپ» دېگەن نەزمىسىگە قارىغاندا شۇ چاغدا چاڭئەندە نورۇز ناملىق مەيخانىلار بولغانلىقى مەلۇم. نەزىم مۇنداق باشلانغان:

«باش باھار مەيخانىسىدا ئولتۇرۇر ئۇيغۇر قىزى،
قولىدا پەيتارى چالغۇ، تون ئارا جاڭ - جاڭ چېكىپ.
سۇس قىراۋ بولسىمۇ ئاستى، ئۈستىدە بولغۇن جوگا،
قىپقىزىل شىرداق تۆپىدە ئاي تۇرار شولا چېچىپ»

---

[13] «ئالتۇن يارۇق» قا قارالسۇن.

لى بەي «باھار كېچىسى لوياڭدا نەي ئاڭلاش» دېگەن شېئىرىدا غەربىي دىيارلىق مۇساپىرلارنىڭ مەشھۇر يۇرت سېغىنىش كۈيى بولغان «سۇنغان تاللار» كۈيىگە نەي چالغىنىدا لوياڭدا تۇرۇپ قالغان باشقا يۇرتلۇقلارنىڭمۇ بۇ ئايەم كېچىسى ئۆز يۇرتىنى سېغىنىدىغانلىقىنى مۇنداق يازغانىدى:

«قايسى ئۈيكىن قاش تېشى نەينىڭ ساداسى مۇڭلىنغان،
تولدى لوياڭ شەھىرىمۇ زوقۇ ھاۋاغا شۇ ھامان.
نەغمىدىن سۇنغان سۆگەتتال كۈيىنى ئاڭلاپ كېچە،
يوق كىشى يۇرتىنىڭ سېغىنچى قەلبىنى تولدۇرمىغان».

غەربىي دىيارنىڭ كۈسەن، ئىدىقۇت، قاراشەھەر، قەشقەر قاتارلىق جايلىرىدا كەڭ ئوينىلىدىغان نوروز مەشرەپ ئويۇنلىرىدىن بىرى «سۇمۇز» بەزمىسى بولغان. «سۇمۇز» مەشرىپى ھەققىدە قەشقەرلىق مەشھۇر بۇددا ئالىمى خۇيلان (737 — 820) «نوم سۆزلۈكلىرىنىڭ شەرھى»، دۇەن چېڭشى «يۇيياڭدا يېزىلغان خاتىرىلەر»، «كونا تاڭنامە، غەربىي رۇڭلار تەزكىرىسى»، «يېڭى تاڭنامە. غەربىي دىيار تەزكىرىسى»، «جۇ نامە. پادىشاھ شۇەندى خاتىرىلىرى»، «تاڭ تارىخىنىڭ مۇھىم بايانلىرى. 34 - جىلد نەغمە بۆلۈم»، «قامۇسنامە»، «كىتاب مەھكىمىسىنىڭ ئەسلى پۈتۈكلىرى»، «ھۆججەتلەر ئۈستىدە ئومۇمىي مۇھاكىمە»، ۋاڭ مىڭچاڭ يازغان «دەبدەبە نامە»، «بۈيۈك ياپون تارىخى. ئەدەب نەغمىلىرى» قاتارلىق ئەسەرلەردە كەڭ تەلقىن قىلىنغان. يۇقىرىقى كىتابلاردا شىمالىي - جەنۇبىي سۇلالىلار ۋاقتىدا ئىپكىرىلگەن بۇ ئويۇننىڭ ۋۇزېتيەن زامانىدىن باشلاپ خانلىق ئىشتىراك قىلىپ كۆرىدىغان ھالەتتە قانۇنلاشتۇرۇلۇپ كەڭ ئومۇملاشقانلىقى ئىزاھلانغان. يۇقىرىقى كىتابلار بىردەك بۇ ئويۇننىڭ قىش ئاخىرلىشىپ باھار كىرىش ۋاقتىدا ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىنى، ۋۇزېتيەننىڭ شىڭلۇڭ 2 - يىلى (705) 3 .. ئايدا بۇ ئويۇن 7 كۈن داۋام قىلغانلىقى، جىڭيۈننىڭ 2 - يىلى (711) يىل ئاخىرىدا تاڭ شۇەنزۇڭنىڭ كەيۈەن 7 - يىلى (719) 3 - ئاينىڭ 9 - كۈنى بۇ ئويۇننىڭ ئوينالغانلىقى، سۇمۇز ئويۇنى بەزىدە «سارت مۇز»، «سامۇز» نامىدا چاڭئەننىڭ لىچۇەن مەھەللىسىدە، لوياڭنىڭ جەنۇبىي دەرۋازىسىدا ئوينالغانلىقى خاتىرىلەنگەن.

ئالاھىدە ئېتىنىڭ تۇس ئالغان نوروز بەزمىسى «سۇمۇز»، «سوغۇقتا سۇ چېچىپ مۇزلىتىدىغان غوز ئويۇنى» (泼寒胡戏) بولۇپ، ئۇ قۇرغاق زېمىندىكى سۇغا بولغان تەشنالىقنى ئىزھار قىلىپ، سۇ تەلەپ قىلىدىغان مەزمۇنلار بىلەن تولغانىدى. بۇ ھەقتىكى خاتىرىلەر بىلەن خەلق ئارىسىدا ساقلانغان:

«يىل بېشى نورۇز كۈنى،
ئالەم گۈلىستان بولغۇسى.
ئاسماندىن يەر يۈزىگە،
ئابى رەھمەت ياققۇسى».

دېگەن بېيىت مەزمۇنلىرى ئوخشاش بولغان. تارىخىي مەنبەلەردە بۇ ئويۇن «كۆك كۆز، قىزغۇش ساقال غەربى دىيارلىق ئوغۇزلار تەرىپىدىن ئوينالمىدۇ»، «باشلىرىغا ئۈنچە ـ ياقۇت تاج كىيىپ ناخشا ـ ئۇسسۇل ئوينايدۇ»، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى گۈل ـ يوپۇرماقدالغان غوز تۇلپارلىرىغا مىنىشىپ مەيدانغا كىرسە، بىر قىسمى يېرىم يالىڭاچ، پىيادە مېڭىپ، قوللىرىغا سۇ تولدۇرۇلغان تۇلۇم تۇلۇپ مەيدانغا كىرىشىدۇ، «دەرھال قاينام ـ چۇقانلىق»، «داقا ـ دۇمباقلىق ئۇسسۇل» مەنزىرىسى شەكىللىنىدۇ، «سۇ چېچىشىپ كۆڭۈل ئېچىشىدۇ»، ناخشا تېكىستلىرى تىيەنباۋنىڭ 13 ـ يىلى (754) «تەشەككۈر شاھىمىزنىڭ شەپقىتىگە» دەپ ئۆزگەرتىلگەن، دەپ ئىزاھلانغان.

«سۇمۇز» گەرچە تولۇمغا سۇ ئېلىپ چېچىپ مۇز ھاسىل قىلىدىغان ئويۇن بولسىمۇ، ئۇ «كۆك مەشرىپى» ئىدى، «كۆك مەشرىپى» دەسلەپ «سۇما»⑭ ـ ئۈندۈرمە نامىدا ئاتالغان. سۇما مەشرىپىدە تەييارلىنىدىغان نورۇز تامىقى «سۇمۇلەگ» دېيىلەتتى.

نورۇز مۇناسىۋىتى بىلەن خان ئوردىسىدىمۇ بەزمىلەر ئۆتكۈزۈلگەن. جاڭخو ئۆزىنىڭ «بورناچ ئۇسسۇلى» ناملىق شېئىرىدا نەۋباھار مۇناسىۋىتى بىلەن شىڭچىڭ گۇڭ قەسرىدە ئۆتكۈزۈلگەن بەزمىدىكى ساقى (بورناچ) ئۇسسۇلى توغرىسىدا مۇنداق يازغانىدى:

«نەۋباھار جەنۇبىي باغدا گۈل يۈزىن ئاچقانىدا،
لياڭجۇ بەزمىگە ئۇسسۇل ئەۋجىگە چىقتى يانا.
قولىدا ئالتۇن قەدەھ ئۇسسۇل تۈگەركى چاغىدا،
ئالدى شاھىم بىر كۈلۈپ تۇتقان قەدەھنى قولىغا.»

نورۇز بايرىمىدا ساقادى ئويناش ئەھۋالىمۇ يېزىپ قالدۇرۇلغان. جاڭ زۇ «ئوردا ۋە ئاۋام خاتىرىلىرى»، «كونا تاڭنامە. رۇي زۇڭ خاتىرىسى» دېگەن كىتاب ـ لاردا شەنيۈەننىڭ 2 ـ يىلى (713) 1 ـ ئاينىڭ 15 ـ 16 ـ كۈنلىرى ئەنفۇمىنىڭ دارۋازىسى سىرتىدا 20 جاڭ ئېگىزلىكتە ساقادى ـ پانۇس چىراق چاقچىلىقى ئورنە ـ تىلىپ ئۈچ كۈن بەزمە قىلىنغانلىقى، پادىشاھ رۇي زۇڭنىڭ بۇ ئويۇننى كۆرگىسى كەلگەنلىكى ئۈچۈن شۇ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ 2 ـ كۈنلىرى يەنشەن

⑭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، 3 ـ توم، 323 ـ بەتكە قارالسۇن.

دەرۋازىسى يېنىدا ساقادى ئويناۋاتقانلىقى، پادىشاھنىڭ غەربىي دىيارلىق ئاتەشپەرەست راھىب پوتو بىلەن دەرۋازا راۋىقىدا ئولتۇرۇپ تاماشا قىلغانلىقى يېزىلغان. «جىڭ - چۇ سالنامىلىرى»دا ساقادى — يېڭىرىغۇچ چاق ئويۇنىنى شىمالىي غوز ئويۇنى دەپ ئىزاھلىغان.

سۇڭ سۇلالىسىدىن ئىدىقۇتقا كەلگەن ۋاڭ يەندى «ئىدىقۇتقا ئەلچىلىك خاتىرىسى»دا: «ئاياللار باشلىرىغا سومۇز دېگەن ياغ دوپپا كىيىدۇ؛ كۆمۈش ياكى سېرىق مىس قاچىلارغا سۇ قاچىلاپ قىزغىنلىقتا بىر - بىرىگە سۇ چېچىشىدۇ» دەپ يازغان.⑮

شۇنى ئىسكەرتىپ كېتىش ھاجەتكى، قەدىمكى جەڭگىۋار تۇرلاردىن ماساگېتلار بىلەن ياۋچىلارنىڭ ئېتنىك گەۋدىسىدىن ھاسىل بولغان ۋە جۇڭگو يىلنامىلىرىدا «توققۇز چاۋۇپ ئۇيغۇرلىرى» دەپ ئاتالغان سوغدىلار ئىلگىرى ھون، كۆكتۈرك ۋە ئۇيغۇر خانلىقلىرى تەسىرىدە بولۇپ كەلدى ۋە قاراخانىلار دەۋرىدە ئۇيغۇرلىشىپ كەتتى. سوغدىلار ئارىسىدا نورۇز (Nau - sard) پائالىيىتى خېلى قويۇق ساقلانغانىدى. سوغدىلار ئەمەلىيەتتە بۇخارا - سەمەرقەنتتىن باشقا يەنە تۇرپان - لوپ ئويمانلىقلىرىدا، جەنۇبىي ئوردوستىكى ئالتە سۇ رايونىدا ياشىدى. «تونيۇقۇق مەڭگۇ تېشى»دا: «سوغۇق بۇدۇن قوپ كېلىشى» (سوغدى ئەلى تولۇق كېلىشتى) دېيىلسە، «مويۇنچۇر مەڭگۇ تېشى»دا: «سوغداق تاپقاچقا سېلەنكادا باي بالىق ياپتى بەرتىم» (سوغدى بىلەن تاپقاچقا سېلىنگىدا باي شەھەر بەردىم» دېيىلگەن. «بىلگە قاغان مەڭگۇ تېشى»دا: «سېكىز يىگىرمە ياشىما ئالتى سۇپ سوغداق تاپا سۈلەتىم» (28 يېشىمدا ئالتە سۇدىكى سوغدىلار يېرىگە يۈرۈش قىلدىم) دېيىلگەن. ئەينى يىللاردا سوغدىلار نورۇز پائالىيەتلىرىگە كەڭ قاتناشقان.

يەنە شۇنى دىققەتكە سازاۋەركى، جەنۇبىي جۇڭگودىكى تەيزۇ ۋە بولاڭ، بىلەڭلۇڭ، ئاچاڭ قاتارلىق مىللەتلەرمۇ يېڭى يىل بايرىمىدا سۇ چېچىش پائالىيىتى ئېلىپ بارىدۇ. تەيزۇچە «شاڭگەن» (尚干)، تايلاند، لائوس ۋە كامبودژادا «سوڭگەن» (宋干) دەپ ئاتالغان ۋە ئەسلى ئارىيانچە «چاغان» دەپ ئاتالغان باش باھار بايرىمى ئەسلىدە ئارىيانچە، كېيىنچە سانسكرىتچە «يىقىراش»، «يىل ئۆرۈلۈش»، «پەلەك چەرقى يىقىد - راش» دېگەن مەنىدە بولۇپ، دەل بىزنىڭ ساقادى ئويۇنىمىزدىكى «ساقا» ئىبارىسىنى ئىپادىلەيدىكەن. ئۇلار مىنايا بۇددىزمى ۋاستىسى بىلەن 12 ئۆركەكتىكى بېلىق قوزا ئېيىغا ئۆتكەن ۋاقىتنى يېڭى يىل بېشى دەپ قارىغان. ۋەھالەنكى بۇ ۋاقىت تەيزۇ كالېندارىنىڭ 6 - ئايغا، مىلادىنىڭ 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغا توغرا كېلىدىكەن. تەيزۇ كالېندارى «زوۋېڭگې لى» (祖朋噶历) كالېندارى دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ئۇنى «شى دەن كالېندارى» (西坦历) دەپمۇ ئاتىشىدىكەن. ئۇلار

⑮ تيەن بيەن شاڭشۇن: «شەرقىي تۈركيان مۇزىكا تارىخى»، 116 - بەتتىكى نەقىلدىن ئېلىندى.

www.uyghurkitap.com

بۇ كالېنداردىكى تاڭ سۇلالىسى گاۋزۇڭنىڭ 3 - يىلى — 638 - يىلى 3 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن (يېڭى يىل كۈنى) باشلاپ ئىشلىتىشكە باشلىغان.⑯ بۇ نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟

بۇ قۇرغاق ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا رايونلىرىدىن پەرقلىق بولغان بۇ سۇلۇق دىياردا نورۇز — ساقان ياپرىمىنىڭ يېڭى يىلنى بىلىش بۇرۇنقى قوي بۇرجىغا كىرىشتىن باشلىنىدىغان خەلقلەردىن — ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىدىن قوبۇل قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ تۆت پەسىل روشەن بولغان كالېندارچىلىق قائىدىسى بۇ ئىسسىق پەسىل، يامغۇرلۇق پەسىل، سالقىن پەسىلدىن ئىبارەت ئۈچ پەسىل ھۆكۈم سۈرىدىغان سۇلۇق دىيارغا ئۇدۇللا - ئۇدۇل كەلمىگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ قۇرغاقچىلىققا قارشى ھۆل - يېغىن تىلەش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈدىغان «سۇ مۇز» پائالىيىتى، بۇ سۇلۇق رايوندا ھاۋانىڭ قىزىپ كېتىشى، جىن - ئالۋاستىلارنىڭ باش كۆتۈرۈشىگە قارشى «سۇ چېچىش بايرىمى» شەكلىدە قوبۇل قىلىنغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ بايرام زارا ئاستىرىزىم — بۇددىزم ھىندىيا مەدەنىيەتلىرى ئارىلاشقان زامانلاردا تارقالغاندەك قىلىدۇ. بىز بۇ سۇلۇق دىياردا يېڭى يىلنى قېيىق بەلگىسى بىلەن ئۆتكۈزۈش ئادىتىنى ئويلىغىنىمىزدا بايقال - لىنا دەرياسى ئاغزىدىكى چىڭگىزخان جىلغىسىدا (بۇ نام كېيىنكى نام، ئەلۋەتتە) سىزىلغان قىيا سۈرەتلىرىدىكى قېيىق بەلگىسى كۆرۈنۈشلىرىنى قەدىمكى نورۇز پائالىيەتلىرىنىڭ تەسۋىرى دەپ ئاتاشقا ھەقلىقمىز.

ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئۇيغۇر — توققۇز ئوغۇزلار ئارىسىدا نورۇز ئەنئەنىۋى مىللىي بايرام سۈپىتىدە ئىزچىللىشىۋەردى. ئۇ پەقەت ئاتەشپەرەستلىك دىنىي يېپىنچىلىرىنى چۆرۈۋەتتى، خالاس.

نورۇز پائالىيىتى ئەرەب سەركەردىلىرى قاتتىق باستۇرۇپ كىرگەن بۇخارا - سەمەرقەنت رايونىدا قاتتىق تەقىپ قىلىندى. شۇنداقتىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا غۇز تۈركلىرى بۇ ئەنئەنىنى ئۇزاق زامان داۋاملاشتۇرۇشتى. ئۇلار بەزىدە بۇخارا يېنىدا ئەپراسىياپ دەۋرىدىن قالغان سىياۋۇش قەبرىگە خۇددى «ئوغۇزنامە» دە تەسۋىرلەنگىنىدەك ئاتەشپەرەسلىك خوراز قۇربانلىق قىلىش باھانىسىدا زارا ئاستىرىزىم شەكلىدىكى نورۇز پائالىيىتى ئېلىپ بارسا، بەزىدە يىراق جىلغا ۋە غارلاردا نورۇز مەشرەپلىرى ئېلىپ بېرىشتى. راخمانوۋ «ئۆزبېك تىياتىر تارىخى» ناملىق ئەسىرىنىڭ 63 - بېتىدە كۆرسىتىشىچە، كاقتا قورغاندىكى ئەۋلىيا تىپە غارىدا يوشۇرۇن ئەر - ئايال مەشرەپلىرى

⑯ جاك فۇسەن بىلەن جۇ كۇاڭيۇي يازغان «باشلانغۇچ ئادەم ئەزىزلىرىدىكى جاھان» ناملىق كىتاب، يۈننەن مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 - يىل نەشرى، 155 - 157 - بەتلەرگە؛ خەن زۇلىن: «ئۇز پەسلى ئويۇنى ۋە سۇ چېچىش بايرىمىنىڭ كېلىپ چىقىشى (شائىدا ئەپەندىنى خاتىرىلەش ماقالىلار توپلىمى) 100 - 103 - بەتلەرگە قارالسۇن.

ئۆتكۈزۈلگەن. قاراخانىيلار ھۆكۈمرانلىقىدىن كېيىن قايتاجانلىنىشقا باشلىغان نورۇز پائالـ.
يىتى يېقىنقى يىللارغىچە داۋاملاشقان. ئەرەب ئالىمى ئەل خىسرەۋى XI ئەسىردە
بۇ جايلاردا نورۇز كۈنىدىن ئىلگىرى 12 قاچىدا بۇغداي، ئارپا، ماش، كۆنجۈت
قاتارلىق «كۆك (سۈمەلە)» لەر ئۆستۈرۈلۈپ، نورۇز كۈنى ناخشا ئوقۇپ، مەدھىيىلەر
ئوقۇلىدىغانلىقىنى يازسا، 19 ـ ئەسىر بېشىدا كى. كىرتېر يىسانغان جامائەتنىڭ
قالپاقلىرىغا قىزىل گۈللەر تاقاپ، ئىككى ئۇدۇل ئېگىزلىككە توپلىنىپ، ناغرا ـ سۇناي
بىلەن ئويلاق تارتىپ، مەرگەن ۋە پالۋانلىق كۆرسىتىپ، ساما ئوينايدىغانلىقىنى
يازغانىدى. نورۇز ئالدىدا قالپاقلىرىغا قىزىل گۈللەر تاقاش دېگەنگە كەلگەندە كۆسەنـ
لىك ئاقارى مانىدا ئىشلىگەن «باھار بۇلبۇل ناۋاسى» كۈيىدىكى بېشىغا گۈلدىن تاج
تاقاش يوسۇنى كۆز ئالدىمىزدا نامايەن بولىدۇ. بۇ كۈيگە باغلانغان تېكىستە: «بەك
گۈزەل گۈلنى تاقاپ تۇرغان سىياقى ھەممىدىن» دېيىلگەن.

نورۇز پائالىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا «زارا خەتمە» (زارا ئاسترىزم) شەكلىدىن تاشقىرى، ئوچۇق ـ ئاشكارا «كۆك (سۈمەلە) مەشرىپى» شەكلىدە، «نورۇز بايرىمى» شەكلىدە ئىزچىللىشىپ كەلدى. قىدان شاھزادىلىرىدىن يىلۈيچۇسەي (1190 — 1244) 1222 ـ يىلى غەربىي دىيارغا كەلگەندە نورۇز بايرىمى ئەمدى لەتىپ ئاخىرلاشقانىدى. ئۇ «بىركەتتە نورۇز تامىقى يېيىش» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق يازغانىدى:

«ئەمدى ئۆتكەن نورۇزنى ئۇنتۇپتىمەن ناگىھان،
تېتىپ كۆرمەكچى بولدۇم نورۇز تامىقىن بۇ ئان.
ياغاچ ئاياقتا يېدىم كۆمۈشتەك ئۇگرە چۆپىنى،
قۇم قازاندا باشقىمۇ تائام بار قايناپ تۇرغان.

پىياز بىلەن كۈنجۈتنى تەكشى سۈرتكەن ئاق نانغا،
كۈدە، سامساق كۆكىنى قوشۇپ يېمەك ھەم ئوبدان.
بىر قېتىم تويۇپ يېمەك پادىشاھلىق ھوزۇرى،
ھاجەت ئەمەس ھەمىشە زىيابەت يەپ ئولتۇرغان.»

ئۇيغۇر شائىرى سۇدىنچ ھىيا (گۇەن يۈنشى 1286 — 1324) «ئەجدىھا سىزىش نەزمىسى» ناملىق شېئىرىدا باھار يېتىپ كېلىشى بىلەن قارابالىغاسۇندىكى ھون تەڭرىقۇتىنىڭ ئەجدىھا قەسىردىسىدە باھار كۈتۈۋېلىنىدىغانلىقىنى ئەسلىتىپ مۇنداق يازغانىدى:

www.uyghurkitap.com

«......

ئۇچۇپ كەلدى ئەجدىھا قار مۇزدىن ياساپ دەريا،

لىغىلداپ قالدى كۆللەر مەي تولغان قەدەھ گويا.

مەيىنى ئىچىپ ئەجدىھا كۆن چىقىشقا يۈركىپتى،

باھارغا چۆمدى ئالەم ئەجدەر قەسرىدەك مانا!»

ئۇيغۇر شائىرلىرىدىن مەۋلانا لۇتپى ئۆز داستانىغا «گۇل ۋە نەۋرۇز» دەپ نام بەردى. ئۇ داستان قەھرىمانىنى نەۋرۇز نامىدا ئاتاش بىلەن بىللە، باھار ئەييامىنى قارا قۇلۇلە قېپىدىن چىققان ئاپئاق مەرۋايىتقا ئوخشىتىپ مۇنداق يازدى:

«يېڭى يىلنىڭ بېشىدا روزى نەۋرۇز،

سەدەفتىن چىقتى بىر دۇرى سەب ئەفزۇز.

چىمەنلەر بولدى جەننەتتىن نەمۇدار،

ئاچىلدى گۈل، ساچىلدى مۇشكى تاتار».

ئەلىشىر نەۋائى «نەۋا دىرۇش شەباب» ناملىق غەزەللەر دىۋانىدا «نەۋرۇز» ھەققىدە غەزەل يېزىپ: دەھرىدىن دەرد چەكسەڭ، كۆڭۈلگە غەم تېشىنى توپلىۋالما! شاتلىق شارابىنى زامانىدىن زامانغا ئۇزۇلدۇرمەي كۆتەرگىن! تەبىئەت كۆك بوز ئاتقا مىنگەندە سەنمۇ ياپيېشىل ياشىرىپتۇر! ئالەم ئاتەشتىن قۇياش بىلەن جىلۋىلەنگەندە، سەنمۇ جامالىڭنى، ئالىمدەك قىزارتقىن! چۈنكى ئىنسان ئۈچۈن كۆڭۈل دېگەن نەرسە سەييات قولىغا يېڭىلاتىن ئۆگىتىلگەن ئوۋ قۇشىغا ئوخشايدۇ! دېگەن پىكىرنى ئىپادىلىدى.

## 4 . خاتىمە: نورۇزدىن_نورۇزغا ھول زەپەر قۇچۇپ ...

نورۇز ئۇيغۇر ئېتنىك ھاياتىدا ئۇزاق ئەگرى ـ توقاي يىللارنى باشتىن كەچۈرۈپ، يىپەك يولى خەلقلىرى ئالاقە تارىخىغا، ئېلىمىزنىڭ مەدەنىيەت تارىخىغا كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان. ئۇ گەرچە يىراق ئۆتمۈشتە تەبىئەت ئىلاھچىلىقى ۋە ئاتەشپەرەستلىك پائالىيەتلىرىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى بولغان بولسىمۇ، داۋاملىق راۋاجلىنىش ئاساسىدا پۈتۈنلەي ئەنئەنىۋى مىللىي بايرام خاراكتېرى ۋە تۈسىنى ئالغان .

نورۇز ئۇيغۇر ئېتنىك مەدەنىيىتىدە كۆپ قىرلىق، باب ۋە رەڭگارەڭ فولكلور قاتلىمى ھاسىل قىلغان.

ئۇ بايرام سۈپىتىدە: «زارا خەتمە»، «نورۇز ئايەم»، «سۈمۈلە زاغان»، «نورۇز كالېندارى» (نەۋ سىردىچ)، «نورۇز كۆكى»، «نورۇز تامىقى»، «سۈمۈلەك»، «نورۇز

# مەشھۇر تاتار شائىرى ئابدۇللا توقاي شېئىرلىرىنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا

رەھمەتۇللا جارى

## 1

تالانت ــ كىشىدە كەم ئۇچرايدىغان نادىر خىسلەت. ئۇ ھەر كىشىگە نېسىپ بولىۋەرمەيدۇ. دۇنيادا ئۆتكەن ئۇلۇغ ئالىملار، پەيلاسوپلار، ئەدىب ۋە شائىرلار ئۆزلىرىنىڭ پاراسەتلىكلىكى ۋە ئىستېداتى ئارقىسىدا تىپەككۇر دېڭىزىدىن ئېسىل دۇردانە، گۆھەرلەرنى تېرىپ، جاھان مەدەنىيىتى خەزىنىسىنى بېيىتىپ كەلدى.

---

بولاق»، «نورۇز بوۋاي» قاتارلىق پائالىيەتلەر تۈرۈكىمىنى شەكىللەندۈرگەن.

ئۇ مەشرەپ سۈپىتىدە: «سۇمۇز بەزمىسى»، «نورۇز مەشرىپى»، «كۆك مەشرىپى»، «نورۇز بايات»، «نورۇز بۇزرۇك»، «نورۇز ناۋا»، «نورۇز ھۆسەينى»، «نورۇز خارە»، (يىپەكچىلەر نورۇز مەشرىپى)، «نورۇز مۇقام» قاتارلىق پائالىيەتلەر تۈركۈمىنى شەكىللەندۈرگەن.

ئۇ شېئىرى ماھارەت سۈپىتىدە: «باللار نورۇز نامىسى»، «نورۇز قوشاقلىرى»، «باھارىيات قەسەملىرى» قاتارلىق بېيىت ـ بېخشامما ئىجادىيەت سىكلىنى شەكىللەندۈرگەن.

ئۇ تەنھەرىكەت سۈپىتىدە كۆپلىگەن ئويۇن ـ تاماشا ۋە بەيگە پائالىيەتلىرى تۈركۈمىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇلارنىڭ ھەرقايسىسى خۇسۇسىدا باي مەزمۇنلۇق مەخسۇس ئەسەر يېزىش مۇمكىن.

نورۇز ھادىسىسى ئۇيغۇر خەلقىدە خۇددى مۇقام ھادىسىسىدەك ئۇزاق ۋە مۆتىۋەر مەدەنىيەت سەھىپىسى يارىتقان ھاياتبەخش ۋە ئىلھامبەخش فولكلور مەكتىپى، سەنئەت ـ تەنھەرىكەت مەيدانى، شېئىرىيەت مۇنبىرى، دوستانىلىق بەلبېغى ۋە ئۇمىدۋارلىق مەشئىلى بولۇپ كەلدى. ئىشىنىمىزكى، خەلقىمىز ئۇنى ئىناقلىق ۋە زامانىۋى ئاڭ تەرغىب قىلغۇچى ھېكمەت ۋە سەنئەت چېچەكلىرى بىلەن بېزەپ، سوتسىيالىستىك يېڭى مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ كىرىستال قىرلىق ئاجايىپ نادىر جاھان نامىسى ۋە ئىپتىخارلىق قامۇسىغا ئايلاندۇرغۇسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇلارنىڭ نامى تارىخ سەھىپىسىدە پارلاق يۇلتۇزدەك نۇر چېچىپ كەلمەكتە.

تاتار خەلقىنىڭ مەشھۇر شائىرى ئابدۇللا توقاي ئۆز دەۋرىدە ئاجايىپ سېھىرلىك كۈچكە ئىگە ئۆتكۈر پىكىرلىك شېئىرلىرى بىلەن تاتار خەلقى ئىچىدە تېز تونۇلۇپلا قالماستىن، بەلكى تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەر ئارىسىدىمۇ كەڭ شۆھرەت قازانغان. ئۇ قىسقىغىنا ئۆمرىدە تاتار بەدىئىي ئەدەبىياتىغا ئاساس سالغۇچى سۈپىتىدە ئۆز خەلقى ئۈچۈن ئۇلۇغۋار خىزمەتلەرنى قىلىپ، تاتار تارىخىدا مەڭگۈ ئۇنتۇلماس بىر نامنى قالدۇرۇپ كەتتى.

ئابدۇللا توقاي ياشىغان دەۋر① تاتار خەلقىنىڭ مەشھۇر مەرىپەتچىسى شاھابىددىن مارجانى② باشلاپ بەرگەن يېڭى، زامان مەرىپەتچىلىكى راسا گۈللەپ، روناق تېپىۋاتقان، مەدەنىي — ئاقارتىش ئىشلىرى يېڭىباشتىن يۈكسىلىشكە قەدەم قويغان، ئوقۇش - ئوقۇتۇش ئىشلىرى يېڭىچە ئۇسۇلغا كۆچۈش تەشەببۇس قىلىنىۋاتقان، يېڭى - يېڭى گېزىت - ژۇرناللار ئارقا - ئارقىدىن بارلىققا كېلىپ، يېڭى ئاڭ، يېڭى پىكىر ۋە تەرەققىياتقا ئىنتىلىش تۇيغۇسى كىشىلەر ئېڭىدا يىلتىز تارتىشقا باشلىغان، كونىلىققا، مۇتەئەسسىپلىككە ۋە ئەۋھام - خۇراپاتقا قارشى كۈرەش كەڭ قانات يايغان دەۋر ئىدى.

مەلۇمكى، ئىسلام مەدەنىيىتى نۇرغۇن جەھەتتە ئىنسانلىقنى، جەمئىيەتنى گۈللەندۈرۈشنى، ياخشى ئەخلاق، گۈزەل تۇرمۇشنى، دۇنيادا ھالال ئەمگەك قىلىپ، باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ياقلاپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇزۇن يىللار جەريانىدا ئىسلام دىنىنىڭ ھامىيسى تونىغا ئورىنىۋالغان مۇتەئەسسىپ كۈچلەر، جاھىل موللىلار، رىياكار ئىشانلار خۇراپاتلىق سېھىرگەرلىكى بىلەن كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ كۆزىنى پەردىلەپ، شۇ ئارقىلىق باشقىلارنىڭ قان - تەرى ھېسابىغا پارازىتلىق تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلگەنىدى. تەبىئىيكى، ئەشۇ سەۋەبلەر تۈپەيلى ئاۋام خەلق نادان، جەمئىيەت قالاق، نۇرغۇن، نامراتچىلىق ھالەتتە قېلىپ كەتتى يەنە. بىر تەرەپتىن مەكتەپ - مەدرىسىلەردە ئوقۇش - ئوقۇتۇش ئىشلىرى كونىچە ئۇسۇلدا داۋام قىلىپ كەلگەنلىكتىن، مائارىپ تەرەققىي قىلالمىدى، ئىلىم - پەن ۋەكىللىرى ۋە ئوقۇمۇشلۇق زاتلار ئاز يېتىشىپ چىقتى. بۇ ئەھۋال ئىسلام مەملىكەتلىرىدە، جۈملىدىن تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەردە ئومۇمىي ئورتاقلىققا ئىگە ئىدى.

ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى ئاستىدا تاتار خەلقى بالدۇرراق ئويغاندى. ئابدۇللا توقاي ياشىغان دەۋردىكى يېڭى زامان مەرىپەتچىلىكى ھەرىكىتى ئالدى بىلەن جاھالەتكە خاتىمە بېرىشنى، جەمئىيەتتىكى يامان ئىللەتلەرنى يوقىتىپ، كەڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى ئېچىشنى مەقسەت قىلاتتى. بۇ ھەرىكەتنىڭ بېشىدا تاتار

① شائىر 1886 - يىلى تۇغۇلۇپ، 1913 - يىلى ۋاپات بولغان.

② شاھابىددىن مارجانى (1818 - 1889) — تارىخ، ئېتنوگرافىيە ئىلمى بويىچە نام چىقارغان مەشھۇر تاتار ئالىمى.

مەرىپەتچىسى ھەم ئەدىبى قەييۇم ناسىرى، قىرىم تاتارلىرىنىڭ مەشھۇر ئەدىبى ئىسمائىل غەسپەرىنسكى، يېڭى زامان ئىسلام پەيلاسوپى دەپ نام چىقارغان مۇسا بىگىيېۋ (مۇساجاروللا)، ئىلغار پىكىرلىك دىنىي ئالىم رىزائىددىن بىننى پەخرىددىن، شۇنىڭدەك پاتىخ كەرىموۋ، پاتىخ ئەمىرخان، ھادى مەقسۇدى قاتارلىق تەرەققىپەرۋەر ئەدىبلەر تۇراتتى. ئۇلار «ئەرەب، پارس تىلىدا ئەسەر يازمىسا ئالىم ھېسابلانمايدۇ» دېگەن پەتىۋانى چۆرۈپ تاشلاپ، مىللىي تىلدا يۇقىرى سەۋىيىلىك، چوڭ ھەجىملىك ئەسەرلەرنى يورۇققا چىقىرىشقا باشلىغان. ئەينى زاماندا ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆز ئالدىغا نەشرىيات ۋە مىخ مەتبەلەرنى قۇرۇپ، بەس-بەستە گېزىت-ژۇرناللارنى چىقارغانىدى①. مەسىلەن، رىزائىددىن بىننى پەخرىددىن «شۇرا» ناملىق ئىلمىي-ئەدەبىي ژۇرنالنى، فاتىخ كەرىموۋ «ۋاقىت» گېزىتىنى، ھادى مەقسۇدى «يۇلدۇز» گېزىتىنى چىقارغانىدى.

يېڭى زامان ئەدەبىيات ۋەكىللىرىدىن قەييۇم ناسىرى، مەجىد غەپۇرى، سەئىد رەمىيېۋ، ئەلى ئەسقەر كامال، ئالىمجان ئىبراھىموۋ، سەدرىددىن مەقسۇدى، قاتارلىق يازغۇچى، شائىرلار شۇ زامانلاردا ئۆز ئانا تىلىنىڭ گۈزەللىكىنى ياقلاپ چىققان نوپۇزلۇق شەخسلەر ئىدى. شۇلار قاتارىدا ئابدۇللا توقاي يېشىنىڭ كىچىك بولۇشىغا قارىماستىن ئۆزىنىڭ ئوتلۇق شېئىرلىرى بىلەن ھەممىنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى ئۆزىگە تېزلا جەلپ قىلىپ، تاتار مەتبۇئاتىدا ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنگەن بىر شەخسكە ئايلانغان.

## 2

ئابدۇللا توقاينىڭ تەرجىمھالى خېلى قىزىقارلىق لېكىن بىز بۇ ماقالىمىزدا ئۇنىڭ تەرجىمھالى توغرۇلۇق ئانچە ئۇزۇن توختالمايمىز. ئابدۇللا قازان شەھىرىدىكى 60 چاقىرىم كېلىدىغان قۇشلاۋىچ يېزىسىدا بىر موللا ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، بەش ئايلىق چېغىدىلا ئاتىسى ۋاپات بولغان، ئۇزۇن ئۆتمەي ئانىسى ئۇنى بىر كەمبەغەل مومايغا بېقىپ تۇرۇشقا تاپشۇرۇپ، ئۆزى باشقا بىر يېزىنىڭ ئىمامىغا تۇرمۇشقا چىققان، 3 ياشقا كىرگەندە ئانىسى ئۇنى مومايىنىڭ ئۆيىدىن ئۆز يېنىغا ئېلىپ كېلىۋالغان، لېكىن ئارىدىن بىر يىلغىچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئانىسىمۇ قازا تېپىپ، ئابدۇللا پۈتۈنلەي يېتىم بولۇپ قالغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ توزۇكرەك يېقىن تۇغقانلىرى بولمىغاچ، ئاۋۋال قازان شەھىرىدە، كېيىن بۇ شەھەر قېشىدىكى بىرنەچچە يېزىدا يات كىشىلەرنىڭ قولىدا قېقىلىپ-سوقۇلۇپ، ئوقۇش يېشىغا يەتكىچە ئېغىر يېتىمچىلىك دەردىنى تارتقان. ئابدۇللا 7 ياش ۋاقتىدا

① توقاي 1910 - يىلى «يالت - يۇلت» ژۇرنىلىدا بېسىلغان كىچىك فېلىيەتونىدا 40 قا يېقىن گېزىت ژۇرناللارنىڭ ئىسمىنى تىزىپ چىققانىدى.

قىرلاي يېزىسىدىكى دىنىي مەكتەپتىمۇ تېزلا خەت ساۋادىنى چىقارغان. ئاندىن 1895 - يىلى ئۇرالىسىدىكى شەھىرىگە كېلىپ، بۇ يەردە رەسمىي مەدرىسە ھاياتىنى باشلىغان. دەسلەپتە رۇس تىلى سىنىپىدا ئۈچ يىل ئوقۇپ، ئۇنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئەرەبچە - پارسچە ئوقۇشقا كىرىشىپ كەتكەن. ئۇ بەك زېرەك بولغاچقا ئون يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت جەريانىدا روسچە، ئەرەبچە، پارسچە تىللىرى مۇكەممەل ئىگىلەپلا قالماستىن، بەلكى ئۆز زامانىسىنىڭ تەلىپىگە يارىشا چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق بىلىم ئېلىشقا مۇيەسسەر بولغان. ئۇنىڭ تەرجىمىھالىغا ئائىت بەزى كىتابلاردا توقاينىڭ تاتارچە، رۇسچە گېزىت - ژۇرناللارنى تەشنالىق بىلەن ئوقۇپ تۇرغاندىن تاشقىرى شۇ چاغلاردا بۇ مەدرىسەگە پوچتىدىن كېلىپ تۇرغان ئەرەبچە، تۈركچە گېزىتلەرنى، شۇنىڭدەك قىرىم، باكۇ، تاشكەنت قاتارلىق شەھەرلەردە چىقىدىغان گېزىت - ژۇرناللارنى تەرك ئەتمەستىن كۆرۈپ بارغانلىقى قەيت قىلىنىدۇ.

توقاي ئۆزىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىنى مەدرىسىدە ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا باشلىغان. ئۇ بىر تەرەپتىن ھەرقايسى چوڭ گېزىت - ژۇرناللارغا ئۆزىنىڭ يازغان شېئىر - ماقالىلىرىنى داۋاملىق بېرىپ تۇرغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆز تۇرمۇشىنى قامداش ئۈچۈن دەرستىن سىرتقى ۋاقىتتا باسمىخانىدا نابورچىكلىق ۋە كوررېكتورلۇقمۇ قىلغان. ئۇنىڭ ئالاھىدە يازغۇچىلىق ئىقتىدارى بايقالغاندىن كېيىن، بەزى گېزىت - ژۇرناللارنىڭ مۇدىرلىرى ئۇنى رەسمىي تەھرىرلىك خىزمىتىگە تەكلىپ قىلىپ مائاشلىق قىلغان. توقاي دەسلەپتە «ئەل - ئەسرىل جەدىد»، «ئۇيقىر» گېزىتىدە ئىشلىگەن. 1907 - يىلىنىڭ بېشىدا مەدرىسەنى تاماملاپ، مۇستەقىل بىر شائىر سۈپىتىدە تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلىغان.①

شۇنىدىن كېيىن ئابدۇللا توقاينىڭ ئەدەبىي پائالىيىتى جۇشقۇن دەۋرگە كۆچىدۇ. ئۇ شۇ يىلى قازانغا كېلىپ بىر تەرەپتىن ئارقىمۇ - ئارقا شېئىر توپلاملىرىنى نەشىر قىلدۇرۇشقا كىرىشكەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن «ئەل - ئىسلاھ» گېزىتىدە مۇھەررىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ، شۇنىڭدەك دراماتۇرگ ئەلى ئەسقەر كامال بىلەن بىرلىكتە «ئوقلار»، «يەشىن»، «يالت - يۇلت» قاتارلىق ساتىرىك ژۇرناللارنى چىقىرىدۇ ۋە بۇ ژۇرناللارنىڭ ھەر سانىدا ئۆزىنىڭ ژانىرىدىكى ئەسەرلىرىنى — پۇبلىسىستىك ماقالە، ئەدەبىي تەنقىد، فېلىيەتون قاتارلىق ھەجۋىي ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىپ تۇرىدۇ.

① بۇ ۋاقىتتا كەلگەندە توقاينىڭ تۈرت شېئىرلار توپلىمى نەشىر قىلىنىغان بولۇپ، ئابرويلۇق شائىر بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا «ئۇيقىر» گېزىتىنىڭ 1907 - يىل، 6 - يانۋار سانىدا مۇنۇ ئېلاننى چىقارغان: «مەن ئەمدى بۇ كۈنلەردە مۇتىئى مەدرىسەسىدىن چىقتىم. شۇنىڭغا بىنائەن دوستلىرىم ۋە يېقىنلىرىمغا ئۇقتۇرۇش قىلىمەنكى، بۈگۈندىن ئېتىبارەن ماڭا يازىدىغان مەكتۇبلارنىڭ ئادرېسى مۇنداق يازسۇنلار: ئۇرالسك، «قازان» مېھمانخانىسى، ئا. توقايېۋقا».

ئەدەبىي ھايات جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشقا يۈز تۇتقان بۇ دەۋردە توقاي، قەلىمىنىڭ ئۆتكۈرلىكى بىلەن تاتار خەلقى جامائەتچىلىكى ئىچىدە تېز تونۇلغاندىن كېيىن ھەرقايسى گېزىت-ژۇرناللاردا ئۇنىڭ شېئىرلىرى توغرىسىدا ئىلمىي مۇلاھىزىلەر، تەقرىزلەر چىقىشقا باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە توقاي شۇ چاغدىكى نوپۇزلۇق مۇئەللىپلەر ۋە تۈرلۈك-تۈرلۈك كىتاب يازغان قەلەم ئىگىلىرى تەرىپىدىن «بىرىنچى دەرىجىلىك شائىر» سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلىنىدۇ. مەسىلەن، مەشھۇر «شۇرا» مەجمۇئەسىنىڭ باش مۇھەررىرى رىزائىددىن بىننى پەخرىددىن ئۇنى زامانىمىزنىڭ «مۇئەررا» سى① دەپ ئاتىغان.

ئابدۇللا توقاينىڭ تاتار ئەدەبىياتى تارىخىدا قانچىلىك مۇھىم ئورۇن تۇتقانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش ئۈچۈن تۆۋەندىكى بىر نەچچە نۇقتىلىق تەرىپىنى قەيت قىلىپ ئۆتۈش كۇپايە:

(1) توقاي تاتار بەدىئىي ئەدەبىياتىغا ئاساس سالغۇچىلاردىن بىرى. ئۇ ئۆزىنىڭ چوڭقۇر مەزمۇنلۇق، ئۆتكۈر پىكىرلىك شېئىرلىرى بىلەن تاتار شېئىرىيىتىنى يۇقىرى بالداققا يۈكسەلدۈردى، تاتار تىلىنى مۇكەممەللەشكەن ئەدەبىي تىل دەرىجىسىگە كۆتۈردى.

(2) توقاي تاتار ئەدەبىياتىدا سىياسىي لىرىكىنى باشلاپ بەرگەن شائىر بولۇپ، ئۆز دەۋرىدىكى سىياسىي ۋەقەلەرگە نىسبەتەن دېموكراتىك كۆز قاراشلارنى ئۆز ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتتۈرگەن.

(3) توقاي تاتار بالىلار ئەدەبىياتىغا ئاساس سالغان شائىر. ئۇنىڭ بالىلارغا ئاتاپ يازغان يۈزلىگەن شېئىرلىرى، پوئېمىلىرى، ھېكايىلىرى، مەسەللىرى بۈگۈنگە قەدەر سۆيۈپ ئوقۇلۇپ كەلمەكتە.

(4) توقاي تاتار ئەدەبىياتىدا ساتىرا ۋە يۇمۇرنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئەڭ باشلاپ كۈچ چىقارغان ساتىرىك شائىر. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى ماھارىتى ۋە قەلىمىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى ھەممىنى قايىل قىلغان. ئۇ ئۆز زامانىسىنىڭ يۇقىرى مەرتىۋىلىك مۇئەللىپلىرىنىمۇ ئاياپ قويمىغان.②

(5) توقاي تاتار شائىرلىرى ئىچىدە بىرىنچى بولۇپ، فولكلورغا ئەھمىيەت بېرىشنى تەشەببۇس قىلغان ۋە ئۆزىمۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن پايدىلىنىشنىڭ ئەڭ

---

① مۇئەررا — ئەرەبلەرنىڭ مەشھۇر بىر كلاسسىك شائىرىنىڭ ئىسمى.

② مەسىلەن، مۇسا بىگىيېۋ (مۇسا جارۇللا) نىڭ «رەھمەتى ئىلاھىيە بۇرھانى» ناملىق پەلسەپىۋى ئەسىرىنى، ھادى مەقسۇدىنىڭ «مىزانۇل-ئەفكار» ناملىق مەنتىق كىتابىنى ھەجۋى بىلەن تەنقىد قىلغان.

ياخشى نەمۇنىلىرىنى بەرگەن.①

(6) توقاي رۇس ۋە ياۋروپا كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋەكىللىرى ئەسەرلىرىنى بىرىنچى بولۇپ تاتار ئەدەبىياتىدىن ئورۇن ئالدۇردى. تاتار كىتابخانلىرى پۇشكىن، لېرمونتوۋ شېئىرلىرىنى، تولستوينىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرىنى، شېكىسپىر، بايرون، گيوتې، شىللېر ۋە باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى تۇنجى قېتىم توقاي تەرجىمىسى ئارقىلىق ئوقودى. توقاي بۇ جەھەتتە ئۆزگىچە ماھارەت كۆرسىتىپ، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان كلاسسىكلارنىڭ پەلسەپىۋى پىكىرلىرىنى ئۆز ئېگىدا پۈختا ئۆزلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ يارقىن مىسرالىرىدا ئەكس ئەتتۈردى.

توقاينىڭ بىرقانچە تىلنى پۇختا بىلگەنلىكى تۈپەيلى دۇنيا ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرى بىلەن تونۇشۇپ بارغانلىقى، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ بەدىئىي جەھەتتىن كامالەتكە ئېرىشىشىدە مۇئەييەن رول ئوينىغانلىقى شەكسىز.

## 4

ئابدۇللا توقاي پەقەت 27 يىل ئۆمۈر كۆردى. ئۇ 1905-يىلدىن 1913-يىلغىچە بولغان 9 يىللىق② ئىجادىي ھاياتىنىڭ مەھسۇلى بولمىش ئىنتايىن باي مىراسىنى قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۆزى ھايات ۋاقتىدىن تارتىپ تاھازىرغىچە سوۋېت ئىتتىپاقىدا بولسۇن، چەتئەلدە بولسۇن نۇرغۇن تىللاردا قايتا-قايتا نەشىر قىلىنىپ كەلدى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى يالغۇز تاتار ئەدەبىياتى دەرسلىكلىرىدىلا ئەمەس، بەلكى بارلىق تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات خرېستوماتىيىلىرىدىمۇ تۆردىن ئورۇن ئېلىپ كەلدى.

توقاي ئەسەرلىرى شىنجاڭغا خېلى بۇرۇنلا يېتىپ كەلگەن. ئۆز ۋاقتىدا كىتاب پۇرۇشلار كونا يېزىق نۇسخىلىرىنى قازاندىن كۆپلەپ ئېلىپ كېلىپ ھەرقايسى چوڭ شەھەرلەردە كەڭ تۈردە ساتقان بولسا، 30-يىللاردىن كېيىن لاتىن يېزىقى ۋە ئىسلاۋىيان يېزىقىدىكى نۇسخىلىرىمۇ تاتار تىلىدىكى باشقا دەرسلىك كىتابلار قاتارىدا ئوقۇتقۇچى ۋە كەڭ زىيالىيلارنىڭ قولىغا ئۈزلۈكسىز تېگىپ تۇرغان. ئۇنىڭدىن تاشقىرى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن جۇڭگوغا مۇھاجىر بولۇپ كېلىپ، خاربىن، شاڭخەي، تيەنجىن قاتارلىق شەھەرلەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان تاتارلار شائىرنىڭ بەزى توپلاملىرىنى ئەرەب يېزىقىدا قايتا نەشىر قىلدۇرغان بولۇپ، بۇ توپلاملارنىڭ بىر

① توقاينىڭ فولكلور توغرۇلۇق سۆزلىگەن لېكسىيىلىرى «خەلق ئەدەبىياتى» نامى ئاستىدا ئايرىم كىتاب بولۇپ بېسىلىپ چىققاندىن تاشقىرى «شۈرەلې» ئىمزاسى بىلەن، يەنە بىر جىرلار (قوشاقلار) توپلىمى «خەلق مۇڭلىرى» دېگەن نام بىلەن نەشىر قىلىنغان.

② ئەسلىدە توقاي 1902-يىلدىن باشلاپ شېئىر يېزىشقا باشلىغان.

قىسمى ئۈرۈمچى، تارباغاتاي، غۇلجا، ئالتاي قاتارلىق شەھەرلەرگىمۇ تارالغان.

30 - ۋە 40 - يىللاردا يېشقەدەم شائىرلىرىمىزدىن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، ئىبراھىم تۇردى، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، شۈكۈر يالقۇن، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ۋە باشقىلار توقاينىڭ مەرىپەتچىلىك پىكىرىنىڭ تەسىرى ئاستىدا ئۇنىڭ ئىجادىيىتىگە تەقلىد قىلىپ، بىر قىسىم شېئىرلارنى يازغان.

5

ئابدۇللا توقاينىڭ شېئىرلىرى توغرۇلۇق تا ھازىرغىچە نۇرغۇن ئىلمىي ماقالە ۋە تەقرىز خاراكتېرىدىكى كىتابلار يېزىلغانلىقىنى يېقىندا ئېيتقان ئىدۇق. ھازىرمۇ تاتارىستاندا بەزى تەقرىزچىلەر ئۆزلىرىنىڭ بىر يۈرۈش قىممەتلىك مۇقامى بويىچە ئۇنىڭ ئىجادىيىتىگە باھا بەرمەكتە. روشەنكى بۇلارنىڭ كۆز قاراش، نۇقتىئىنەزەرلىرى توقاي ھايات ۋاقتىدىكى تەھلىلچىلەردىن كۆپ پەرق قىلىدۇ.

بىز بۇ ماقالىمىزدا پەقەت توقاينىڭ شېئىرىيەت تېخنىكىسى، ئۇسلۇبى ۋە لېكسىكىسى (ئەسەردە ئىشلەتكەن تىلى) ھەققىدە قىسمەن مۇلاھىزىلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇمىز.

توقاي شېئىرلىرىنى ئوقۇغان ئادەم، ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ تولاراق ئەرۇز ۋەزنىدە يېزىلغانلىقىنى بىلەلەيدۇ. دەرۋەقە ئۇ بارماق ۋەزنىنى كۆپ قوللانمىغان بۇنىڭ سەۋەبى، بەلكىم، ئۇنىڭ مەدرىسەدە ئەرەبچە - پارسچە تەھسىل كۆرگەنلىكى ۋە شۇ جەرياندا ئەرۇز ئىلمىدىن خەۋەردار بولغانلىقى، شۇنىڭدەك باشقا تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەردىمۇ ئەرۇز ۋەزنىنى ئىشلىتىش ئەنئەنە بولۇپ قالغانلىقىدا بولسا كېرەك. يەنە بىر تەرەپتىن بەزى تەقرىزچىلەر ئېيتقاندەك، تاتار كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن «باقىرغان»، «مۇھەممەدىيە» نىڭ ئۇسلۇبى ۋە ئاھەڭى تەسىرىدە توقاي ئەرۇز ۋەزنىگە كۆپرەك مايىل بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. لېكىن قانداق بولمىسۇن شائىر ئەرۇز ۋەزنىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلانغان. بۇرۇنقىلار ئەرۇز ۋەزنىدە ئىشق - مۇھەببەت تېمىسىدا غەزەل ياكى دىنىي ۋەز - نەسىھەت خاراكتېرلىك نەزمىلەرنى يازغان بولسا، توقاي ئىسلاھاتچىلىق بىلەن ئەرۇز ۋەزنىنى يېڭى مەزمۇن ئۈچۈن ئىشلەتكەن.

شائىر ئەرۇز ۋەزنىنىڭ تۆۋەندىكى ئۈچ بەھرىنى كۆپرەك قوللانغان.

I. ھەزەجى مۇسەددەسى مەقسۇر

مەفائىلۇن مەفائىلۇن مەفائىل.

ئەگەر جەننەتتە كۆرسەم بەن يۈزىڭنى،

كۆرىدىمىن ئاي يۈزىڭدە ئۆز يۈزىمنى.

بىلدىم ئەمدى بەدنى مەفتۇن ئىتەرسىلىك،
سىخىرلەرسىلىك بەدنى ئەفسۇن ئىتەرسىلىك،
(«هۇر قەزىنا» شېئىرىدىن).

× × ×

ياقىن دوستۇم! سىڭا مىندەن كىڭەش شول:
كىشىلەرگە سىرىڭنى سۆيلەمەس بول.
ئىچىڭدە نەرسە يانغانىن ئۆزىڭ بىل،
ئۆزىڭ قايغىر، ئۆزىڭ يىغلا، ئۆزىڭ كۈل،
(«كىڭەش» دىگەن شېئىرىدىن)

× × ×

تىلىم بولىرغامىن ئىنسانى غالى،①
تىمامىي كۆڭلىم تەغەلىبى بىتتەۋالى.②
كۆڭلىم بىرلەن سۆيەم بەختىن تاتارنىلىڭ،
كۆرىرگە جانلىلىق ۋاقتىن تاتارنىلىڭ.③
تاتار بەختى ئۈچىن مىن جان ئاتارمىن،
تاتار بىت مىن ئۆزىم دە چىن تاتارمىن.
(«ئۆز - ئۆزىمە» دىگەن شېئىرىدىن).

II. رەمەل ۋەزنى

فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلۇن.
جىر④ يەشەرمەس، گۈل ئاچىلماس تۇشمىي ياڭغىر تامچىسى،
قايدان ئالسىن شىغرى شاغىر، بولماسا ئىلھامچىسى.
بىر گۆزەلدەن قايسى شاغىر ئەيتمىگىز روخلانماغان؟
بايروننىڭ، لىرمونتوۋنىكمى، پۇشكىننىكمى، قايسىسى؟
فايداسىز بىر ئىت كىبسەگىننەن⑤ غىبارەتدۇر يۇرەك،
پارە، پارە كىسمەسە غىشقى - مەخەببەت⑥ قايچىسى.

---

① ئىنسانى غالى — ئالى ئىنسان مەنىسىدە. بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈمىزكى، توقاينىڭ شېئىرلىرى سوۋىت ئىتتىپاقىدا ئەرەب ئېلىپبەسى بىكار قىلىنغاندىن كىيىن ئىملا ۋە تەلەپپۇز جەھەتتە كەسكىن ئۆزگىرىشلەرگە ئۇچرىدى. بىز تاتار تىلى يىڭى ئىملاسىغا بويسۇندۇق.

② تەغەلىي (تەئالى) بىتتەۋالى — ئەرەبچە ئۈزلۈكسىز يۇقىرى ئۆرلەش مەنىسىدە

③ 1938 - يىلى قازاندا لاتىن يېزىقىدا نەشر قىلىنغان نۇسخىدا: كۆرىرگە شاھلىغىن، تەختىن تاتارنىڭ دەپ ئېلىنغان

④ ئەرەب يېزىقىدىكى كونا نۇسخىدا «يىر» دەپ ئېلىنغان.

⑤ كونا ئىملادا: «كىبەگىندەن» دەپ ئېلىنغان.

⑥ 1938 - يىلدىكى لاتىن يېزىقىدا نەشر قىلىنغان نۇسخىدا: ھەم «مۇھەببەت»، ھەم «مەھەببەت» دەپ ئىككى خىل ئېلىنغان.

(«مەخەببەت» دېگەن شېئىردىن).

× × ×

شاغىرىم! قۇدسىيەتىڭ بولسىن سىنىڭ كۆڭلىڭدە سىر،
دونيادان شاغىر ئىكەنىڭنى يەشىر، دوستىم يەشىر.
بىلمەسسىنەر قايسى جىردەن ئاغىلا بىز قۇدرەتىڭ،
سىن لەتىق تەنلەر كىبى، كۆرسەتمەگىل چىن سۇرەتىڭ.
ھەر ۋاقىت، ھەر جىردە سىن باشقا كىيىملەرگە تورىن:
يا يولەر بول، يا مازاقچى بىر كىشى تۇسلى كۆرىن.
(«...گە — يادىكار») دېگەن شېئىردىن.

ياز، نى يازساڭ-دا، سىنىڭ بار يازغانىڭنىڭ ناشىرى،①
ئاشلىغىڭ ئۈسدى-سە،② بېر،③ تەييار دىر ئانىڭ غاشىرى.④
تىك ئۇنۇتما، بىر زامان گۆرگە كىرەر يالغىز باشىڭ،
ھېچ بىرەۋ بولماس يانىڭدا: ئىبدەشىڭ ھەم قەردەشىڭ.
(«تاتار مۇخەررىرىنە» شېئىردىن).

III. ھەزەجى موسەممەنى سالىم
مەفائىلون مەفائىلون مەفائىلون مەفائىلون
بۇلىتلاپ كۈن، يەشىن يەشنەپ قاتى كۆك كۆكرەگەنىنەن سوڭ،
توندىق، شىقسىز ھاۋا، كۆزنى ئاچالماسلىق بورانىنان سوڭ.
ئاچىلدى بىر زامانىنى كۆك يۈزى ئىبندى بۇلىت كېتتى،
كۆڭىلگە شول ۋاقىت بىر تۈرلى رەخەتلىك تولۇپ كېتتى.
(«شاتلىق ۋە خەسرەت» دېگەن شېئىردىن).

بىر ئاز يولدىزچىلار⑤ باردىركى، كۆكدەن يۇلدىز ئىزلىيلەر،
تۆبەنگە كۆزدە سالمىيلەر، ھامان كۆكلەرنى كۆزلىيلەر.
ساتارلاز فەلسەفە ئانلار، ئۇرالار دەمدە، خىكمەتدەن
ئاياق ئاستىندا بازنى كۆرمىيلەر شۇل خەلدە غەفلەتدەن.
(«يېنە» دېگەن شېئىردىن)

---

① ناشىر — ئەرەبچە نەشرىيات مۇدىرى، كىتاب چىقارغۇچى مەنىسىدە.
② ئۈسدى-سە — ئۆسكەن بولسا، كۆپەيگەن بولسا مەنىسىدە.
③ بېر — بەر مەنىسىدە
④ غاشىر — ئەرەبچە غاشىر — ئۆشرە ئالغۇچى مەنىسىدە.
⑤ يۇلدىزچىلار — مۇنەججىملەر، ئاسترونوملار مەنىسىدە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نىھايەت، قارنى ئاچقاچ، تۈلكى دوست بىر باقچاغا كىردى،
ئۇل ئاندا ئۈلگىرىپ جىتكەن يۈزۈم جىمىشلەرىن كۆردى.

يۈزۈملەر كۈنگە قارشى يالتىرىيلار لەئلى ياقۇتداي،
بۇلارغا خەيلەكەر ئاچ تۈلكىنىڭ كۆزلەرى يانار ئوتداي.
(«تۈلكى ھەم يۈزۈم جىمىشى» دىگەن شېئىرىدىن)

توقاينىڭ باشقا ئەروز بەھرىلىرىدە يازغان شېئىرلىرىمۇ بار، ئەلۋەتتە، لېكىن بىز بۇلار ئۈستىدە توختالمىدۇق.

ئەمدى شائىرنىڭ لېكسىكىسى ياكى ئۆز ئەسەرلىرىدە ئىشلەتكەن تىلى ئۈستىدە ئازراق تەھلىل يۈرگۈزىمىز:

ئابدۇللا توقاي ياشىغان دەۋردە بىرلىككە كەلگەن ئىملا يوق ئىدى. باشقا تۈركىي تىللاردىكىگە ئوخشاش تاتار تىلىدىمۇ چاغاتايچە بىلەن ئوسمانلىچە لەھجىلەر كۆپ ئۇچرايتتى. چاغاتاي تىلى بىلەن ئوسمانلىچە تىل ئەدەبىي - يازما تىل ئىكەن، ئەلۋەتتە، جانلىق تىلدىن پەرق قىلىندىغانلىقى شەكسىز، ئۇ چاغلاردا كىتاپ تۈزگەن مۇئەللىپلەر ۋە باشقا قەلەم ئەھلى يەرلىك شىۋىلەرگە ئانچە بېرىلمەستىن، ئەينى زاماندا ئومۇملىشىپ قالغان ئورتاق ئەدەبىي تىلنى ئىشلىتەتتى. شۇ نەرسە ئايانكى، مەيلى چاغاتايچە، مەيلى ئوسمانلىچە بولسۇن، ھەر ئىككى ئەدەبىي تىلدا ئەرەبچە، پارسچە سۆز - ئىبارىلار ۋە ئاتالغۇلار كۆپ بولغاچقا، ئەدىبلەر ۋە زىيالىلار تەبىقىسى بۇ سۆز - ئاتالغۇلارنى ئىشلىتىشتىن خالى بولالمايتتى، ھەتتا ئەرەبچە - پارسچە سۆزلەرنى كۆپ ئىشلىتىش ياكى چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىش بەزى ھاللاردا ئايرىم مۇئەللىپلەرنىڭ ئۇسلۇبىغا باغلىق مەسىلە بولۇپ قالاتتى. لېكىن شۇنداق بولسىمۇ بۇ ئورتاق ئەدەبىي تىلنى باشقا تۈركىي تىلدىكى ساۋاتلىق كىشىلەرمۇ ھەر ھالدا ئوبدان چۈشىنەتتى.

تەبىئىيكى، ئابدۇللا توقاي ئۆز دەۋرىنىڭ مەتبۇئات تىلىغا ماسلىشىپ ئەسەر يازدى. لېكىن ئۇنىڭ دەسلەپكى ئىجادىيىتىدە ئوسمانلىچە لەھجىلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش ئالامەتلىرى سېزىلەرلىك ھالدا بولسىمۇ، شۇنىڭدەك ئەرەبچە - پارسچە سۆز - ئىبارىلار بىر قەدەر كۆپ بولسىمۇ، ئەمما 1907 - يىلدىن كېيىنكى ئىجادىيىتىدە شائىر تىل جەھەتتە زور بۇرۇلۇش ياسىغانلىقىنى بايقايمىز. دېمەك، توقاي تەدرىجىي رەۋىشتە ئۆزىنىڭ تىل ئۇسلۇبىنى يېڭىلاشقا جۈرئەت قىلىپ، ئۆز ئانا تىلىنىڭ گۈزەللىكىنى نامايان قىلىشقا تىرىشتى. ھەتتا تاتار تىلىنى مۇكەممەللەشكەن ئەدەبىي تىل دەرىجىسىگە كۆتۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولدى.

تۆۋەندە مىسال كەلتۈرۈلگەن ئىككى پارچە شېئىر 1906 - يىلى يېزىلغان

بولۇپ، ئۇسپانلىچە لەھجىنىڭ تەسىرىدىن تېخى ئۈزۈل-كېسىل قۇتۇلۇپ كېتەلمىگەن چاغدا يېزىلغان.

مىللەتى ۋەيران ئېدەن ئىشان ئىكەندىر، بىلمەدىم،
ئول ئىشانلار مىللەتە دۇشمان ئىكەندىر، بىلمەدىم.

مىللەتى ئەھدام ئېدەن، ئىشدام ئىدەن شونلار ئىمىش،
ئانلارى ئىنكار ئېدەن زى شان ئىكەندىر، بىلمەدىم.

ئانلارى يوق ئىتمەك ئىچۈن چىن كۆڭلىدەن چالىشان—
مىللەتى ئەئلايە چالىشان ئىكەندىر، بىلمەدىم.

ئانلارە قارشى قەلەم تارتانلار ئارسلان ئىمىش،
ئانلارى تەقدىس ئېدەن تاۋشان ئىكەندىر، بىلمەدىم.

شونلارە قۇللۇق ئېدەنلەر، قول ۋېرەن بىچەرەلەر—
مىللەتى ئىزلال ئېدەن شايتان ئىكەندىر، بىلمەدىم.

(«مۇردىلەر قەبرىستانىدەن بىر ئاۋاز» شېئىرىدىن).

بۇ شېئىردا «مىللەتنى» دېگەن سۆز «مىللەتى» دېيىلىپ، چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى «نى» نىڭ ئورنىغا «ى» قوللىنىلغان. «ئانلارنى» دېگەن ئالماش سۆز «ئانلارى» دېيىلگەن. يۆنىلىش كېلىش قوشۇمچىسى «غا»، «گە» نىڭ ئورنىغا «ە» قوللىنىلىپ، «مىللەتكە» سۆزى «مىللەتە»، «ئانلارغا» سۆزى «ئانلارە»، «شۇنلارگە» سۆزى «شونلارە» بولۇپ كەلگەن. بۇنداق كېلىشتە شېئىرنىڭ ۋەزنى تەلىپىمۇ بار، ئەلۋەتتە.

يارەمچى پېئىل «ئەتمەك» نىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى «ئەتكەن» سۆزى، «ئېدەن» شەكلىدە كەلگەن. مەسىلەن، ئەرەبچە «ۋەيران» (خاراپ قىلىش)، «ئەھدام» (يىمىرىش)، «ئىشدام» (يوق قىلىش)، «ئىنكار» (رەت قىلىش)، «تەقدىس» (ئۇلۇغلاش)، «ئىزلال» (ئازدۇرۇش) سۆزلىرىگە «ئىدەن» (ئەتكەن) يارەمچى پېئىلى قوشۇلۇپ، «ۋەيران قىلغان»، «يىمىرگەن»، «يوق قىلغان»، «رەت قىلغان»، «ئۇلۇغلىغان»، «ئازدۇرغان» مەنىلىرى ئىپادىلەنگەن. ئۇنىڭدىن باشقا «چالىشقان» سۆزى «چالىشان» شەكلىدە، «بەرگەن» سۆزى «ۋېرەن» شەكلىدە، «تارتقانلار» سۆزى «تارتانلار» شەكلىدە، «تاۋشقان» سۆزى «تاۋشان» شەكلىدە كەلگەن.

تۆۋەندىكى بىر پارچە شېئىردا ئەرەبچە-پارسچە سۆز-ئىبارىلەر بىر قەدەر كۆپ:

نەزىرىسىز شائىر ئولدۇڭ، ئافەرىن، پۈشكىن ئالېكساندىرا
بەنىم-دە دەردى شەۋقىم ھەم سېنىڭ دەردىڭ-لەيەكساندىر.

سېنىڭ ئەشئارىڭگە، بەنچە، ئاغاچ، داش بىلە رەقسانىدىر،
ئاغاچ رەقس ئەيتمەمەك شائىر ئولان ئىنسانە نۇقسانىدىر.

نېچۈن رەقس ئەيتمەسىن، شېئىرىڭ مىسالى شەمسى رەخشاندىر،
نەشائىردىر ئۆكسىم ئەشئار ئاڭا مەۋلادىن ئېھساندىر.

قەساۋەت كەلمىيۇر قەلبە: سېنىڭ شېئىرىڭ مۇنافىھا،
نېچۈك كىم شەمسە قارشى پارلايۇر دۇنيا ۋە مافىھا.

قىرائەت ئەيلەدىم، ئەز بەرلەدىم بەن جۈملە ئاسارىڭ،
كېزىپ گۈلزارىڭا بەن دە تەناۋۇل ئەتتىم ئەسمارىڭ.

سېنىڭ باقچاڭدا كەزدىم، يۈزدىم ھەم ئەيلەدىم تەيران،
كۆرۈبان ئەندەلىبانىڭ، تاماشا ئەيلەدىم سەيران.
(«پۈشكىنگە» دېگەن شېئىرىدىن).

بۇ شېئىردا ئىشلىتىلگەن «نەزىرىسىز» (تەڭداشسىز)، «شەۋق» (ئىشتىياق، ئىنتىلىش)، «ئەشئار» (شېئىرلار)، «رەقس» (ئۇسسۇل)، «رەقسان» (ئۇسسۇل ئويناش)، «شەمسى رەخشان» (پارلاق قۇياش)، «مەۋلا» (ئاللا، ئىگەم)، «قەساۋەت كەلمىيۇر» (كۆڭۈلگە غەشلىك قىلمايدۇ)، «مۇنافىھا» (غەشلىككە قارىمۇ-قارشى)، «دۇنيا ۋە مافىھا» (دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق نەرسىلەر)، «قىرائەت ئەيلەمەك» (ئۇنلۇك ئوقۇماق)، «جۈملە ئاسار» (ھەممە ئەسەرلەر)، «تەناۋۇل ئەتمەك» (يېمەك، تېتىپ كۆرمەك)، «ئەسمار» (مېۋىلەر)، «تەيران» (ئۇچۇش)، «ئەندەلىبان» (بۇلبۇللار)، «سەيران» (سەيرە قىلىش) قاتارلىق سۆز-ئىبارىلار ھازىرقى تاتار ئەدەبىي تىلىدا يوق، ئەلۋەتتە. دېمىسىمۇ، يىللاردا توقاينىڭ ئۆزىمۇ بۇنداق سۆزلەرنى ئىشلىتىشتىن ۋاز كەچكەن. شۇنىڭدەك بۇ شېئىردا يەنە: «بەن» (مەن)، «بەنىم» (مېنىڭ)، «بەنچە» (مېنىڭچە)، «داش» (تاش)، «ئەيتمەك» (ئەيتمەسلىك)، «ئولان» (ئولغان، بولغان) غا ئوخشاش، ئوسمانلىچە لەھجە ئىشلىتىلگەن بولسىمۇ، يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، توقاي 1907-يىلدىن باشلاپ بۇنداق لەھجىلەرنى ئىشلىتىشتىن قول ئۈزۈپ، ئىمكان قەدەر ئاممىباپ جانلىق تىلنى قوللىنىشقا تىرىشقان. يەنە شۇ تەرىپىمۇ باركى، توقاي ئەسەرلىرىدە ئەرەبچە-پارسچە سۆزلەر كۆپ بولغان بىلەن، شائىر بۇ سۆز-ئىبارىلەردىن

ناھايىتى ئورۇنلۇق پايدىلانغان. ئۇنىڭ تىل جەھەتتىكى يۇقىرى ماھارىتى ھەربىر سۆزنىڭ شېئىر مىسرالىرىدا چىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقى ۋە ستىلىستىكا جەھەتتىن نۇقسانسىز ئىكەنلىكىدە روشەن كۆرۈلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە شائىر ئۆزىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا يالغۇز ئىجادىيەت بىلەنلا بولۇپ كەتمەستىن ۋە ئىشىنىڭ كۆپ بولۇشىغا قارىماستىن، ھەربىر يېڭى چىققان كىتاب - ژۇرناللارنى، ھەر خىل گېزىتلەرنى ۋاقتى - ۋاقتىدا كۆرۈپ، شۇ جەريانىدا مەتبۇئات سەھىپىلىرىدە ئۇچراتقان ئورۇنسىز ئىشلىتىلگەن ئەرەبچە - پارسچە سۆزلەرنى، ستىلىستىكىغا زىت قوپال جۈملەلەرنى ھەجۋىي خاراكتېردىكى تەقرىزلەر ئارقىلىق تەنقىد قىلىدۇ. مەسىلەن، «يالت - يۇلت» ژۇرنىلىنىڭ 1913 - يىل مارت سانىدا بېسىلغان «مەتبۇئاتىمىزنىڭ فەساھەت نەمۇنەلەرى» سەرلەۋھىلىك فېليەتونى يۇقىرىدىكى سۆزىمىزنىڭ گۇۋاھى.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئابدۇللا توقاي تاتار ئەدەبىي تىلىنىڭ نەپىسلىكىگە، مۇكەممەللىشىشىگە، گۈزەل تىل سۈپىتىدە جۇلا چېچىشىغا، لۇغەت فوندىنىڭ بېيىشىغا ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلىپ، بۇ جەھەتتە مىسلىسىز بۈيۈك تۆھپە قوشتى.

بۈگۈنكى تاتار ئەدەبىي تىلىنى ئالساق، ئەپسۇسلىنارلىق ئەھۋالنى كۆرىمىز. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن رۇس تىلشۇناسلىرىنىڭ «تەلىماتى» ۋە تەلىپى بويىچە ھازىرقى تاتار تىلچىلىرى ئاللىقاچان ئۆزلىشىپ خەلق تىلىغا ئايلىنىپ كەتكەن ئەرەبچە - پارسچە سۆزلەرنى لۇغەت تەركىبىدىن ھەيدەپ چىقىرىپ، بۇ ئىنتايىن باي تىلنى كەمبەغەللەشتۈرۈپ، ئاھاڭدار ۋە جۇلادارلىقى يوقالغان خىرە بىر تىلغا ئايلاندۇرۇپ قويغان. مەسىلەن، ئىسلاۋىيان يېزىقىدا بېسىلغان توقاي ئەسەرلىرىدىكى بەزى سۆزلەرگە بېرىلگەن لۇغەت بۇ گېپىمىزنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. لۇغەتتە: «ئىنسان» سۆزىگە «كىشى»، «جاھان» سۆزىگە «دۇنيا»، «ماكان» سۆزىگە «ئورۇن»، «نام» سۆزىگە «ئىسىم»، «خەۋپ» سۆزىگە «قورقۇش»، «خىسلەت» سۆزىگە «سىفەت»، «جۈرئەت» سۆزىگە «باتۇرلۇق»، «مەزكۇر» سۆزىگە «ئەسكە ئېلىنغان»، «نۇقتىئىنەزەر» سۆزىگە «قاراش نۇقتىسى» «ئەھۋالىغا ئائىت» سۆزىگە «خەبەرلەرنى قارىيتۇرغان»، «ئەۋلاد» سۆزىگە «بالىلار»، «روھ» سۆزىگە «جان» ياكى «كۆڭۈل»، «ئالى» سۆزىگە «بۈيۈك» دەپ كۈلكىلىك مەنە بېرىلگەن. ئاندىن باشقا ئابدۇللا توقاينىڭ يۈز ياشقا تولۇش مۇناسىۋىتى بىلەن چىقىرىلغان بەش توملۇق ئەسەردىكى بەزى شېئىرلەرگە يېڭى «تاتار تىلى» تەرجىمىسى قوشۇمچە قىلىنغان. XIX ئەسىردىكى رۇس ئەدەبىي تىلى ھازىرقى ۋاقىتتا پۈشكىن ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ بېرىش دەرىجىسىدە ئۆزگەرمىگەن ئەھۋالدا، XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئابدۇللا توقاي ئىش كۆرگەن تاتار ئەدەبىي تىلى يېرىم ئەسىر ئۆتە - ئۆتمەستىن يەنە شۇ تاتار تىلىنىڭ ئۆزى بىلەن تەرجىمە قىلىپ بېرىش ھالىغا چۈشۈپ قالغانلىقى كىشىنى ئويلاندۇرماي قويمايدۇ.

دۇرۇست، تىل تەرەققىياتىدا قانۇنىيەتلىك ئۆزگىرىشلەر بولۇپ تۇرىدۇ. كونىراپ

# ئۇيغۇرلاردىكى سېھىرگەرلىك ئادەتلىرى ھەققىدە

ئوسمان ئىسمائىل

«سېھىرگەرلىك» خەلق ئارىسىدا «سېھىرلەش» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقادنىڭ بىر خىل ئىپادىلىنىش شەكلى، يەنى ئىپتىدائىي دىنىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىشى، رېئاللىشىشى ۋە كونكرېتلىشىشىدىن ئىبارەت.

دىن — تارىخىي تەرەققىياتنىڭ مەھسۇلى. دەسلەپتە ئىنسانلاردا دىن چۈشەنچىسى بولمىغان. پەقەت جەمئىيەت تەرەققىي قىلىپ بەلگىلىك باسقۇچقا كەلگەندە، ئىنسانلار ئابستراكت تەپەككۇر شەكلىگە ئىگە بولغان چاغدىلا، ئاندىن دىن پەيدا بولغان، خۇددى ئېنگېلس ئېيتقاندەك: «دىن ئەڭ ئىپتىدائىي دەۋردە كىشىلەرنىڭ ئۆز تەبىئىتى ۋە ئەتراپىدىكى سىرتقى تەبىئەت ھەققىدىكى خاتا، ئەڭ ئىپتىدائىي چۈشەنچىلىرىدىن پەيدا بولغان①».

ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە پەيدا بولغان دىن «ئىپتىدائىي دىن» دەپ ئاتىلىدۇ. ئىپتىدائىي دىن ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئومۇمىي ئېتىقادى ئىدى، ئۇ ۋاقىتتىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە كىشىلەرنىڭ بىلىش قابىلىيىتى ئىنتايىن تۆۋەن باسقۇچتا تۇرغان شارائىتتا، ئىنسانلار بىر تەرەپتىن ئۆزلىرىنىڭ تەجرىبىلىرىگە تايىنىپ تەبىئەت كۈچلىرىنى يېڭىپ ھاياتىنى ساقلاپ قالماقچى بولغان. يەنە بىر تەرەپتىن قۇدرەتلىك تەبىئەت كۈچلىرى ئالدىدا ئۆزلىرىنىڭ ئاجىزلىقىنى تونۇپ يەتكەن. ئۇلار تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەر خىل شەيئى ۋە ھادىسىلەرنى مەسىلەن، بوران، يامغۇر، چېقىن، كۈن، ئاي، يۇلتۇز، تاغ، دېڭىز، دەريا، ھايۋان، ئۆسۈملۈك تۇغۇلۇش، ئۆلۈش قاتارلىقلارنى چۈشىنەلمەي، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر خىل تەبىئەتتىن تاشقىرى بولغان قۇدرەتلىك كۈچنىڭ

---

ئىستېمالدىن چىققان ئارخائىزم سۆزلەر لۇغەت تەركىبىدىن چىقىپ كېتىدۇ. يېڭى سۆز ئىبارىلار، زامانىۋى ئاتالغۇلار لۇغەت فوندىغا قوشۇلۇپ، تىلنى بېيىتىدۇ، بۇ نورمال ئەھۋال. لېكىن خەلققە ئۆزلىشىپ كەتكەن، تىلنىڭ بەدىئىيلىكىنى ئاشۇرۇۋاتقان مەنىداش سۆزلەرنى كەسكىن «ئىنقىلاب» قىلىش يولى بىلەن لۇغەت تەركىبىدىن چىقىرىپ تاشلاش شۇ مىللەت تىلىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن چوڭ زىيان.

① «لیۇدۋىگ فېيېرباخ ۋە نېمىس كلاسسىك پەلسەپىسىنىڭ ئاخىرى»، «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرىدىن تاللانما» 4 - توم، 250 بەت، خەلق نەشرىياتى 1972 - يىل خەنزۇچە نەشرى.

كارامىتى، ئىنسان بۇنداق كۈچكە تاقابىل تۇرالمايدۇ دەپ قارىغان. بىر خىل يوشۇرۇن، قورقۇنۇچلۇق روھىي ھالەت ئۇلارنى تۈرلۈك چارە - تەدبىرلەرنى ئىشقا سېلىپ تەبىئەتتىن تاشقىرى كۈچنىڭ خەيىر خاھلىقىغا ئېرىشىشكە قىستىغان. مانا بۇ خىل تەبىئەت كۈچلىرىنى ئىلاھ دەپ قاراش ۋە بەلگىلىك شەكىل ئارقىلىق ئۇنىڭدىن پانالىق تىلەش پائالىيەتلىرى ئىپتىدائىي دىنىنى شەكىللەندۈرگەن.

سېھىرگەرلىككە كەلسەك، ئۇ ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئەنە شۇ خىل مەۋجۇت دەپ قارالغان تەبىئەت دۇنياسىدىكى خىلمۇ - خىل مۇقەددەس روھلارغا تەسىر كۆرسىتىشكە ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا ئۇرۇنۇش مەقسىتىدىكى ھەرىكەت - پائالىيەتلىرىدۇر. ئىپتىدائىي كىشىلەر تەبىئەت دۇنياسىدا ۋە كىشىلىك جەمئىيەتتە يۈز بېرىدىغان بارلىق بەخت ۋە ئاپەتلەرنى ياخشىلىق ۋە يامانلىقلارنى، مۇۋەپپەقىيەت ۋە مەغلۇبىيەتلەرنى ھەر خىل روھلارنىڭ كارامىتىدىن بولىدۇ، دەپ چۈشەنگەن، ئۇلار يەنە تەبىئەت دۇنياسىدىكى خىلمۇ - خىل روھلارنىڭ «سېھىرلىق تىلى» نى بىلگەندىلا، ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرغىلى، شەرتلىرىنى ئادا قىلغاندىلا ئاندىن ئۇلارغا تەسىر كۆرسەتكىلى، تاقابىل تۇرغىلى ۋە ئۇنى كونترول قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىنسانلارغا كەلتۈرىدىغان يامانلىقىنى ياخشىلىققا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ دەپ قارىغان. بۇنداق ئىزدىنىشنىڭ نەتىجىسىدە تىلاۋەت قىلىش، ئەپسۇن ئوقۇش، پال ئېچىش، پەرھىز تۇتۇش، پېرىخونلۇق قىلىش قاتارلىق خىلمۇ - خىل سېھىرگەرلىك پائالىيەتلىرى ۋە ئادەتلىرى مەيدانغا كەلگەن. دېمەك، سېھىرگەرلىك ئىپتىدائىي جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ تەبىئەت كۈچلىرىدىن پايدىلىنىش ۋە ئۇنى بويسۇندۇرۇش مەقسىتىدىكى ماھارەت ۋە ئارزۇسىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ قەدىمكى جەمئىيەتنىڭ ئۆزىگە خاس دەرىجىدىن تاشقىرى «ئىلىم - پېنى» ئىدى.

سېھىرگەرلىك مەيدانغا كەلگەن دەسلەپكى چاغلاردا خىلمۇ - خىل قىزىقارلىق سېھىرگەرلىك پائالىيەتلىرى دائىم كوللېكتىپ يوسۇندا ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، كىشىلەر بۇ خىل پائالىيەتلەرنى يەككە ھالدا ئۆتكۈزمەيتتى ياكى ئىنتايىن ئاز ئۆتكۈزەتتى. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى، كىشىلەرنىڭ تەبىئەتنى تونۇشى ۋە بويسۇندۇرۇش ئىقتىدارىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ سېھىرگەرلىك پائالىيەتلىرىنىڭ كوللېكتىپ خاراكتېرى بارغانسېرى ئاجىزلاشتى ھەمدە مەخسۇس كەسپىي سېھىرگەرلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ماھىر شەخسلەر، پېرىخون، پالچى - مۇنەججىملەر مەيدانغا كەلدى. كىشىلەر «سېھىرنىڭ مەخپىيەتلىكىنى بىلىدىغان بۇ كىشىلەر» نى تەبىئەتتىن تاشقىرى روھ (ئىلاھ) نىڭ كىشىلەر ئارىسىدىكى ئەلچىسى دەپ تونۇدى ۋە ئۇلارغا ئىلتىجا قىلدى. كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە (بولۇپمۇ سىنىپىي جەمئىيەتكە كەلگەندە) ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى سېھىرگەرلىكنىڭ ئاساسى بولغان ئىپتىدائىي دىنىنى تەدرىجىي يوقىتىپ تاشلىدى. ئەمما ئۇنىڭ ئورنىغا

يېڭى دىن پەيدا بولدى. ئەگەر ئىپتىدائىي دىنىنىڭ پەيدا بولۇشى كىشىلەرنىڭ تەبىئەت دۇنياسىنىڭ بېسىمىغا باش ئېگىشىدىن، تەبىئەت كۈچلىرى پەيدا قىلغان قورقۇنۇش ۋە گاڭگىراشلاردىن بولغان دېسەك، ئۇ ھالدا سىنىپىي جەمئىيەتتىكى دىن سىنىپىي ئېزىلىش ئېلىپ كەلگەن تۈرلۈك جاپا ـ مۇشەققەت ۋە زىيانكەشلىكلەرنى توغرا تونۇيالماسلىقتىن پەيدا بولغان، دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئىپتىدائىي دىن ھازىرقى زامان دىنلىرىغا ئۆزگەردى، يەنى دىن ئۆزىنىڭ ئىپتىدائىي شەكلىنى يوقىتىپ، كونكرېت نەرسىلەرگە چوقۇنۇشتىن كۆپ خۇدالىقتىن بىر خۇدالىققا تەرەققىي قىلدى. بۇ جەھەتتە دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئۈچ دىن — بۇددا، خرىستىئان ۋە ئىسلام دىنلىرى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە، بۇ دىنلارنىڭ ھەرقايسىسى ئىپتىدائىي دىن بىلەن ئوخشىمىغان ھالدا دىنىي ئەقىدە ۋە دىنىي قائىدىلەرگە، بەلگىلىك ئىچكى قۇرۇلمىغا، ھەتتا دىنىي ئەقىدىلەرنى سىستېمىلىق ھالدا چۈشەندۈرىدىغان مۇقەددەس كىتابلارغا ئىگە بولدى. ئۇلار ئىتائەت قىلىش ۋە جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە بەرداشلىق بېرىشنى تەشۋىق قىلىپ كىشىلەرنىڭ بارلىق ئۈمىدلىرىنى خۇداغا ۋە توقۇپ چىقىلغان «جەننەت» كە باغلاتقۇزدى. ئىدېئالىستىك تەقدىرچىلىكنى ئىپتىدائىي دىنىنىڭ، تەبىئەتكە قارشى ئاكتىپ كۆرەش قىلىشنىڭ ئورنىغا دەسسەتتى.

سىنىپلار ۋە ھازىرقى زامان دىنلىرى پەيدا بولغاندىن كېيىن ئىپتىدائىي سېھىرگەرلىك ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ھادىسىگە ئايلاندى. ياكى ئەزگۈچى سىنىپلار ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلدى ۋە ياكى ھازىرقى زامان دىنلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈۋېتىلدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئۇرغۇنلىغان پېئوداللىق، خۇراپاتلىق قاراشلىرىنى ئۆزىگە يۇقتۇرۇۋېلىپ خەلق ئىچىدە داۋاملىق تارقىلىپ كەلدى. شۇڭلاشقا، بىز بۈگۈنكى كۈندە كۆرۈۋاتقان سېھىرگەرلىك پائالىيەتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئىككى ياقلىملىققا ئىگە: بىر تەرەپتىن ئۇنىڭدا سېھىرگەرلىك ئەنئەنىسى ساقلاپ قېلىنغان، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ شەكىل جەھەتتىن ئۆزگىرىپ نۇرغۇن يېڭى مەزمۇنلارغا ئىگە بولغان. ئۇ خاراكتېر جەھەتتىنمۇ دىنىي خۇراپاتلىق بىلەن ئايرىۋالغىلى بولمايدىغان نەرسىگە ئايلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ماھىيىتىنى يوقىتىپ ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا پۇتلىكاشاڭ بولۇپ قالدى.

× × ×

سېھىرگەرلىك بىرخىل ئىنتايىن مۇرەككەپ بولغان ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ھادىسىسى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سېھىرگەرلىك پائالىيەتلىرى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان ئەنە شۇ ئىپتىدائىي دەۋر بىزدىن ئىنتايىن يىراقتا قالغاچقا، ئۇنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى كۆرۈۋېلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇرلارنىڭ

ئىپتىدائىي سېھىرگەرلىك كۆز قارىشى ۋە ئادەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتا قىممەن تارىخىي ماتېرىياللاردىن پايدىلانغاندىن باشقا، ئاساسلىقى بۇ خىل ئادەتلەرنىڭ هازىرقى زاماندىكى ساقلىنىۋاتقانلىرىنى ئۆرنەك قىلىشقا مەجبۇرمىز. بۇ ئىز - ساقلىندىلارنىڭ بەزىلىرى ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىن هازىرغىچە ئەۋلادمۇ - ئەۋلاد كۈچلۈك ئەنئەنە سۈپىتىدە بىۋاسىتە داۋام قىلىپ كەلگەن، يەنە بەزىلىرى شامان دىنى زەردۇش دىنى، بۇددا دىنى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدە - قائىدىلىرى بىلەن ئۆزئارا قويۇق ئارىلىشىپ ئۆزگىچە بىر خىل مىللىي ئېتىقاد شەكىللىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

1 . تىلاۋەت سېھىرگەرلىكى: تەبىئەت كۈچلىرى ۋە ئىلاھلارنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا ئىشلەپچىقىرىشتا مول-ھوسۇل ئېلىش ۋە كىشىلەرنىڭ ئامانلىقىنى تىلەش ئىپتىدائىي سېھىرگەرلىكنىڭ ئەمەلىي مەقسىتى. تىلاۋەت كىشىلەرنىڭ ئەنە شۇ مەقسەتتىكى گۈزەل ئارزۇ - غايىلىرىنىڭ ئىپادىسى، قەدىمكى كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۇۋچىلىق پائالىيەتلىرىدە غەلىبىگە ئېرىشىش ئۈچۈن تىلاۋەت سېھىرگەرلىكى بىلەن كەڭ كۆلەمدە شۇغۇللانغان، قەدىمكى غار رەسىملىرى بۇ خىل سېھىرگەرلىك پائالىيەتلىرىنى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. داڭلىق ئېتنوگرافلار ۋە فولكلورشۇناسلار قەدىمكى ئۆڭكۈر سىزمىلىرى ۋە تاش ئويما رەسىملەردىكى هايۋاناتلارنىڭ كۆرۈنۈشلىرىنى دائىم سېھىرگەرلىك چۈشەنچىلىرى ئاساسىدا ئىزاھلايدۇ. يەنى ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىبويىچە ئىپتىدائىي كىشىلەرنىڭ بۇ خىل رەسىملەرنى ئىجاد قىلىشى ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ گۈزەللىككە بولغان ھەۋەسلىرى ۋە ئىنتىلىشلىرىنى قاندۇرۇش ئۈچۈنلا بولغان ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ هايۋاناتلارنى سىزىشى دەل ئۇلارنىڭ ئۇۋچىلىق پائالىيەتلىرىنىڭ بىر خىل ئۇسۇل - ۋاستىلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ ئۇۋچىلىق ئەمگىكىدە مۇۋاپىقىيەت قازىنىشنى مەقسەت قىلغان① ئىپتىدائىي جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ كۆز قارىشى بويىچە غار رەسىملىرىدىكى هايۋاناتلارنىڭ ئوبرازى بىر خىل ئابستراكت نەرسە ئەمەس، بەلكى ئۇلار ئەمەلىي هايۋاناتلار بىلەن ئوخشاش هايۋاناتلارنىڭ شەكلىنى تاشقا چۈشۈرۈۋالغانلىقىنىڭ ئۆزى ئۇلارنى تۇتۇپ تۇرغانلىق بىلەن باراۋەر، چۈنكى مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق هايۋاناتلارنىڭ روھىنى چاقىرىپ كەلگىلى بولىدۇ.

شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن بۇ خىل سېھىرگەرلىك پائالىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان غايەت زور تاش سۈرەتلەر ئىزچىل تېپىلىپ كەلمەكتە. بۇنداق تاش سۈرەتلەر ئاساسەن تەڭرى تاغ، ئالتاي تېغى، ئالتۇنتاغ ۋە كۇئېنلۇن تېغى قاتارلىق تاغلىق رايونلارغا جايلاشقان بولۇپ، هازىرغىچە ئىلقا، قورغاس، موڭغۇلكۈرە، توققۇز تارا، تېكەس، چۆچەك، دۆربىلجىن، چاغانتوقاي، تولى، بۆرتالا،

① تاۋلىفەن: «فولكلور ھەققىدە بايان» مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى نەشرىياتى، خەنزۇچە 253 - بەتكە قاراڭ.

ئارشاڭ، قۇمۇل، توقسۇن، گۇما، چەرچەن، كورلا، مارالبېشى، چاقىلىق، خوتەن، كۇچا، ئارا تۇرۇك قاتارلىق 30 نەچچە ناھىيە ۋە شەھەر ئەتراپىدىن 50 كە يېقىن تاش سۈرەت نۇقتىسى تېپىلدى، بولۇپمۇ بۇنىڭ ئىچىدە چەرچەن ناھىيىسىنىڭ ئالتۇنتاغ رايونى مۆلچەر دەرياسى بويىدىكى قىيا تاشلارغا ئويۇلغان سۈرەتلەر دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، تارىخىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ۋە مەزمۇنىنىڭ موللىقى جەھەتتىن كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئۇنىڭ كۆلىمى 3 — 4 مىڭ كىۋادرات مېترغا، سانى نەچچە مىڭ پارچىغا يېتىدۇ. بۇ سۈرەتلەردە ھەر خىل قىياپەتتىكى ئادەملەر، ھايۋانلار، ئۇۋچىلىق پائالىيەتلىرى ۋە ھەر خىل بەلگىلەر ئىپادە قىلىنغان. ئادەملەرنىڭ سۈرەتلىرى ئىچىدە قۇيرۇقى بار كىشىلەر، سەكرەۋاتقان ۋە پۇت قولىنى كېرىپ تۇرغان كىشىلەر، قاتتىق غەزەپكە كېلىپ ئېتىلىش ئالدىدا تۇرغان كىشىلەر بار. بۇ سۈرەتلەر ئىچىدە ھايۋانلارنىڭ سۈرەتلىرى ئەڭ كۆپ بولۇپ ئۇلاردىن تۆگە، ياۋا كالا، قوتاز، ئارقار، تاغ تېكىسى، بۆكەن، بۇغا، كىيىك، جەرەن، ئات، يىلپىز قاتارلىقلار كۆركەم ۋە ئوبرازلىق ئويۇلغان. ئۇلار خۇددى تىرىكتەكلا كۆرۈنىدۇ. بۇ خىل سۈرەتلەر بولۇپمۇ قۇيرۇقلۇق ئادەملەر قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ ھايۋانلارنى ئۇۋلاش مەقسىتىدىكى تىلاۋەت سېھىرگەرلىك پائالىيەتلىرىنى بىۋاسىتە ئىنكاس قىلىپ بېرىدۇ.

كۆچلۈك تەسەۋۋۇرىمىزنى قوزغاپ، چوڭقۇر ئويلاندۇرىدىغىنى شۇكى، قىيا تاشلارغا ھەر خىل يېزىققا ئوخشاش بەلگىلەر، ئالقان سۈرىتى، تۆت چاسا، يۇمىلاق ۋە رومبا شەكىللىك سىزىقچىلار ئويۇلغان، ئالقان سۈرەتلىرى بەزى سۈرەتلەر گورۇپپىسىغا بەش - ئالتىدىن، بەزىلىرىگە ئون نەچچىدىن ئويۇلغان. بۇنداق ئالقان سۈرەتلىرى ناھايىتى قەدىمكى زاماندىكى بىر خىل بەلگە بولۇپ، ئۇ فرانسىيە ۋە ئىسپانىيىدىكى كونا تاش قوراللار دەۋرىدىكى ئائىمت تاش غارلارغا ئويۇلغان سۈرەتلەر ئىچىدە، ئاۋستىرالىيە ۋە شىمالىي ئامېرىكىدىن تېپىلغان قىياتاش سۈرەتلىرى ئىچىدە، جۇملىدىن ئىچكى موڭغۇلدىكى چۇغاي تاغلىرىدىكى قىياتاش سۈرەتلىرى ئىچىدىمۇ ئۇچرايدۇ①. بىزنىڭ قارىشىمىزچە بۇ خىل بەلگىلەر ياخشىلىق ۋە يامانلىق ھەققىدە ئالدىن مەلۇمات بېرىدىغان پالچىلىق سېھىرگەرلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى ياكى قەدىمكى كىشىلەرنىڭ تەبىئەت دۇنياسىدىكى خىلمۇ - خىل سىرلىق كۈچلەرگە قىلغان بىشارەت تىلى، يەنى «يادا تاش» سېھىرگەرلىكىنىڭ دەسلەپكى نۇسخىلىرى بولۇشى مۇمكىن.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئالتۇنتاغ قەدىمكى قىيا تاش سۈرەتلىرى بۇنىڭدىن 6000 — 8000 يىللار ئىلگىرى مەيدانغا كەلگەن② بۇ ھال بىزگە شۇنى ئۇقتۇ-

① «جاھاننامە» 2 - قىسىم 659 - بەتكە قاراڭ.

② «بۇ ھەقتە، «جاھاننامە» 2 - كىتاب 660 - بەتكە قاراڭ.

رىدىكى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئوۋچىلىق بىلەن ھايات كەچۈرۈۋاتقان ناھايىتى قەدىمكى زاماندىلا كۈچلۈك سېھىرگەرلىك ئېتىقادىغا ئىگە بولغان.

قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تاشقا چوقۇنۇش ۋە ئۇنىڭدىن بىرەر نەرسە تىلەش ئادىتى تىلاۋەت سېھىرگەرلىكىنى تېخىمۇ روشەن ئىپادە قىلىپ بېرىدۇ. ئۇلۇغ تىلشۇناس مەھمۇت قەشقەرىي ئۆزىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرىدە «يادا تاش، سېھىرگەرلىكى» ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «يادا - بىر خىل سېھىرگەرلىك بولۇپ يامغۇر، شامال ۋە باشقىلارنى تىلەش ئۈچۈن مەخسۇس تاشلار ياردىمى بىلەن سېھىر قىلىنىدۇ. بۇ ئادەت ئۈلارنىڭ ئارىسىغا كەڭ تارقالغان. مەن بۇنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ئۇ يەردە بىر يانغىن بولغاندا، يانغىننى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن شۇنداق قىلىنغانىدى، خۇدانىڭ ئەمرى بىلەن يازدا قار ياغدى، كۆز ئالدىمدا ئوت ئۆچۈرۈلدى»،① مەھمۇت قەشقەرىي تىلغا ئالغان بۇ خىل تىلاۋەت سېھىرگەرلىكى تۈركىي خەلقلەر ئارىسىغا ناھايىتى كەڭ تارقالغان بولۇپ، ئۇيغۇرلاردا كېيىنچە «يادا تاش» سېھىرگەرلىكى ئاساسىدا ئەل - يۇرت بويىچە «زارا خەتمە» ئۆتكۈزۈپ يامغۇر تىلەش ئادىتى پەيدا بولغان ۋە بۇ خىل ئادەت ئىسلام دىنىنىڭ قويۇق تەسىرىگە ئۇچراپ بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كەلگەن.

ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇرلاردا تاش مەبۇدە، ياغاچ مەبۇدە ۋە ساپال مەبۇدە-لەردىن بىرەر نەرسە تەلەپ قىلىش ئادىتىمۇ كەڭ ئومۇملاشقان. شىنجاڭنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدىن بۇ خىل مەبۇدىلەر تېپىلدى. بۈگۈنكى كۈندىكى چەت يېزا - قىشلاق دېھقانلىرىنىڭ بازارغا ماڭغاندا، سودىسىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشى ئۈچۈن ئىرىق سېلىش ئادەتلىرىمۇ ئوخشاشلا تىلاۋەت سېھىرگەرلىكىنىڭ بىر تۈرىدۇر.

2) قەستلەش سېھىرگەرلىكى: قەستلەش سېھىرگەرلىكى بەلگىلىك نەرسىلەرگە سېھىرى قىلىش ئارقىلىق رەقىبلىرىدىن ئۆچ ئېلىشقا ئۇرۇنۇش ئادىتىدۇر. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە بۇ خىل سېھىرگەرلىك ئۈسۈلىنىڭ ئۈنۈمىمۇ ئوخشاشلا ناھايىتى كۈچلۈك بولغان. بۇنىڭدا قەست قىلغۇچى ئاۋۋال ئامال قىلىپ رەقىبلىرىنىڭ بىرەر نەرسىنى ئېلىپ كېلىدۇ. مەسىلەن ئۇنىڭ چېچى، تىرنىقى، كىيىمىنىڭ پارچىسى، ئۆي تەئەللۇقاتى قاتارلىقلار، ھەتتا بەزى ۋاقىتلاردا رەقىبلىرىنىڭ ئاياغ ئىزى، شۆلىسى، سۈرىتى قاتارلىقلارمۇ ئىشلىتىلىدۇ. ئومۇمەن رەقىبلىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان نەرسىلەر ئېلىپ كېلىنىپ ئۇنىڭغا سېھىر قىلىنىدۇ. ئىپتىدائىي كىشىلەرنىڭ چۈشەنچىسىدە، بۇ نەرسىلەر، رەقىبىنىڭ روھى ۋە ئەرۋاھىنىڭ بىر قىسمى، بۇ نەرسىلەرنى سېھىر بىلەن بەنت قىلغاندا ياكى ئۇنى دەسسەپ چەيلىۋەتكەندە، بىر خىل سىرلىق كۈچ پەيدا قىلىپ قارشى تەرەپنى پالاكەت باستۇرغىلى بولىدۇ، دەپ قارىغان. چەت يېزا

① بۇ ئابدۇكېرىم راخماننىڭ «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان» ناملىق كىتابىنىڭ 487 - بېتىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

قىشلاقلاردىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بۇ خىل ئادەتنىڭ ئىزلىرى ھازىرمۇ تېپىلىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى «بىرەر ئادەمنىڭ رەسىمىنى ھاجەتخانىغا تاشلىۋەتسە، شۇ ئادەمنىڭ يۈزىگە داغ چۈشۈپ كېتىدۇ، ياكى ساقايماس كېسەلگە گىرىپتار بولىدۇ»، «بىرەر ئادەمنىڭ دولىسىنى تۇتسا، ئۇ ئادەم قەرزدار بولۇپ قالىدۇ» دېگەنگە ئوخشاش قاراشلارمۇ ئەنە شۇ خىل قەستلەش سېھىرگەرلىكىنىڭ ئىپادىسى. كىشىلەرنىڭ ئېلىپ تاشلانغان چاچ ۋە تىرناقلىرىنى ئېھتىيات بىلەن يىغىشتۇرۇپ مۇۋاپىق جايغا قويۇپ قويۇشى، ئۇلار دەسسەلسە يامان بولىدۇ دەپ قاراشلىرى ئوخشاشلا بەختسىزلىكتىن ساقلىنىش ئۈچۈندۇر، قەدىمكى ئۇيغۇرلار يەنە «تۈكۈرۈك بەدەندىن تاشلىنىۋېتىلگەن نەرسە، ئەگەر تۈكۈرۈك قارشى تەرەپنىڭ بەدىنىگە ياكى يۈزىگە چۈشسە، نەس باسىدۇ دەپ تونۇغان. بۇ قاراش ھازىرمۇ بەزى جايلاردا مەۋجۇت. ئۇنىڭدىن باشقا «بىرەر كىشىنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا تېرىق چېچىۋەتسە، شۇ ئۆيدە ئۇرۇش - ماجرا بولىدۇ»، «تۇزغا سۇ قۇيۇپ پىچاق بىلەن قوچۇسا، دۈشمەنىنىڭ يۈرىكى ئاغرىيدۇ» دەيدىغان ئېتىقادلارمۇ قەستلەش سېھىرگەرلىكىدىن كەلگەن.

3) ھەيدىۋېتىش سېھىرگەرلىكى: ھەيدىۋېتىش سېھىرگەرلىكى كىشىلەرنىڭ ئۆز بەدىنىدىكى كېسەللىكلەرنى سېھىرنىڭ كۈچى بىلەن ھەيدىۋېتىشكە ئۇرۇنۇش ئادەتلىرىدۇر. يەنى بىرەر ئادەم مەلۇم كېسەلگە گىرىپتار بولسا، بۇ ئادەمگە «جىن - ئالۋاستىنى چاپلىشىۋالغان» دەپ قارىلىپ، تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن بۇ جىن - ئالۋاستىنى قوغلىۋېتىمەكچى بولىدۇ. بۇنداق ئۇسۇل ئۇيغۇرلاردا ناھايىتى قەدىمكى زامانىدا كەڭ قوللىنىلغان. خەلق ئارىسىدىكى داخان، باخشى، پېرىخون دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇ ھەيدىۋېتىش سېھىرگەرلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كەسىپىي سېھىرگەرلەردۇر. بىز تۆۋەندە بۇ خىل سېھىرگەرلىكنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ساقلىنىپ قالغان بىرنەچچە تۈرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

يادۇرۇش ئادىتى: بالا تۇغۇلۇپ بىر ياشقا كىرگىچە كۆزى ئەلەس بولۇپ قالسا، ئەپسۇنلىگەندىن كېيىن بۆرە ئۆلتۈرگەن ئادەمنىڭ پىچىقى بىلەن بالىنىڭ ئەلەس كۆزىدىن باش تەرەپكە ياندۇرىدۇ. بۇنىڭدىكى مەقسەت كۆزگە چاپلاشقان يامان روھنى قوغلاپ كۆزنى ساقايتىشتۇر.

تۇزانلاندۇرۇش: بالاغەتكە يەتمىگەن بالىلار تۇيۇقسىز ئورۇقلاپ ئاۋاق بولۇپ قالسا، «تۇزانلاندۇرۇش سېھرى» ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭدا ئاۋۋال يەتتە توگمەنگە بېرىپ ئۇنىڭ تۇزىنىنى ئېلىپ كېلىدۇ. سېھىرگەر بۇ تۇزاننى ئاۋاق بالىنىڭ بەدىنىگە ھەر چارشەنبە كۈنى بىر قېتىمدىن جەمئىي يەتتە نۆۋەت سۈرتىدۇ ۋە ئەپسۇن ئوقۇيدۇ. بەزىدە ئەشۇ تۇزان بىلەن خېمىر ئېتىپ نېپىز يايىدۇ، ئاندىن ئۇنى ئاۋاقنىڭ پۈتۈن بەدىنىگە چاپلايدۇ، بۇمۇ يەتتە قېتىم ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ئاۋاق ئېشى: بۇ خىل ئۇسۇلمۇ ئاۋاق بولۇپ قالغان بالىلارنى داۋالاشتا

قولالمىنامدۇ. ئۇنىڭدا بىرلا قېتىم توي قىلغان يەتتە ئائىلىدىن ئۇن سوراپ ئۇنىڭ بىلەن چامغۇر ۋە تۇزدىن باشقا نەرسە ئارىلاشتۇرماي، سۇيۇقئاش ئېتىدۇ، ئاندىن ھېلىقى ئاۋاق بالىنى سۇيۇقئاشنىڭ ھورىدا ھورلاندۇرىدۇ ۋە ئاشتىن بىر قاچىسا ئىچكۈزىدۇ. قالغان ئاشنى يېڭى تاۋاققا ئېلىپ يېڭى قوشۇق سېلىپ يولنىڭ دوقمۇشىغا قويۇپ قويىدۇ. بۇ ئاش بىرەر ھايۋان تەرىپىدىن ئىچىلسە ئاۋاقتا چاپلاشقان جىنمۇ شۇنىڭ بىلەن كېتىدۇ دەپ قارىلىدۇ.

چاچراتقا سېلىش: تۇيۇقسىز يۈز - كۆزى يارا قاپلاپ كەتسە، چاچراتقا سېلىنىدۇ. بۇنىڭدا، ياڭاقتەك خېمىرنى ئەيلەپ قۇۇقاس ئوتتا كۆمىدۇ، سېھىرگەر داخان ئوچاقتا ئەپسۇن ئوقۇپ ئولتۇرىدۇ. بىر ئازدىن كېيىن ھېلىقى خېمىر «پوك» قىلىپ ئېتىلىپ تەرەپ - تەرەپكە چېچىلىدۇ. بۇ خىل «چاچراتقۇ» نىڭ كارامىتى بىلەن يارا ساقىيىدۇ دەپ قارىلىدۇ.

ئاشلاش: بۇ قورساق ئاغرىقىنى ساقايتىش ئۈچۈن قىلىنىدىغان سېھىرگەرلىك ئادىتىدۇر. بۇنىڭدا ئاشلامىغۇچى چاۋا - چاتقال، نان، كېسەك، كۈل قاتارلىقلارنى قورسىقى ئاغرىغان كىشىنىڭ قورساقلىرىغا بېسىپ تۇرۇپ «چىقساڭ چىقتىڭ، چىقمىساڭ! بورا يۆگەپ ئوت قويۇپ بېرىمەن. سوق كۆچ!» دەپ جىنغا خىتاپ قىلىدۇ.

پېرىخونلۇق: پېرىخونلۇقمۇ خاراكتېر جەھەتتىن ھەيدىۋېتىش سېھىرگەرلىكىنىڭ بىر تۈرى. پېرىخونلۇق مۇزىكا، ئۇسسۇل ۋە ئەپسۇننى بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بارىدىغان جىن - ئالۋاستىلارنى قوغلاش پائالىيىتى بولۇپ، ئۇ ئەڭ ئىپتىدائىي دەۋرلەردىلا مەيدانغا كېلىشكە باشلاپ بۈگۈنكى زامانغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن. پېرىخونلۇقنىڭ ئادەتتىكى قائىدىسى مۇنداق: بىر توڭلۇكلۇك ئۆيگە تۇغ باغلايدۇ. كېسەل شۇ تۇغنى مەھكەم تۇتۇپ تۇرىدۇ، ئاندىن باخشىلار داپ چالىدۇ، ئۇلاردىن بىرى باش پېرىخون بولۇپ، ئۇ قولىدا يامان روھنى قوغلايدىغان تاياقنى تۇتقان ھالدا ئەپسۇننى باشلايدۇ. ئارقىدىن **مەخسۇس** ئاھاڭغا سېلىنغان بىر مۇناجات كوللېكتىپ ھالدا داپقا تەڭكەش قىلىنىپ ئوقۇلىدۇ ۋە كېسەلنى تۇغ ئەتراپىدا ساما سېلىپ چۆگىلەشكە دەۋەت قىلىدۇ. باش پېرىخونمۇ كېسەل كىشىنى ھەيدەپ بىللە ساماغا چۈشىدۇ، باخشىلارنىڭ جەزىسى بارغانسېرى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈپ كېسەل كىشى ھالسىزلىنىپ ھوشىدىن كېتىدۇ. بۇ خىل ھوشىدىن كېتىش كېسەل كىشىگە چاپلاشقان جىن - شەيتانلارنىڭ يەڭگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى دەپ قارىلىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا ھەيدىۋېتىش سېھىرگەرلىكىنىڭ يەنە «ئوتلاش» «كەتمەن بېسىش»، «قان قىلىش» قاتارلىق تۈرلىرىمۇ بار بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى جىن - ئالۋاستىلارنى قوغلاپ، كېسەلنى ساقايتىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

4) ئەپسۇن ۋە تىل تۇمار سېھىرگەرلىكى: ئىپتىدائىي كىشىلەر ئۆز تىلىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ئاجايىپ رولىدىن ھەيران قىلىپ ئۇنىڭغا چوقۇنغان. بۇ خىل چوقۇنۇش ئەڭ يۇقىرى دەرىجىگە كۆتۈرۈلگەندە ئەپسۇن سېھىرگەرلىكى مەيدانغا كەلگەن، ئەپسۇن ئاغزاكى تىل، بىراق بۇ تىل كۈندىلىك ئىجتىمائىي ئالاقە قورالى بولۇشتىن ئاللىقاچان قالغان. ئۇ مەخسۇس سېھىرگەرلىكتە قوللىنىلىدىغان تىلغا ئايلىنىپ كەتكەن بولۇپ، بۇ تىل قەدىمكى زاماندا تەبىئەت دۇنياسىدىكى خىلمۇ-خىل روھلارنى كونترول قىلالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە دەپ تونۇلغان. ئىپتىدائىي كىشىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەپسۇن تىلىنىڭ كۈچ-قۇدرىتى چەكسىزدۇر. شۇڭا، پېرىخونلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى ئۆگىنىپ ئۆز سېھرىنىڭ كۈچىنى ئاشۇرماقچى بولىدۇ.

ئەپسۇن سېھىرگەرلىكنىڭ قوللىنىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ، ئۇ سېھىرگەرلىكنىڭ باشقا شەكىللىرى بىلەنمۇ ئىنتايىن زىچ باغلىنىشقا ئىگە. كىشىلەر ھەر خىل مەقسەتتە ئېلىپ بارغان سېھىرگەرلىك پائالىيەتلىرىنىڭ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۆپىنچە ئەپسۇن تىلىدىن پايدىلانغان. مەسىلەن: قەدىمكى ئوۋچىلىقتا غەلىبە قازىنىش ئۈچۈن قىلىنغان تىلاۋەتتە، يامغۇر تىلەشتە، سەپەرنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىنى تىلەشتە ھەتتا بىرەر كىشىنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىشلاردا ئەپسۇن تىلىنى قوللانغان. قەستلەش سېھىرگەرلىكنىڭ نۇرغۇن شەكىللىرىمۇ ئوخشاشلا ئەپسۇن تىلى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان، ئۇلار قارشى تەرەپنىڭ بىرەر نەرسىنى ئېلىپ كېلىپ ئۇنىڭغا ئەپسۇن ئوقۇپ قەست قىلغان ياكى بىرەر يېمەكلىككە ئەپسۇن ئوقۇپ قارشى تەرەپكە يېگۈزۈپ ئۇنى پالاكەت باستۇرماقچى بولغان. بىز يۇقىرىدا بايان قىلغان ھەيدىۋېتىش سېھىرگەرلىكنىڭ پېرە ئويناش، ياندۇرۇق ئوقۇش، ئاشلاش، ئوتلاش، چاچراتقۇ سېلىش، كەتمەن بېسىش، قان قىلىش قاتارلىق شەكىللىرىنىڭ ھەممىسىدە ئەپسۇن سېھىرگەرلىكىدىن پايدىلىنىدۇ. جەمئىيەت يۈكسەك مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم قويغان بۈگۈنكى كۈندە، ھېچكىممۇ ئەپسۇن تىلىنىڭ يۇقىرىقىدەك سېھىر كۈچىگە ئىشەنمەيدۇ. لېكىن تۇرمۇشتا ئەنئەنىۋى قاراشلار يەنىلا ئۆز رولىنى يوقاتقىنى يوق، ئۇ شەكىل جەھەتتىن ئۆزگىرىش ياساپ يەنىلا خەلق ئارىسىدا ساقلىنىپ كەلمەكتە. مەسىلەن، بۈگۈنكى كۈندىكى بارلىق دەبدەبىلىك سۆزلەر، قاغاش، تىل خەت ۋە قەسەمىيادلار كېلىش مەنبەسى جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئەنە شۇ ئىپتىدائىي ئەپسۇن سېھىرگەرلىكىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇ تىلغا چوقۇنۇشنىڭ داۋامى.

تىل تۇمارمۇ ئەپسۇن سېھىرگەرلىكىنىڭ بىر تۈرىدۇر. ئەسلىدە قەدىمكى تىل تۇمارلاردىكى خەتلەرنى ئادەتتە پېرىخونلار ئىلاھقا ۋاكالىتەن يازغان، شۇڭا قەدىمكى كىشىلەر ئۇنىڭغا چوڭقۇر ئىشەنگەن، ئۇنى يېنىدا ساقلىسا ھەر خىل بالا-قازادىن ساقلانغىلى بولىدۇ، دەپ قارىغان. تىل تۇمارىدىكى خەتلەر قارىسا ئوقۇغىلى بولىدىغاندەك قىلسىمۇ ئەمەلىيەتتە ئوقۇغىلى بولمايدىغان يېزىقتىن ئىبارەت ئىدى.

كېيىنچە ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن بارا - بارا تىل تۇمارغا قۇرئان ئايەتلىرى يېزىلىدىغان بولغان.

5) پالچىلىق سېھىرگەرلىكى: پالچىلىق، سېھىرگەرلىك پائالىيىتىدە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ياخشىلىق ۋە يامانلىق، بالا - قازا ۋە ئامەت كۆز قارىشى ئىنسانلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنىڭ سەۋەب - نەتىجىلىك مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى بىلىمىدۇر. ئۆز ۋاقتىدىكى كىشىلەر تەبىئەتنىڭ قانۇنلىرىنى تولۇق ئىگىلەپ كېتەلمىگەن، بىلىش قابىلىيىتىمۇ ئىنتايىن تۆۋەن بولغان شارائىت ئاستىدا ياخشىلىق ۋە يامانلىق، بالا قازا ۋە ئامەتنىڭ سىرى ۋە بېشارىتى ھەققىدە ئىزدەنگەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پالچىلىق ئۇسۇلىنى تېپىپ چىققان ۋە ئۇنى كىشىلەر ھەرىكىتىنىڭ مىزانى قىلغان، پالچىلىقنىڭ دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ھاياتى ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە سىڭىپ كىرگەن. پالچىلىقنىڭ ئۇسۇللىرىمۇ ھەر خىل - ھەر ياڭزا بولىدۇ. لېكىن پال مەيلى قانداق ئۇسۇل بىلەن سېلىنمىسۇن، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق توغرىسىدا ھۆكۈم چىقىرىپ ئۇنىڭدىن ئالدىن بېشارەت بېرىدۇ، قەدىمكى كىشىلەر ھەممە ئىشتا تېرىقچىلىق، ئوۋچىلىق، ئۇرۇش، ھاۋارايى، سەپەرگە چىقىش ۋە باشقا ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە پالچىلارغا پال سالغۇزاتتى. ئەگەر پال ئوڭۇشلۇق بولۇپ چىقمىسا، بۇ ئىشلارنى ۋاقتىنچە قىلىشقا بولمايتتى.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا پالچىلىق ئىنتايىن كەڭ ئەۋج ئالغان بولۇپ، ھەتتا خان ئوردىلىرىدىمۇ مەخسۇس پالچىلىق مەھكىمىلىرى تەسىس قىلىنغان، پالچىلار خان پادىشاھلارنىڭ مەسلىھەتچىسى سۈپىتىدە يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە بولغان.

پالچىلىق پال ئېچىش ۋە چۈشكە تەبىر بېرىش دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. چۈشكە تەبىر بېرىش ئادىتىمۇ ئۇيغۇرلار ئىچىدە ناھايىتى قەدىمكى تارىخقا ئىگە، بۇ خىل ئادەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن مۇنەججىملەر مەيدانىغا كەلگەن، شۇنداقلا مەخسۇس كىتابلار يېزىلغان. مىلادى IX ئەسىرگە ئائىت ئۇيغۇر ئورخۇن يېزىقىدا يېزىلغان «ئىرىق پۈتۈك» ئەنە شۇنداق ئەسەرلەرنىڭ بىرى. بۇ خىلدىكى ئەسەرلەر مۇنەججىملەرنىڭ دەستۇرى بولۇپ خىزمەت قىلغان.

6) پەرھىز تۇتۇش سېھىرگەرلىكى: پەرھىز تۇتۇش ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردىلا مەيدانغا كەلگەن سېھىرگەرلىكنىڭ بىر تۈرىدۇر. ئىپتىدائىي ئىنسانلار مەلۇم بالا - قازا ۋە بەختسىزلىكلەرگە ئۇچراشتىكى سەۋەبلەرنى بىلەلمىگەن. ئۇلار بىز تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەر خىل مەۋجۇداتلارنى رەنجىتىپ قويغاچقا، بىزنىڭ مەلۇم ھەرىكىتىمىز ۋە گەپ - سۆزىمىز ئۇلارغا ياقمىغاچقا، تەبىئەت كۈچلىرى بىزدىن ئۆچ ئالىدۇ، دەپ قارىغان؛ شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بەزى ھەرىكەتلىرىگە چەك قويغان ۋە ئۇنى كونترول قىلغان، بۇ ئارقىلىق ھەر خىل بەختسىزلىكلەرنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئالدىنى ئالماقچى بولغان. ئىنسانلارنىڭ مانا شۇنداق تەبىئەت مەۋجۇداتلىرىنى رەنجىتمەسلىك ۋە ئۇلارنىڭ جازاسىغا ئۇچرىماسلىق مەقسىتىدە ئۆزلىرىنىڭ بەزى ھەرىكەتلىرىنى مەنئىي قىلىش ئادىتى پەرھىز تۇتۇش دەپ ئاتىلىدۇ. پەرھىز تۇتۇش سېھىرگەرلىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۇنىڭ نۇرغۇنلىغان ئىپادىلىرىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مەسىلەن: «كېيىمنى تەتۈر كىيسە ئىش تەتۈرگە قاراپ ماڭىدۇ» (ئىش ئوڭۇشلۇق بولمايدۇ)، «بالىلارنىڭ بېشىدىن سۆيۈرگىنى ئارتىلدۇرسا، بۇ بالا پاكار بولۇپ قالىدۇ»، «ئەتىمگىنى گازىر چاقسا، ئۇششاق-چۈششەك گەپكە ئارىلىشىپ قالىدۇ»، «قازاننىڭ قارىسىدىن ئارتىلسا، قارا گەپ يۇقۇپ قالىدۇ»، «ئۆينىڭ ئەخلىتى بىلەن كۈلنى بىرگە ئالسا، شۇ ئۆيدە توي بولغان كۈنى ئۆلۈممۇ بولىدۇ»، «ئۆينىڭ ئەخلىتى ئۆيدە تۇرۇپ قالسا، شۇ ئۆيدە مېيىت نەچچە كۈن ساقلىنىپ قالىدۇ»، «چوكا چالسا، ئۇرۇش-ماجىرا بولىدۇ»، «تولغاقنى يات ئادەم بىلىپ قالسا، بالا سالامەت تۇغۇلمايدۇ»، «ئايالىلار چېچىنى قۇرۇق تارىسا، قۇرۇق سۆز، قۇرۇق تۆھمەتكە قالىدۇ»، «بالىلار دۈم يېتىپ يىغلىسا، ئاتا-ئانىسى ۋاپات بولىدۇ»، «قايچىدا تىرناق ئالسا، بالا كۆرمەيدۇ»، «چاينى سورۇپ قويسا شۇ ئۆيگە كەلگەن ئەلچى قايتىپ كېتىدۇ»، «بالىلار توپىنى سورۇپ ئوينىسا، ئانىسى بىلەن دادىسى ئاجرىشىپ كېتىدۇ» ...... دېگەنگە ئوخشاش ئادەت قاراشلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئىنسانلارنىڭ بەلگىلىك ھەرىكەتلىرى چەكلەنگەن بولۇپ، بۇ ئارقىلىق مەلۇم سىرلىق كۈچكە تەسىر كۆرسىتىپ بالا-قازادىن ساقلىنىش مەقسەت قىلىنىدۇ.

7) بېشارەت سېھىرگەرلىكى: قەدىمكى ئۇيغۇرلار تەبىئەت دۇنياسىدىكى خىلمۇ-خىل مەۋجۇداتلار ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىدا يۈز بېرىدىغان بىرەر ئەھۋالدىن ئالدىن بېشارەت بېرەلەيدۇ دەپ قارىغان. قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ قارىشىچە، بۇنداق مەۋجۇداتلار ئۆسۈملۈك بولۇشىمۇ مۇمكىن، ھايۋانات بولۇشىمۇ مۇمكىن، مىنېرال بولۇشىمۇ مۇمكىن، شۇنداقلا كىشلەرنىڭ تۇرمۇش قىزلىرى بولۇشىمۇ مۇمكىن، مەيلى قانداق نەرسە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ نورمال بولمىغان تەبىئىي ھادىسلىرى ۋە كۆرۈنۈشلىرى ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ كەلگۈسى ئىشلىرىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرەلەيدۇ. شۇڭا كىشلەر ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشىدا بۇندىن كېيىن يۈز بېرىدىغان ئەھۋاللارنى ئالدىن بىلىۋېلىش ئۈچۈن تەبىئەت دۇنياسىدىكى نورمالسىزلىقلارغا دىققەت قىلغان ۋە ئۇنىڭغا بەلگىلىك مەنىلەرنى بېرىشكەن ياكى كېيىنكى ھادىسلەرنىڭ سەۋەبىنى ئەنە شۇ نورمالسىزلىقلاردىن ئىزدىگەن، شۇنداق قىلىپ خىلمۇ-خىل بېشارەت كۆز قاراشلىرى ۋە ئادەتلىرى مەيدانغا كەلگەن. مەسىلەن: «سۆگەت گۈلى ئاق ئېچىلسا، شۇ ئۆيدىكى بىرەر ئادەم ۋاپات بولىدۇ»، «چاينىڭ شامىسى تىك بولۇپ قالسا، ئۆيگە مېھمان كېلىدۇ»،

# ئوخشىتىش توغرىسىدا ئىزدىنىش

ئارسلان ئابدۇللا

(1)

ستىلىستىك ۋاسىتىلارنىڭ مۇھىم تەركىبى بولغان ئوخشىتىش ئۇزۇن مۇددەتلىك تىل سەنئىتى ئەمەلىيىتىدىن يەكۈنلەنگەن، مۇئەييەن قۇرۇلمىغا ۋە ئوبيېكتىپ، پسىخىك ھەم ئېستېتىك ئاساسقا ئىگە بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ تىلنىڭ ستىلىستىك ئۈنۈمىنى، ئېستېتىك قىممىتىنى ۋە كىشىلەرنىڭ بەدىئىي ئىپادىلەش ماھارىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئاكتىپ خىزمەت قىلىدۇ. شۇڭا، ئوخشىتىشنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ۋە تۈرلىرىنى پۇختا ئىگىلەش شۈبھىسىزكى، ئىپادىلەشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۈنۈمىگە ئېرىشىشنىڭ مۇھىم شەرتلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ.

---

«قاغا جۈپ قاقىلدىسا، يىراقتىكى تۇغقانلاردىن خۇش ـ خەۋەر كېلىدۇ، تاق قاقىلدىسا، شۇم خەۋەر كېلىدۇ»، «ھۇۋقۇش قىچقارغان جاي ۋەيران بولۇپ كېتىدۇ»[1]...... دېگەنگە ئوخشاش قاراشلارنىڭ ھەممىسىدە بىرەر ئىشتىن ئالدىن بېشارەت بېرىلگەن.

يۇقىرىدا بىز ئۇيغۇرلار ئىچىدە كەڭ تارقىلىپ ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن سېھىرگەرلىك ئادەتلىرىنى بىرنەچچە تۈرگە بۆلۈپ تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۇق. بىراق، بۇ ھەممە سېھىرگەرلىك كۆز قاراشلىرى ۋە ئادەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ كېتەلمەيدۇ، ئەلۋەتتە. چۈنكى، سېھىرگەرلىك شەكىللىرىنىڭ ئۇيغۇرلار ئىچىدە مەيدانغا كېلىش دەۋرى ناھايىتى قەدىمكى زامانلارغا مەنسۇپ بولۇپ، ئۇ نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى مۇشۇ خەلق تۇرمۇشىنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن. سېھىرگەرلىك قاراشلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىقادى، پسىخولوگىيىسى، دىنى، تۇرمۇش شەكىللىرى، ھەر خىل ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى، ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئۆزىنى روشەن گەۋدىلەندۈرەلەيدۇ. بىز خەلق ئىچىدە ئەۋلادمۇ ـ ئەۋلاد داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بۇ خىل ئادەتلەرنى داۋاملىق توپلىشىمىز ھەمدە ئۇنى فولكلور، ئېتنوگرافىيە ۋە ئېغىز ئەدەبىياتى نۇقتىسىدىن ئۈزلۈكسىز چوڭقۇر تەتقىق قىلىشىمىز كېرەك.

ماھىيىتى ئوخشىمايدىغان، لېكىن مەلۇم دەرىجىدە ئوخشاشلىقى بار بولغان شەيئىلەرنىڭ بىرى ئارقىلىق يەنە بىرىنى تېخىمۇ كونكرېت، ئوبرازلىق قىلىپ چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان ستىلىستىك ۋاسىتە ئوخشىتىش دەپ ئاتىلىدۇ. ئوخشىتىشلارغا نىسبەتەن تېخىمۇ چوڭقۇرراق چۈشەنچە ھاسىل قىلىش ۋە ئۇلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئۈچۈن، ئوخشىتىشنىڭ تەبىرى ئۈستىدە ئازراق تەھلىل يۈرگۈزىمىز.

بىرىنچى، ئوخشىتىشنىڭ تەبىرىدە بىر-بىرىگە ئوخشىتىلغان ئوبيېكتلارنىڭ ھەممىسى «شەيئى» دېگەن بۇ ئومۇملاشتۇرغۇچى نام بىلەن ئاتالغان. ئەمەلىيەتتە، مەيلى ئوخشالغۇچى بولسۇن، ياكى ئوخشىتىغۇچى بولسۇن، پەقەت «شەيئى» ئىلا ئەمەس، شەيئىلەرنىڭ تۈرلۈك بەلگە-خۇسۇسىيەتلىرى ھەم ھەرىكەت-ھالەتلىرىنىمۇ كۆرسىتىدۇ، مەسىلەن:

«يورۇشقا باشلىغان دەشتى-چۆلدە ئات چاپتۇرۇپ يۈرگەن ئادەملەر كۆرۈندى. قارارگاھ خۇددى ھەرە ئۇۋىسى چۇۋۇۋۇۋېتىلگەندەك پاتىپاراق بولۇپ كەتتى.»

(ئادىل ياقۇپوۋ «ئۇلۇغبەگ خەزىنىسى»)

مانا بۇ مىسالدا ئوخشالغۇچى — «قارارگاھ» قا ئوخشىتىلغىنى «ھەرە ئۇۋىسى» دىن ئىبارەت شەيئىنىڭ ئۆزى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ھەرىكەت بەلگىسىدۇر.

ئىككىنچى، ئوخشىتىشنىڭ تەبىرىدە، شەيئىلەرنىڭ بىرى ئارقىلىق يەنە بىرى چۈشەندۈرۈلۈشى، يەنى ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىتىغۇچىنىڭ بولۇشى تەكىتلىنىدۇ. لېكىن، ئىپادە ئېھتىياجىغا قاراپ، بەزىدە ئوخشىتىشلارنىڭ مەلۇم تەركىبى قىسقارتىلىپ، شەكلىدە ئۆزگىرىش بولىدۇ، مەسىلەن:

بۇ پور دەرەخ ئۆرۈلۈپ چۈشسە، شاھ مەخسۇت ۋاڭنىڭمۇ تومۇرى چوقۇم ئۈزۈلىدۇ.

(ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر «ئىز»)

بۇ مىسالدا ئوخشالغۇچى شەيئى — «مانجۇ خانى» قىسقارتىلىپ، پەقەت ئوخشىتىغۇچى شەيئى — «پور دەرەخ» ئىپادىلەنگەن ۋە بۇنىڭ بىلەن يوشۇرۇن ئوخشىتىش شەكلى ھاسىل بولغان.

بۇنىڭدىن باشقا، بەزى ئوخشىتىشلاردا ئوخشىتىغۇچى شەيئىنىڭ قىسقارتىلىشىدەك ئالاھىدە ھادىسىمۇ ناھايىتى ئاز ساندا كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

قەلەندەر گەرچە مەدرىسىنى تەرك ئەتكەن بولسىمۇ، كۆڭلىدە مىرزا ئۇلۇغبەگ ھەزرەتلىرىگە ھېچقانداق يامانلىق ساقلىمىغانىدى. ئەكسىچە، ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتى يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قېتىدا ھامان دولقۇنلاپ تۇراتتى.

(ئادىل ياقۇپوۋ «ئۇلۇغبەگ خەزىنىسى»)

بۇ مىسالدا ئوخشىتىغۇچى شەيئى — «دەريا» ياكى «دېڭىز» قىسقارتىلغان! بۇ ئوخشىتىشنىڭ تولۇق شەكلى — «ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتى يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر

قىسمىدا ھامان دەريادەك (دېڭىزدەك) دولقۇنلىنىپ تۇراتتى» دېگەنلەردىن ئىبارەت. دېمەك، قىسقارتىلغان ئوخشىغۇچى شەيئىلەرنى كونتېكستنىڭ ياردىمى بىلەن تولۇقلاپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ. بىراق، بۇنداق قىلىش ھاجەتسىز. چۈنكى كىتابخانلار ئوخشىغۇچى شەيئىلەرنىڭ ھەرىكىتى - ھالىتىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر ئارقىلىق قىسقارتىلغان شەيئىلەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالىدۇ.

ئۈچىنچى، ئوخشىتىشنىڭ تەبىرىدە ئوخشالغۇچى شەيئى بىلەن ئوخشىغۇچى شەيئىنىڭ ماھىيىتى ئوخشىماسلىقى تەكىتلىنىدۇ. چۈنكى، ئوخشىتىش بىر شەيئى ئارقىلىق باشقا بىر شەيئىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان ۋاستە بولغاچقا، ئۆزئارا ئوخشىتىلغان شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتى ئوخشىمىغاندا، ئوي - پىكىر تېخىمۇ كونكرېت ھەم گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. بەزىلەر ئەينى بىر تۈرگە تەۋە شەيئىلەرنىڭ ھەممىسىنى ماھىيىتى ئوخشاش شەيئىلەر دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە، شەيئىلەرنى كۆزىتىشتىكى تۇرغۇ-نۇقتىلارنىڭ ئوخشىماسلىقى سەۋەبلىك، ئەينى بىر تۈرگە تەۋە ئىككى خىل شەيئى ئوتتۇرىسىدا بىر - بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ماھىيەتلىك بەلگىلەر بايقىلىدۇ. شۇڭا، ئوخشالغۇچى شەيئى بىلەن ئوخشىغۇچى شەيئى ئەينى بىر تۈرگە تەئەللۇق بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە خاس ماھىيەتلىك خۇسۇسىيەتلىرى بولسىلا، ئوخشىتىشلاردا ئۇلارنى ماھىيەت جەھەتتىن ئوخشىمايدىغان شەيئىلەر دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئالايلۇق، «ئادەم» گە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىجتىمائىي ئورنى، كەسپى، مىللىتى جىنسى، يېشى ۋە مىجەز - خۇلقىنىڭ ئوخشىماسلىقى سەۋەبلىك، ئۇلاردا بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكلەر شەكىللىنىدۇ. مۇشۇ ئالاھىدىلىكلەر ئۇلارنىڭ ماھىيەتلىك پەرقلىرى ھېسابلىنىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ماھىيەت جەھەتتىن ئوخشىمايدىغان شەيئىلەر دەپ قارىلىشىغا ئاساس بولىدۇ. شۇڭا، نۇرغۇنلىغان ئوخشىتىشلاردا ئەنە شۇنداق شەيئىلەر ئۆزئارا ئوخشىتىلغان. مەسىلەن:

1 ) تورغۇنجان مەھەللىدىكى ياشلار ئىچىدە ھەممىدىن كىچىكى بولسىمۇ، بىلىملىك، ئەدەپلىك، قىزلاردەكلا يۈزى تۆۋەن ئىدى.

(«باھار غۇنچىلىرى»)

2 ) بۇ مەلىدىكى ئادەملەرچۇ، خۇددى بالىلاردەكلا ئاق كۆڭۈل، ساددا.

(ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر «ئىز»)

1 - مىسالدىكى ئوخشالغۇچى — «تورغۇنجان» بىلەن ئوخشىغۇچى — «قىزلار»؛
2 - مىسالدىكى ئوخشالغۇچى — «ئادەملەر» بىلەن ئوخشىغۇچى — «بالىلار» ماھىيەت جەھەتتىن پەرقلىنىدىغان شەيئىلەر دەپ قارىلىدۇ.

تۆتىنچى، ئوخشىتىشنىڭ تەبىرىدە، ئوخشالغۇچى شەيئى بىلەن ئوخشىغۇچى شەيئى ئوتتۇرىسىدا مەلۇم ئوخشاشلىقنىڭ بولۇشى تەكىتلىنىدۇ: چۈنكى، ئوخشاشلىق ئوخشىتىشنىڭ جېنى بولۇپ، ئۇ بولمىسا، ئوخشىتىش شەكىللەنمەيدۇ. ئەمدى، بۇ يەردە تەكىتلىنىدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەسىلىلەرنىڭ بىرى ئوخشىتىلغۇچى شەيئىنى بىلەن ئوخشىتىلغۇچى شەيئىنى ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىق قانچىلىك دەرىجىدە بولۇشى كېرەك دېگەن مەسىلىدىن ئىبارەت. چۈنكى، ئوخشىتىشلاردا ئوخشىتىلغۇچى بىلەن ئوخشىتىلغۇچى مەلۇم بىرلا تەرەپتىن ئوخشىشى، بىرقانچە جەھەتتىن ئوخشاپ قالماسلىقى كېرەك دېگەن كۆز قاراشلارمۇ مەۋجۇت. ئەمەلىيەتتە، ئوخشىتىلغۇچى بىلەن ئوخشىتىلغۇچىنىڭ بىرقانچە جەھەتتىن تەڭلا ئوخشاپ قېلىشى ۋە ئوخشىتىلىشى خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

— ھېچ بولمىسا، مۇيتىمى ئاخۇنۇم بىلەن پاششاپ بېگىم بىزنىڭ ئۆيدە قونغاي، — دېدى پۇت - قوللىرى ياچىۋەگىنىڭكىدەك ئىنچىكە، ئۇزۇن كەلگەن سوۋۇر ھاجى.

(ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر «ئىز»)

بۇ مىسالدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئوخشىتىلغۇچى — «سوۋۇر ھاجىنىڭ پۇت - قوللىرى» بىلەن ئوخشىتىلغۇچى — «ياچىۋەگىنىڭ پۇت - قوللىرى» ئىنچىكىلىكتىلا ئەمەس، ئۇزۇنلۇقتىمۇ ئوخشاپ قالغاچقا، تەسۋىرنىڭ دەل بولۇشى ۋە كىتابخانلارنىڭ چۈشىنىشىگە ئاسان بولۇشى ئۈچۈن، ئاپتور بۇ نۇقتىلارنى تولۇق ئىپادىلىگەن.

بۇ يەردە تەكىتلىنىدىغان يەنە بىر مەسىلە ئوخشاشلىق شەكلەن ئوخشاشلىق ۋە مەزمۇنەن ئوخشاشلىق دەپ ئىككى خىل بولغاچقا، ئوخشىتىشلاردا ئوخشىتىلغۇچى بىلەن ئوخشىتىلغۇچى ھەم شەكلەن، ھەم مەزمۇنەن ئوخشىشى كېرەكمۇ ياكى يا شەكلەن، يا مەزمۇنەن ئوخشىسىمۇ بولۇۋېرەمدۇ دېگەن مەسىلىدىن ئىبارەت. چۈنكى، بەزى يولداشلار «ئوخشىتىلغۇچى بىلەن ئوخشىتىلغۇچى ھەم شەكلەن، ھەم مەزمۇنەن ئوخشىشى كېرەك، پەقەت مەزمۇنەن ئوخشىسا، تاشقى ئاساس كەم بولۇپ قالىدۇ - دە، ئوخشىتىش ئوبرازلىق، تەسىرلىك بولماي قالىدۇ؛ ئەكسىچە، پەقەت شەكلەن ئوخشىسا، ئوتتۇق ئوبرازلىق تۈس ئالسىمۇ، ئۇنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمايدۇ① دەپ» قارايدۇ. بىزنىڭچە، بۇنداق قاراش ئانچە مۇۋاپىق ئەمەس. چۈنكى، شەيئىلەر مەيلى شەكلەن ياكى مەزمۇنەن ئوخشىتىلسۇن، بىرى ئارقىلىق يەنە بىرىنى تېخىمۇ كونكرېت، تېخىمۇ ئوبرازلىق ئىپادىلەش مەقسىتىگە يېتەلىسىلا، بۇ ئوخشىتىش ياخشى ئوخشىتىش ھېسابلىنىدۇ، دەل شۇنداق بولغىنى ئۈچۈن، ئوخشىتىشلارنىڭ مۇتلەق كۆپىنچىسىدە ئوخشىتىلغۇچى بىلەن ئوخشىتىلغۇچى يا شەكلەن، يا مەزمۇنەن ئوخشىتىلغان. مەسىلەن:

1) — كەل، ئاللانىڭ گادايى بەندىسى، — دېدى، — تارتىنما، بالام، يۇقىرى ئۆت — شەيخنىڭ ئاۋازى خۇددى نۇر يېغىپ تۇرغان چىرايىدەكلا يېقىملىق ئىدى.

(ئادىل ياقۇبوۋ «ئۇلۇغبەگ خەزىنىسى»)

2) — زەرباپ تون كېيىپ، كەمىرىگە ئالتۇن دەستىلىك شەمشەر ئاسقان

① يولداش ئەن يولۇقىدىكى «دەستىلەشتىكا ئۆگىنىش» ژورنىلىنىڭ 1986 - يىللىق سانىدىن.

مىرانشاھ دورغا ئەلى قۇشچىغا يەر تېگىدىن بىر قاراپ قويدى ـ دە، رېپىدىگە ئوخشايدىغان كەڭ يۈزىنى باشقا ياققا ئۆرۈپ، مەرمەر پەلەمپەيلەرنى گۈرسىلدىتىپ پەسكە چۈشۈپ كەتتى.

(ئادىل ياقۇبوۋ «ئۇلۇغبەگ خەزىنىسى»)

1 ـ مىسالدا، ئوخشالغۇچى ــ «شەيخنىڭ ئاۋازى» ئوخشىغۇچى ــ «چىراي»غا مەزمۇنەن ئوخشىتىلىش ئارقىلىق، ناھايىتى جانلىق تەسۋىرلەنگەن. 2 ـ مىسالدا، ئوخشالغۇچى ــ «مىرانشاھنىڭ يۈزى» ئوخشىغۇچى ــ «رېپىدە»گە شەكلەن ئوخشىتىلىش ئارقىلىق، ناھايىتى ئوبرازلىق تەسۋىرلەنگەن.

شۇنىمۇ ئەسكەرتىش لازىمكى، ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىق شەيئىلەرنىڭ ئۆزىگە خاس، يەنى ئۇلاردا ئەزەلدىن مەۋجۇت بولغان ئوخشاشلىقلارنى كۆرسەتكەندىن باشقا، كونتېكىستتا مەلۇم شەرتلەر بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدا شەكىللەنگەن ئوخشاشلىقلارنىمۇ كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، كىشىلەر ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچى ئوتتۇرىسىدا ئەزەلدىن مەۋجۇت بولغان ئوخشاشلىقلار ئارقىلىق، ماھىيىتى ئوخشىمايدىغان شەيئىلەرنى ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلەشتۈرۈپ ئوخشىتىش ھاسىل قىلىش بىلەن بىللە، بەزىدە ھېچقانداق ئوخشاشلىقى بولمىغان شەيئىلەردە مەلۇم شەرتلەر بىلەن ئوخشاشلىق پەيدا قىلىش ئارقىلىقمۇ ئوخشىتىش ھاسىل قىلىدۇ. شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى بۇنداق ئوخشاشلىق تۆۋەندىكى شەرتلەر بىلەن ھازىرلىنىدۇ:

(1) ئاپتورنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتى ھەم پىسخىكىسىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن، ئوخشالغۇچى شەيئى مەلۇم ئالاھىدىلىككە ۋاقىتلىق ئىگە قىلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ماس كېلىدىغان ئوخشىغۇچى شەيئى بىلەن ئوخشىتىلىش مۇناسىۋىتىگە كىرگۈزۈلىدۇ. مۇنداق ئوخشىتىشلار ماھىيەتتە ئوخشىغۇچى ئارقىلىق ئوخشالغۇچىنى تەسۋىرلەپ، ئاپتورنىڭ ياكى ئاپتور تەسۋىرلەۋاتقان پېرسوناژنىڭ ئوخشالغۇچى شەيئىگە بولغان سۇبيېكتىپ ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدۇ، مەسىلەن:

— ئۆيدە، مەرھەمەت قىلىڭ، ئۇستاز... — خۇرشىدە بانۇ قولىنى كۆكسىگە ئالغىنىچە كەينىگە يېنىپ، ئۇنىڭغا يول بەردى. بانۇنىڭ ئاۋازىمۇ ئۆزىنىڭ جامالىدەك يېقىملىق ئىدى.

(ئادىل ياقۇبوۋ، «ئۇلۇغبەگ خەزىنىسى»)

بۇ مىسالدىكى ئوخشالغۇچى ــ «ئاۋاز» بىلەن ئوخشىغۇچى ــ جامال ئوتتۇرىسىدا ئەسلىدە ھېچقانداق ئوخشاشلىق بولمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئوخشىتىلىش مۇناسىۋىتىگە كىرگۈزۈلۈشى ئاپتورنىڭ ئۆز ئەسىرىدىكى پېرسوناژ خۇرشىدە بانۇنى تەسۋىرلەشتىكى پىسخىكىسىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن، خۇرشىدە بانۇنىڭ جامالى ھەم ئاۋازى كىشىلەردە يېقىملىق تۇيغۇ پەيدا قىلالايدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە، قىلىنغانلىقى ۋە «ئاۋاز»دىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىبارەت بۇ ئوخشالغۇچى، يېقىملىقلىقى جەھەتتىن ئۆزىگە ماس كېلىدىغان ئوخشىغۇچى — «جامال» بىلەن مۇناسىۋەتلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

(2). ئوخشاشلىقى يوق ئىككى شەيئى باشقا بىر ئوخشىتىشنى شەرت قىلغان ھالدا ئوخشىتىلىش مۇناسىۋىتىگە كىرگۈزۈلىدۇ. مۇنداق ئوخشىتىشلاردا ئەگەر شەرت قىلىنغان ئوخشىتىش بولمىسا، ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىق ھاسىل بولمايدۇ. مەسىلەن:

«1948 - يىلى چۈشۈرۈلگەن ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر يىغىنىدا، گومورو باشلامچىلىق بىلەن، لۇشۈن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان «كالا» بولۇشقا رازى بولغانىدى. مەنچۇ؟ مەن ئاشۇ كالىنىڭ «قۇيرۇقى» بولۇشنى، يەنى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان «قۇيرۇق» بولۇشنى خالايمەن، دەپ ئۆزىنى قۇيرۇققا ئوخشاتقانىدى. ئارقىدىنلا ماۋدۇن مۇنداق دېگەن: «ئۇنداقتا، مەن مۇشۇ كالىنىڭ قۇيرۇقىدىكى «تۈك» بولاي، چۈنكى، بۇ «تۈك» «كالا»غا قونغان قان شورىغۇچى «چىۋىن» ۋە «پاشىلار»نى قورۇيالايدۇ.»

(«ئەدەبىيات گېزىتى» خەنزۇچە نەشرى)

بۇ مىسالدا، «لۇشۈن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان كالا» دېگەن ئوخشىتىش ئالدىنقى شەرت سۈپىتىدە مەۋجۇت بولغاچقا، ئوخشالغۇچى — «گومورو» بىلەن ئوخشىغۇچى — «كالا قۇيرۇقى» ئوخشالغۇچى — «ماۋدۇن» بىلەن ئوخشىغۇچى — كالىنىڭ قۇيرۇقىدىكى «تۈك» ئوتتۇرىسىدا خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتەك ئوخشاشلىق شەكىللەنگەن ۋە بۇ ئىككى ئاتاغلىق يازغۇچىنىڭ ئۆزلىرىنى ئوخشىتىشتىكى كەمتەرلىكى ئىپادىلەنگەن. ئەگەر بۇ ئوخشىتىش ئالدىنقى شەرت سۈپىتىدە مەۋجۇت بولمىسا، گومورو بىلەن قۇيرۇق، ماۋدۇن بىلەن تۈك بىۋاستە ھالدا ئوخشىتىلىش مۇناسىۋىتىگە كىرەلمەيتتى، چۈنكى ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئەسلىدە ھېچقانداق ئوخشاشلىق يوق.

ئومۇمەن، ئەسلىدە ئوخشاشلىقى بولمىغان شەيئىلەرنى مۇناسىۋەتلەشتۈرۈپ ئوخشىتىش ھاسىل قىلىش ئۇقۇل سۈپىتىپ ھېسسىيات بويىچە ئەمەس، بەلكى رېئاللىق ئاساسىدا بولۇشى كېرەك. يەنى ئەسلىدە ئوخشاشلىقى يوق شەيئىلەرنىڭ تەسىرىگە نىسبەتەن ئاپتور ياكى پېرسوناژدا مەلۇم ئورتاقلىققا ئىگە ئىنكاس شەكىللىنىشى، بۇ ئىنكاس رېئاللىققا ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا، ئوخشىتىشتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. مەسىلەن:

«گۈلجامالنىڭ مەڭزىلىرىدە بىلىنەر - بىلىنمەس زىلىق پەيدا قىلىپ، ناز بىلەن كۈلۈمسىرىشى بۇنداق ئوچۇق چىراي بىلەن كۈتۈۋېلىنىشقا كۆزى يەتمەي، غەش بولۇپ يۈرگەن بەختىيارنىڭ قەلبىنى خۇددى باھار شامىلىدەك ئىللىتىپ، قاراڭغۇ ئۆيگە چىراغ يېقىلغاندەك يورۇتۇۋەتكەنىدى.

(«گۈزەل ئارزۇلار»)

بۇ مىسالدىكى ئوخشالغۇچى — «كۆلۈمسىرەش» بىلەن ئوخشىغۇچى — «باھار شامىلى» ۋە «قاراڭغۇ ئۆيگە چىراغنىڭ يېقىلىشى» دا ئەسلىدە ھېچقانداق ئوخشاشلىق يوق. چۈنكى، «كۆلۈمسىرەش» بىلەن «ھارارەت» ۋە «يورۇقلۇق» ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق ئىچكى باغلىنىش بولمىسا كېرەك. شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۇلارنىڭ ئوخشىتىلىشى، يەنى ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئوخشاشلىقنىڭ شەكىللىنىشى ئاپتور تەسۋىرلىگەن پېرسوناژ — بەختىيارنىڭ قىزغا بولغان قىزغىن، چوڭقۇر مۇھەببىتى تۈپەيلى، قىزنىڭ «كۆلۈمسىرىشى» بەختىياردا پەيدا قىلغان ئىنكاس بىلەن «باھار شامىلى» «قاراڭغۇ ئۆيگە چىراغنىڭ يېقىلىشى» نەتىجىسىدە كىشىلەردە پەيدا بولىدىغان تۇيغۇدا رېئاللىققا ئۇيغۇن كېلىدىغان ئوخشاشلىقنىڭ بولغانلىقىدىن ئىبارەت. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، «كۆلۈمسىرەش» بىلەن «باھار شامىلى» ۋە «چىراغنىڭ يېقىلىشى» دا ئوخشاشلىقنىڭ بارلىققا كېلىشى ئاپتورنىڭ «كۆلۈمسىرەش» تىن ئىبارەت بۇ ئوخشالغۇچىنى «ھارارەت» ۋە «يورۇقلۇق» ئاتا قىلىشتەك خۇسۇسىيەتكە ۋاقىتلىق ئىگە قىلىپ، ئاندىن مۇشۇنداق خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئوخشالغۇچى شەيئى — «باھار شامىلى» ۋە «چىراغنىڭ يېقىلىشى» بىلەن مۇناسىۋەتلەشتۈرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

يەنە شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈمىزكى، شەيئىلەردىكى ئوخشاشلىق ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچىنى باغلاپ تۇرىدىغان كۆۋرۈك، يەنى ئوخشىتىشنىڭ جېنى بولسىمۇ، ئۇ، كونتېكستنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئىپادە ئېھتىياجىغا ئاساسەن، بەزىدە ئىپادىلىنىپ، بەزىدە ئىپادىلەنمەيدۇ. مەسىلەن:

1) مىرزا ئۇلۇغبەگ تىترەپ ئۈنسىز يىغلاۋاتقان نازىنىننىڭ قوللىرىنى كۆرگەندە، بۇ پەرىزاتنىڭ ھۆسنىخېتىنىڭمۇ خىنە ياققان بارماقلىرىدەك نازۇك ھەم گۈزەل ئىكەنلىكىنى ئەسلىدى.

(ئادىل ياقۇبوۋ «ئۇلۇغبەگ خەزىنىسى»)

2) ئەتراپقا قاراپ باقمامسەن، قىزىل گۈلنىڭ توقىمىدەك، بەش ئاتارنىڭ ئوقىدەك يىگىتلىرىمىز بىلەن پۈتۈن تاغ خەلقى ئەنە ئاۋۇ پەرۋانىدەك ئۆزىنى ئوتقا ئۇرۇۋاتقاندا، نېمىدىن غەم يىگۈلۈك. قالغىنىغا ئاللانىڭ ئۆزى كېپىل.

(ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر «ئىز»)

1 - مىسالدا ئوخشالغۇچى — «ھۆسنىخەت» بىلەن ئوخشىغۇچى — «خىنە ياققان بارماقلار» ئوتتۇرىسىدىكى «نازۇك» ھەم «گۈزەل» لىكتىن ئىبارەت ئوخشاشلىق ئوچۇق ئىپادىلەنگەن؛ 2 - مىسالدا بولسا، ئوخشالغۇچى — «يىگىتلەر» بىلەن ئوخشىغۇچى — «قىزىل گۈلنىڭ توقى» ۋە «بەش ئاتارنىڭ ئوقى» ئوتتۇرىسىدىكى «سەرخىللىق» ۋە «ئۆتكۈر ھەم چەبدەسلىك» تىن ئىبارەت ئوخشاشلىقلار ئاشكارە ئىپادە قىلىنمىغان.

ئومۇمەن، ئوخشىتىشلاردا ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى

ئوخشاشلىقلارنىڭ ئاشكارە ئىپادىلىنىش - ئىپادىلەنمەسلىكى كونتېكستىنىڭ ئېھتىياجى ۋە كىتابخانلارنىڭ توغرا ئاڭقىرالماسلىقىنى نەزەردە تۇتقان ھالدا بەلگىلىنىدۇ.

يۇقىرىقى بايان ۋە مىساللاردىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىش مۇمكىنكى، ئوخشىتىشلارنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى ئوي - پىكىرنىڭ ئوبيېكتى (ئوخشىتىش ئارقىلىق ئىپادىلىمەكچى بولغان ئوبيېكت) بىلەن مەلۇم دەرىجىدە ئوخشاشلىقى بار شەيئىلەرنى مۇناسىۋەتلەشتۈرۈپ، شۇ شەيئى ئارقىلىق پىكىر ئوبيېكتىنى ئىپادىلەشتىن ئىبارەت بولغاچقا، ماھىيىتى ئوخشىمايدىغان شەيئىلەر، يەنى پىكىر ئوبيېكتى بىلەن شۇ ئوبيېكتىنىڭ مەلۇم بىر ئالاھىدىلىكى ئارقىلىق تەسەۋۋۇر قىلىنغان، پىكىر ئوبيېكتىنىڭكىگە ئوخشاش ئالاھىدىلىككە ئىگە باشقا شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىقلارنى بايقاش ئوخشىتىشلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشتىكى نېگىزلىك مەسىلە ھېسابلىنىدۇ. دىئالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزم نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ماھىيىتى ئوخشىمايدىغان شەيئىلەردىكى ئوخشاشلىقلارنىڭ بەزىلىرى شەيئىلەرنىڭ ئۆزىگە خاس بولسا، بەزىلىرى نۇتۇق ئىگىسىنىڭ مۇئەييەن تەجرىبىسى، پىكىر پائالىيىتى ۋە ئالاھىدە نۇتۇق شارائىتى ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ ۋە بايقىلىدۇ، شۇنداقلا، مەلۇم نۇتۇق شەكلى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مانا بۇ ئوخشىتىشلارنىڭ بەدىئىي كۈچىنىڭ شەكىللىنىش مەنبەسىدۇر. چۈنكى ئاڭلىغۇچى ياكى كىتابخان يېڭى ھەم تەسىرلىك ئوخشىتىشلار ئارقىلىق، نۇتۇق ئىگىسىنىڭ تەسۋىرلىمەكچى بولغان پىكىر ئوبيېكتىغا قارىتا چوڭقۇر چۈشەنچە ھاسىل قىلىپلا قالماي، مۇھىمى ئۇنىڭدىن ئېستېتىك ھوزۇر ئالىدۇ.

## 2

ئوخشىتىشلارنى تۈرگە بۆلۈشتە ھازىرغا قەدەر پىكىر بىرلىكى يوق. شۇڭا، ستىلىستىكىغا ئائىت ئەسەرلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە ئۇلارنىڭ تۈرلىرى ۋە بۇ تۈرلەرگە بېرىلگەن ناملار بىردەك ئەمەس. لېكىن، بىر قەدەر ئومۇمىيراق ھەم نوپۇزلۇقراق دەپ قارىلىۋاتقان كۆز قاراش «ئوخشىتىشلار تىلدىكى ئىپادىلىنىش شەكلىگە قاراپ ئېنىق ئوخشىتىش، يوشۇرۇن ئوخشىتىش ۋە ۋەكالىك ئوخشىتىشتىن ئىبارەت ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ» دېگەندىن ئىبارەت. ئوخشىتىشلار قانچە تۈرگە بۆلۈنۈشى ۋە قانداق ناملار بىلەن ئاتىلىشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ يەردىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلە تۈرگە ئايرىش ئۆلچىمىنى تۇرغۇزۇشتىن ئىبارەت. چۈنكى، شەيئىلەرنى تۈرگە ئايرىش ھامان مەلۇم بىر ئۆلچەم ئاساسىدا بولىدۇ. تۈرگە ئايرىشنىڭ مۇۋاپىق بولغان بولمىغانلىقى تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلىنىڭ توغرا، ئىشەنچلىك بولغان - بولمىغانلىقى ۋە ئايرىش ئۆلچىمىنىڭ ئىزچىل بولغان - بولمىغانلىقى بىلەن بەلگىلىنىدۇ.

مەلۇمكى، ئوخشىتىش ئاددىيلاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئوخشاشلىق تەسەۋۋۇرىنىڭ

تىلىدىكى ئىپادە شەكلى بولۇپ، شۇ تەسەۋۋۇرغا سەۋەبچى بولغان شەيئى ئوخشالغۇچى، تەسەۋۋۇر قىلىنغۇچى شەيئى ئوخشىغۇچى دەپ ئاتىلىدۇ. ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچى ئوخشىتىشنىڭ توپ ئامىللىرى ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، ئىپادە ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئوخشىتىشلاردا ئوخشالغۇچى شەيئى كۆرۈلمەسلىكى مۇمكىن. ئوخشىغۇچى شەيئى ئوخشىتىشتىكى پەرقلەنگۈچى ئامىل بولغاچقا، ئالاھىدە ئەھۋاللارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئومۇمەن، كۆرۈلمەسە بولمايدۇ. ئوخشىتىشلار تىلدىكى ئىپادىلىنىش شەكلىگە قاراپ بۆلۈنىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئوخشالغۇچىنىڭ تىلدا ئىپادىلىنىش - ئىپادىلەنمەسلىكى ئوخشىتىشلارنى تۈرگە ئايرىشنىڭ ئاساسلىق ئۆلچىمى قىلىنىشى كېرەك. نەتىجىدە، ئوخشىتىشلار ئوخشالغۇچىسى بىلەن ئوخشىغۇچىسى ئېنىق ئىپادىلەنگەن ئوخشىتىش ۋە ئوخشىغۇچىسى ئوخشالغۇچىسىغا ۋاكالەتلەندۈرۈلگەن ئوخشىتىشتىن ئىبارەت ئىككى ئاساسىي تۈرگە ئايرىلىدۇ. لېكىن، ستىلىستىكىغا ئائىت كۆپىنچە ئەسەرلەردە بۇ ئۆلچەمگە قوشۇمچە قىلىنغان ھالدا، ئوخشالغۇچىسى بىلەن ئوخشىغۇچىسى ئېنىق ئىپادىلەنگەن ئوخشىتىشلاردا ئوخشىتىش سۆزى ھەم قوشۇمچىسىنىڭ ئىشلىتىلگەن - ئىشلىتىلمىگەنلىكىمۇ ئۆلچەم قىلىنغان، نەتىجىدە ئوخشىتىشلارنىڭ يۇقىرىقى ئۈچ تۈرى بارلىققا كەلگەن ۋە ئېنىق، يوشۇرۇن، ۋەكىللىك ئوخشىتىش دەپ ئاتالغان. قوشۇمچە قىلىنغان ئۆلچەمنىڭ ئالدىنقى ئۆلچەم بىلەن بىر قاتارغا قويۇلۇشى ئانچە مۇۋاپىق بولمىسىمۇ، بۇ بىر ئەنئەنىۋى ئادەت سۈپىتىدە كۆپىنچە ستىلىستىكا ئەسەرلىرىدە، ھەتتا ئوتتۇرا، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىكلىرىدە ئومۇمىيۈزلۈك ئەكس ئەتتۈرۈلۈۋاتقاچقا، بۇنىمۇ يەكلىمەك بىلەن نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ. شۇڭا، تۆۋەندە ئوخشىتىشلارنىڭ مۇشۇ ئىككى ئۆلچەم بويىچە بۆلۈنگەن تۈرلىرى ئۈستىدە توختىلىمىز.

## ئېنىق ئوخشىتىش

ئوخشالغۇچىسى بىلەن ئوخشىغۇچىسى تەڭ كۆرۈلۈپ، ئوخشىتىش سۆزى ۋە قوشۇمچىلىرى بىلەن باغلانغان، ئوخشىتىلىش مۇناسىۋىتى ئېنىق ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغان ئوخشىتىش شەكلى ئېنىق ئوخشىتىش دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

مىرانشاھتىن كېيىن، جۈۋىلىرىنىڭ تېشىدىن ئاق شايى تون كىيگەن، باشلىرىغا ئاپئاق يىپەك سەللە ئورىۋالغان بىر توپ ئۆلىما مەغرۇرانە قىياپەتتە گويا ئاق غازلاردەك گەدىيىپ مېڭىپ كىرىپ كېلىشتى. (ئادىل ياقۇبوۋ «ئۇلۇغبەگ خەزىنىسى»)

بۇ، ئېنىق ئوخشىتىشنىڭ تىپىك مىسالى بولۇپ، ئوخشالغۇچى «ئۆلىما» بىلەن ئوخشىغۇچى — «ئاق غاز» تەڭ كۆرۈلگەندىن سىرت، «گويا، دەك» دېگەن ئوخشىتىش سۆزى ھەم قوشۇمچىسى بىلەن باغلىنىپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشىتىلىش مۇناسىۋەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

زاھايىتى ئېنىق ئىپادىلەنگەن.

ئېنىق ئوخشىتىشلارنىڭ فورمىلاسى «A B غا ئوخشايدۇ» دېگەندىن ئىبارەت بولۇپ، A بىلەن B ، يەنى ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچى ئوتتۇرىسىدا مەلۇم ئوخشاشلىقنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئېنىق ئوخشىتىشلاردا ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچى ئاساسەن، «گويا، خۇددى، كەبى، مىسالى، بەئەينى ئوخشاش» دېگەندەك سۆزلەر ۋە «دەك — تەك» قوشۇمچىلىرى بىلەن باغلىنىدۇ.

ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچىنىڭ ئورۇن تەرتىپىدىن قارىغاندا، ئوخشىتىشلارنىڭ كۆپىنچىسىدە ئوخشالغۇچى ئالدىدا، ئوخشىغۇچى كەينىدە بولىدۇ (يۇقىرىقى مىساللارغا قاراڭ)، يەنە بىر قىسىم ئوخشىتىشلاردا ئۇلارنىڭ ئورۇن تەرتىپى ئالماشتۇرۇلۇپ، ئوخشىغۇچى ئالدىدا، ئوخشالغۇچى كەينىدە كېلىدۇ. بۇ ھادىسە ئومۇمەن مۇنداق ئىككى خىل سەۋەب بىلەن بولىدۇ. بىرىنچى، ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچى سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەت جەھەتتە ئېنىقلىغۇچىلىق باغلىنىشتا كەلسە، ئوخشىغۇچى تەركىب ئوخشىتىش سۆزى ۋە قوشۇمچىسىنىڭ ياردىمى بىلەن ئېنىقلىغۇچى ئورنىدا كۆرۈلۈپ، ئوخشالغۇچىنى ئېنىقلايدۇ. مەسىلەن:

بوي-بەستىنىڭ يوغانلىقى ۋەرەڭگى-رويىنىڭ قارىلىقى بىلەن كۆيۈپ كەتكەن توغراققا ئوخشايدىغان ھاشىر تەيجى بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، ئورنىدىن دەس قوپتى-دە، شامەلخۇتقا تازىم بىجا كەلتۈرگەچ، مۇنداق دېدى:...

(ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر «ئىز»)

مانا بۇ مىسالدا ئوخشىغۇچى — «كۆيۈپ كەتكەن توغراق» ئالدىدا كېلىپ، ئوخشالغۇچى — «ھاشىر تەيجى» نى ئېنىقلىغاندىن باشقا، ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىقمۇ ئوخشىغۇچىنىڭ ئالدىدا كەلگەن.

ئىككىنچى، ئوخشىغۇچى تەركىبىنىڭ قۇرۇلمىسى مۇرەككەپلەشسە ۋە ئوخشالغۇچى تەركىب جۈملىدە ئىگە بولۇپ كەلسە، ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچىنىڭ ئورۇن تەرتىپى ئالماشتۇرۇلۇپ، ئوخشىغۇچى ئالدىدا، ئوخشالغۇچى كەينىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

قاتتىق يامغۇردا تاغ ئېتەكلىرىدىن جىرالارغا ئېقىپ چۈشۈۋاتقان ئۇششاق ئېقىنلار دەھشەتلىك بىر قىيانىنى ھاسىل قىلغىنىدەك، تەرەپ-تەرەپتىن كېلىپ قوشۇلۇۋاتقان كىشىلەر بىلەن قوزغىلاڭچىلار سېپى تېخىمۇ ئۇلغىيىپ، زور قوشۇنغا ئايلانماقتا ئىدى.

(ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر «ئىز»)

بۇ مىسالدىكىدەك، ئوخشالغۇچى جۈملىدە ئىگە بولۇپ كەلگەندە، ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچىنىڭ ئورۇن تەرتىپى ئالماشتۇرۇلسا، ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ ئارىلىقى تېخىمۇ يېقىن بولىدۇ-دە، پىكىر ئوبيېكتىپ تېخىمۇ ئېنىق ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا، ئوخشىغۇچىسى مۇرەككەپ بولمىغان بەزى ئوخشىتىشلاردىمۇ پەقەت مۇشۇ نۇقتا نەزەردە

تۇتۇلۇپ، ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچىنىڭ ئورۇن تەرتىپى ئالماشتۇرۇلىدۇ. مەسىلەن:

«شۇنىڭ بىلەن قايىنغان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيۇلغاندەك، جاھان جىمىپ قالدى.»

(ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر «ئىز»)

ئۇمۇمەن، ئېنىق ئوخشىتىشلاردا ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچىنىڭ ئورۇن تەرتىپى يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەندەك بولۇپ، ئۇلارنى تۆۋەندىكى فورمۇلار بىلەن ئىپادىلەشكە بولىدۇ:

1) ئوخشالغۇچى — (ئوخشىتىش سۆزى) — ئوخشىغۇچى — (قوشۇمچە) — (ئوخشاشلىق).

2) (ئوخشىتىش سۆزى) — ئوخشىغۇچى — (قوشۇمچە) — (ئوخشاشلىق) — ئوخشالغۇچى
(ئوخشاشلىق) — ئوخشىغۇچى — (ئوخشىتىش سۆزى) — ئوخشالغۇچى.

بۇ فورمۇلادىكى تىرناق ئىچىگە ئېلىنغان تەركىبلەر بەزىدە ئىپادىلىنىپ، بەزىدە ئىپادىلەنمەيدۇ.

شۇنىمۇ تەكىتلەش لازىمكى، ئېنىق ئوخشىتىشنىڭ يۇقىرىدىكى شەكىللىرىدىن باشقا، يەنە بىر خىل ئالاھىدىرەك شەكلى بولۇپ، ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى بىر قەدەر مۇرەككەپ بولىدۇ، يەنى بۇنداق ئوخشىتىشلاردا ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچى تەركىبىنىڭ قۇرۇلمىسى تەڭداش قوشما جۈملىلەرنىڭ تارماق جۈملىلىرىگە توغرا كېلىدۇ، شۇنداقلا ئوخشىتىش سۆزى ھەم قوشۇمچىلىرى كۆپ ھاللاردا قىسقارتىلىدۇ، ئوخشىتىلىش مۇناسىۋەت يەنىلا ئېنىق ئىپادىلىنىدۇ. بۇنداق ئوخشىتىشلاردا ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچى ئايرىم-ئايرىم ھالدا تەڭداش باغلانغان تارماق جۈملىلەرنىڭ قۇرۇلمىلىرىغا توغرا كېلىدىغان بولغاچقا، ئۇلار بىر-بىرىگە نىسبەتەن مەزمۇن جەھەتتىن نەقىللىق رول ئوينايدۇ، شۇڭا، بۇ خىل ئوخشىتىش شەكلى نەقىللىق ئوخشىتىش دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

1) — مېنىڭچە، يەرلىك خەلقتىن كۆپرەك ئەسكەر ئېلىپ تاغقا چىقارساق دەيمەن، تېرەك كېسىدىغان پالتىنى ياغاچتىن ساپلايمىز ئەمەسمۇ؟

(ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر «ئىز»)

2) ئوقيا ئاتقاندا نىشانغا، ساز چالغاندا ئاڭلىغۇچىلارغا قاراش كېرەك ئىكەن، ماقالە يازغاندا، نۇتۇق سۆزلىگەندە ئوقۇغۇچىلارغا، ئاڭلىغۇچىلارغا قارىماسا بولامدۇ؟

(ماۋزېدۇڭ «پارتىيە باگۇسىغا قارشى تۇرايلى»)

بۇنداق ئوخشىتىشلاردا ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچى مۇستەقىل ھالدا تارماق جۈملىلەرنى ھاسىل قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئورۇن تەرتىپى بىر قەدەر ئەركىن بولىدۇ. (يۇقىرىقى مىساللارغا قارالسۇن)

# يوشۇرۇن ئوخشىتىش

ئوخشالغۇچىسى بىلەن ئوخشىغۇچىسى تەڭ كۆرۈلمەي، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشىتىلىش مۇناسىۋەت ئېنىق ئىپادىلەنمەيدىغان ئوخشىتىش شەكلى يوشۇرۇن ئوخشىتىش (ياكى مېتافورا) دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن: — ئۆزلە يەنە بىر «توپراق يېغىلىقى» بولسۇن دېمەكچىمۇ؟ جاڭجۇڭ يامۇلىنىڭ مەرگەن سورىغىنى — قان سورىغىنى، خىراج سورىغىنى — جان سورىغىنى...

(ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر «ئىز»)

بۇ مىسالدىكى «مەرگەن سورىغىنى»، «خىراج سورىغىنى» دېگەنلەر ئوخشالغۇچى، «قان سورىغىنى»، «جان سورىغىنى» دېگەنلەر ئوخشىغۇچى بولۇپ، ئۇلار ئېنىق ئوخشىتىشلاردىكىدەك ئوخشىتىش سۆزى ياكى قوشۇمچىسى بىلەن باغلانماي، ھۆكۈم شەكلىدە ئىپادىلەنگەن.

ئومۇمەن، يوشۇرۇن ئوخشىتىشلاردا ئوخشىتىلىش مۇناسىۋەت بىرقەدەر يوشۇرۇن بولۇپ، ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچى شەكىل جەھەتتىن باراۋەرلىك مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەيدۇ. يوشۇرۇن ئوخشىتىشنىڭ فورمۇلىسى «A دېمەك B دۇر» ياكى «A B دېمەكتۇر» دېگەندىن ئىبارەت بولۇپ، ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى بۇنداق مۇناسىۋەت ھۆكۈم باغلىغۇچىلىرى ياكى شۇ رولدا كەلگەن باشقا سۆز، قوشۇمچە ۋە تىنىش بەلگىلىرى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

مەسىلەن: ياڭاقنىڭ ئەسلى لالەدۇر،
قاراشنىڭ جانى ئالادۇر.
ئاغزىڭ ئالتۇن پىيالەدۇر،
قۇيۇپ ئىچسەم چايلارىڭنى.

(«غېرىپ - سەنەم»)

يوشۇرۇن ئوخشىتىشلاردا ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچى كۆپىنچە ئىگە، خەۋەرلىك باغلىنىشتا كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن (ھۆكۈم شەكلىدە ئىپادىلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن)، ئويا - پىكىر ئېنىق ئوخشىتىشلاردىكىگە قارىغاندا كۈچلۈكرەك ئىپادىلىنىدۇ.

يوشۇرۇن ئوخشىتىشلاردا يەنە ئۆز تەركىبىدىكى ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى گرامماتىكىلىق باغلىنىشقا ئاساسەن «ئىزاھلىق، خىتابلىق ھەم كېلىشىداش ئوخشىتىش» دېگەندەك تىپلارغا بۆلۈنىدۇ، لېكىن، ماقالىنىڭ ھەجمى تۈپەيلى، بۇ ھەقتە توختالمايمىز.

## ۋەكىللىك ئوخشىتىش

ئوخشالغۇچىسى كۆرۈلمەيدىغان، ئوخشىغۇچىسى ئوخشالغۇچىغا ۋاكالەتلىك قىلىدىغان ئوخشىتىش شەكلى ۋەكىللىك ئوخشىتىش دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

1) — راست، يامان بولدى، ئۇيان تارتساق ئۆكۈز ئۆلىدۇ، بۇيان تارتساق هارۋا سۇنىدۇ. — دېدى ئېلى پالگىنىمۇ ئاچچىقى بىلەن ئاغزىغا ناس تاشلاپ.

2) شۇنداق، — دېدى تۆمۈر. — قىزىرۇق دۇئاغا پىتمۇ ئۆلمەيدۇ. يىلاننىڭ بېشىنى تاياق - توقماق بىلەنلا يانچىغىلى بولىدۇ.

(ئابدۇرېهىم ئۆتكۈر «ئىز»)

مانا بۇلار ۋەكىللىك ئوخشىتىشنىڭ تىپىك مىساللىرى بولۇپ، 1 - مىسالدا «قانداقلا قىلسا زىيانلىق ئاقىۋەتنىڭ كېلىپ چىقىدىغانلىقى» دېگەن ئىبارەت ئوخشالغۇچى قىسقارتىلغان؛ 2 - مىسالدا «ئارزۇ قىلىنغانغىلا ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقمايدىغانلىقى، دۈشمەننى پەقەت قورال بىلەنلا يوقاتقىلى بولىدىغانلىقى» دېگەن ئىبارەت ئوخشالغۇچى قىسقارتىلغان ۋە ئۇلارغا ھەرقايسى مىساللاردىكى ئوخشىغۇچىلار ۋەكىللىك قىلغان.

يۇقىرىدا ئوخشىتىشلارنىڭ تىلدىكى ئىپادە شەكىللىرى، يەنى قۇرۇلما ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن بۆلۈنگەن ئەڭ تىپىك ھەم ئومۇمىي بولغان تۈرلىرى ئۈستىدە يۈزەكى توختالدۇق. ئەمدى، مۇشۇ ئوخشىتىش تۈرلىرىنىڭ ئوخشىمايدىغان نۇتۇق شارائىتلىرىدا ھەر خىل ستىلىستىك مەقسەتلەر بىلەن قوللىنىلىشى ئارقىسىدا شەكىللەنگەن «ئۇسۇللار» توغرىسىدىمۇ ئازراق توختىلىمىز. چۈنكى، ئوخشىتىش ستىلىستىك ۋاسىتىلار ئىچىدە قوللىنىلىش دائىرىسى ئەڭ كەڭ ھەم ئىشلىتىلىش چاستوتىسى ئىنتايىن يۇقىرى بىرخىل ۋاسىتە بولۇپ، ئۇ نۇتۇق شارائىتى ۋە ئىپادە ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇلۇش نەتىجىسىدە ھەرخىل ئىپادە ئۇسۇللىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن بولىدۇ. يەنە كېلىپ، بۇ ئىپادە ئۇسۇللىرى ئۆز نۆۋىتىدە ئوخشىتىشلارنىڭ ستىلىستىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىشتىكى ئۈنۈمدار ۋاسىتىلىرىدىن ھېسابلانسا، بۇ ئۇسۇللارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى پۇختا ئىگىلەش ئوخشىتىشلاردىن تېخىمۇ ئوبدان پايدىلىنىشنىڭ مۇھىم ئامىلى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، تۆۋەندە مۇشۇنداق ئوخشىتىش ئۇسۇللىرىدىن بىرقەدەر كۆپ ئۇچرايدىغانلىرىنى يۈزەكى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

A . كۆپ تەرەپلىمە ئوخشىتىش (تەكرار ئوخشىتىش)

مەلۇم بىر تىپتىكى ئوخشىتىش ئاساسىدا بىرقانچە ئوخشىغۇچى ئارقىلىق ئەينى بىر ئوخشالغۇچىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان ئوخشىتىش ئۇسۇلى كۆپ تەرەپلىمە ئوخشىتىش (تەكرار ئوخشىتىش) دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇ ئۇسۇل ئېنىق، يوشۇرۇن ياكى ۋەكىللىك ئوخشىتىش ئاساسىدا ھاسىل بولۇپ، ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئوخشىغۇچى ئارقىلىق ئەينى بىر ئوخشالغۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورىخانىسى www.uyghurkitap.com

چىنى ئوخشاش ياكى ئوخشىمايدىغان نۇقتىلاردىن چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغانلىقى ئۈچۈن، پىكىر ئوبيېكتىنى ئالاھىدە تەكىتلەش ۋە كۈچەيتىش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

1) پوپىنىڭ ماڭا شۇ قەدەر يېقىنچىلىق قىلىشى مەقسەتلىك ئىدى، بۇنىڭغا ئەجەبلىنىش ھاجەتسىز. چۈنكى بۇمۇ خۇددى گېلى يامان ئادەم ئاشپەز بىلەن ئۇلپەتلىشىشكە ھەۋەس قىلغىنىدەك، ياسانچۇق ئادەم تىككۈچى بىلەن دوستلىشىشقا ئامراق بولغىنىدەك، كېسەلمەن ئادەم تىۋىپ بىلەن يېقىنلىشىشقا ئۇرۇنغىنىدەك، ئەجەلى يېقىنلاشقان ئادەم شەيخ بىلەن پاراڭلىشىشقا خۇشتار بولغىنىدەك بىر ئىش.

(خەلق ئەدەبىياتى)

2) لېكىن، مېنىڭ جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ دولقۇنى پات ئارىدا يېتىپ كېلىدۇ دېگىنىم ھەرگىز بەزىلەرنىڭ «يېتىپ كېلىشى مۇمكىن» دېگىنىگە ئوخشاش پۈتۈنلەي ئەمەلىي ئەھمىيىتى بولمىغان، ئېرىشكىلى بولمايدىغان قۇرۇق بىر نەرسە ئەمەس. ئۇ — دېڭىز ياقىسىدا تۇرۇپ يىراققا قارىغاندا دېڭىزدىن موما ياغىچىنىڭ ئۇچى كۆرۈنگەن بىر كېمە؛ ئۇ — ئېگىز تاغنىڭ چوققىسىدا تۇرۇپ يىراققا قارىغاندا، شەرقتىن نۇر چېچىپ ئەمدىلا كۆتۈرۈلۈۋاتقان بىر قۇياش، ئۇ — ئانىسىنىڭ قورسىقىدا قاتتىق تەۋرەۋاتقان، پات ئارىدا دۇنياغا كېلىدىغان بىر بوۋاق.

(ماۋزېدۇڭ، «ئۇچقۇندىن يانغىن چىقىدۇ»)

بۇ مىساللاردا ئاستىغا سىزىلغانلار ئوخشىغۇچى بولۇپ، 1-مىسالدا ئەينى بىر ئوخشالغۇچى — «پوپىنىڭ مەقسەتلىك ھالدا يېقىنچىلىق قىلىشى (مەنپەئەتپەرەسلەرنىڭ نەپ ئۈچۈن ئارلانماي كۈچۈكلىنىشى)» ئارقا-ئارقىدىن تۆت ئوخشىغۇچىغا؛ 2-مىسالدا ئەينى بىر ئوخشالغۇچى — «يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ دولقۇنى» ئارقا-ئارقىدىن ئۈچ ئوخشىغۇچىغا ئوخشىتىلغان. بۇ مىساللاردىن يەنە شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، 1-سى ئېنىق ئوخشىتىش ئاساسىدا، 2-سى يوشۇرۇن ئوخشىتىش ئاساسىدا شەكىللەنگەن.

B. ئۇلانما ئوخشىتىش

ئۆزئارا زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان، كېيىنكىلىرى ئالدىنقىسى ئاساسىدا ھاسىل بولغان ئىككىدىن ئارتۇق ئوخشىتىشنى چېتىش ئارقىلىق ئوي-پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان ئوخشىتىش ئۇسۇلى ئۇلانما (ياكى چاتما) ئوخشىتىش دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن: 1) تاغقا دەرھال ئەلچى ئەۋەتمىسەك، بۇ ئوغرىلار كەلكۈندەك باستۇرۇپ كەلسە، قانداق قىلغۇلۇق؟ ھازىرچە بۇ كەلكۈنگە ئاق بايراق بىلەن توغان سېلىپ تۇرايلى، قالغان ئىشنى كېيىن كۆرەرمىز.

(ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر «ئىز»)

2) ھەقىقىي ياخشى ئاتنىڭ كاللىسى «پادىشاھ» قا ئوخشاش دۇرۇس بولىدۇ؛ كۆزى «ۋەزىر» گە ئوخشاش ئۆتكۈر بولىدۇ؛ بېلى «سەركەردە» گە ئوخشاش كۈچلۈك بولىدۇ؛ قورسىقى «قورغان» غا ئوخشاش سىغىمچان بولىدۇ؛ ئايىغى «شاھ پەرمانى» غا ئوخشاش تېز بولىدۇ.

(ساۋيۇ: «ۋاڭ جاۋجۈن»)

1 - مىسالدا ئىككى ئوخشىتىش بولۇپ (ئالدىنقىسى ئېنىق ئوخشىتىش، كېيىنكىسى ۋەكىللىك ئوخشىتىش)، ئالدىنقىسىدا قوزغىلاڭچىلارنىڭ ھۇجۇمى «كەلكۈن» گە ئوخشىتىلغان ۋە بۇ ئوخشىتىش ئاساسىدا كېيىنكىسى ھاسىل بولۇپ، «قوزغىلاڭچىلارنىڭ ھۇجۇمىنى توسۇش «توغان سېلىش» قا ئوخشىتىلغان. 2 - مىسالدا بەش ئوخشىتىش بولۇپ، ياخشى ئاتنىڭ ھەرقايسى ئەزالىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىرى ھەم ئالاھىدىلىكلىرى پادىشاھ، ۋەزىر، سەركەردە، قورغان، شاھ پەرمانى قاتارلىقلارغا ئوخشىتىلىش ئارقىلىق، ناھايىتى كونكرېت، ئوبرازلىق تەسۋىرلەنگەن.

C. قاتلانما ئوخشىتىش

مەلۇم بىر ئوخشىتىشنىڭ باشقا بىر ئوخشىتىشنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى قاتلانما ئوخشىتىش دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنداق ئوخشىتىشلاردا بىرنەچچە تارماق ئوخشىتىش بولۇپ، ئۇلار بېقىنىش - بېقىندۇرۇش مۇناسىۋىتىدە بولىدۇ. بېقىنغۇچى ئوخشىتىش كىچىك ئوخشىتىش، بېقىندۇرغۇچى ئوخشىتىش چوڭ ئوخشىتىش ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن:

1) قىزنىڭ چۇۋۇلۇپ كەتكەن قاپ - قارا چاچلىرى ئارىسىدا، خۇددى بۇلۇتلار ئىچىدىن يېرىم كۆرۈنۈپ تۇرغان تولۇن ئايدەك يۇمىلاق يۈزى مومدەك ئاقىرىپ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەنىدى. (ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر «ئىز»)

2) قۇسەم ئىبنى ئابباس مەقبەرىسى تەرەپتىن تىلاۋەت قىلىۋاتقان قارىنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. مۇڭلۇق كۈيگە ئوخشاش بۇ ئاۋاز گويا باشقا ئالەمدىن كېلىۋاتقان بىھېساب نالىلەرگە ئوخشايتتى.

ئادىل ياقۇبوۋ («ئۇلۇغبەگ خەزىنىسى»)

1 - مىسالدىكى چوڭ ئوخشىتىش — «يۈز»نىڭ «موم» غا ئوخشىتىلىشى بولۇپ، ئۇ، كىچىك ئوخشىتىش — «تولۇن ئايدەك يۇمىلاق يۈز» نى ئۆز ئىچىگە ئالغان؛ 2 - مىسالدىكى چوڭ ئوخشىتىش — «ئاۋاز» نىڭ «نالىلەر» گە ئوخشىتىلىشى بولۇپ، ئۇ، «مۇڭلۇق كۈيگە ئوخشاش بۇ ئاۋاز» دېگەن كىچىك ئوخشىتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

D. ئىنكار ئوخشىتىش

ئوخشالغۇچىسى بىلەن ئوخشىغۇچىسى پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان شەيئىلەردىن تۈزۈلگەن، ئوخشالغۇچىنى ئەكسى تەرەپتىن ئوخشىتىش ئارقىلىق تەستىقلايدىغان، ئىنكار جۈملە شەكلىدىكى ئوخشىتىش ئۇسۇلى ئىنكار ئوخشىتىش دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ

خىل ئوخشىتىش ئۇسۇلى ئوخشالغۇچىنىڭ ئەكسى تەرەپتىن چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان بولغاچقا، ئوخشالغۇچىنى تەكىتلەش، گەۋدىلەندۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

«شېئىر — ئايەت ئەمەس، مەنىسىنى ئۇقماي ئوقۇسىلا بولۇۋېرىدىغان، ياكى ماتا ئەمەس، دۇكان قۇرۇپ توقۇسىلا چىقىۋېرىدىغان.

شېئىر — كەشتە ئەمەس، رەڭدار مەشۇت بىلەن لاتىغا تىكىپ قويۇدىغان، ياكى سۈرەت ئەمەس، قەغەزگە سىزىپ قويسىلا بولۇۋېرىدىغان.»

(ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر «شېئىر ۋە شائىر»)

بەزىدە ئوي-پىكىرنى تېخىمۇ كۈچلۈك ئىپادىلەش ئۈچۈن، ئىنكار ۋە تەستىقى جۈملە شەكىللىرىنى تەڭداش مۇناسىۋەتتە قوللىنىش ئارقىلىق ئىنكار ئوخشىتىش ھاسىل قىلىنىدۇ. بۇ ئۇسۇلنىڭ پىكىر ئوبيېكتىنى، يەنى ئوخشالغۇچىنى قەكىتلەش، گەۋدىلەندۈرۈش رولى ئېنىق ھەم كۈچلۈك بولغاچقا، بەزى لىرىك ئەسەرلەر مۇشۇ ئۇسۇلدا يېزىلىدۇ. ئالاياۋق، ئاتاقلىق شائىر ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «شېئىر ۋە شائىر» ناملىق نەسرى شېئىر ۋە ئەخمەت ئىمىنىنىڭ «مۇھەررىر» ناملىق نەسرى مۇشۇ ئۇسۇلدا يېزىلغان. مەسىلەن:

«شېئىر — ئاسماندىكى يۇلتۇز ئەمەس، كېچىسى پارقىراپ كۆرۈنگەن بىلەن نە ئىسسىقى، نە يورۇقى تەگمەيدىغان. شېئىر — خۇددى بىر مەشئەلدۇركى، كېچە زۇلمىتىدە ئىنسانغا يول كۆرسەتكۈچى ياكى بىر گۈلخاندۇركى، پايانسىز دەشتلەرنى يورۇتۇپ، سوغۇقتىن تىترىگەن تەنلەرگە ئارام بەرگۈچى».

(ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر «شېئىر ۋە شائىر»)

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەنلەر پەقەت ئوخشىتىشلارنىڭ بىر قەدەر كۆپ قوللىنىلىدىغان تۈرلىرىدىنلا ئىبارەت. ئوخشىتىش ئۇيغۇر تىلى ستىلىستىكىسىدا تېخى ئەتراپلىق تەتقىق قىلىنمىغاچقا، ئۇنىڭ تۈرلىرى يۇقىرىقىلار بىلەنلا چەكلىنىدۇ. دەپ ھەرگىزمۇ ئېيتالمايمىز. بۇ كەلگۈسىدىكى تەتقىقاتلاردا تېخىمۇ ئايدىڭلىشىدۇ.

ئەمدى ئوخشىتىشلارنىڭ رولى ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىشتا دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىمىز.

ئوخشىتىش ھامان مەلۇم شەيئى-ھادىسىنى تەسۋىرلەش ۋە مەلۇم داۋلىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ رولى ئاساسەن، ئابستراكت نەرسىلەرنى كونكرېتلاشتۇرۇش، مۇرەككەپ نەرسىلەرنى ئاددىيلاشتۇرۇش، ئادەتتىكى نەرسىلەرنى جانلىق، تەسىرلىك ھەم ئوبرازلىق قىلىپ شەرھلەش، قىسقىسى، نۇتۇقنى بېزەش، نۇتۇقتا ئېستېتىك تۇس كىرگۈزۈش جەھەتلەردە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: «ماركسىزملىق ئۇسۇل سىياسىي ۋە ھەربىي جەھەتتە دۇربۇن ۋە مىكروسكوپ» دېگەن بۇ ئوخشىتىشنى ئالساق، ئۇنىڭدا «ماركسىزملىق ئۇسۇل» دىن ئىبارەت بۇ ئىنتايىن مۇرەككەپ، نەزەرىيىۋى مەسىلە «دۇربۇن» ۋە «مىكروسكوپ» قا ئوخشىتىلىش

ئارقىلىق، ئۇنىڭ تۈپكى ماھىيىتى، سىياسىي ۋە ھەربىي ئىشلاردىكى رولى ھەم ئەھمىيىتى ناھايىتى ئاددىيلاشتۇرۇلۇپ چۈشەندۈرۈلگەن.

دېمەك، ئوخشىتىشلارنىڭ رولى ناھايىتى زور بولۇپ، ئۇلاردىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىش ئۈچۈن، ئۇلارغا قويۇلىدىغان تەۋەندىكىدەك تەلەپلەرگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىش كېرەك.

(1 مۇۋاپىق بولۇش

بۇ ئوخشىتىشلارغا قويۇلىدىغان ئەڭ ئاساسلىق، ئەڭ ئەقەللىي تەلەپ بولۇپ، ئۇنىڭدىكى نېگىزلىك مەسىلە ئوخشاتقۇچى بىلەن ئوخشىغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىقنى بايقاش ۋە شۇ ئوخشاشلىقنىڭ ئەڭ مۇھىم، ئوتتۇقتىكى ئوي - پىكىرگە ئەڭ ئۇيغۇن تەرەپلىرىنى نەزەردە تۇتۇشتىن ئىبارەت. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئوخشىغۇچى شەيئىگە قارىتا توغرا، چوڭقۇر چۈشەنچە ھاسىل قىلىش كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا، ئوخشالغۇچىنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيىتىنى ياكى ئوخشىتىش ئارقىلىق ئىپادىلىمەكچى بولغان مەزمۇننى توغرا گەۋدىلەندۈرگىلى بولمايدۇ. مەسىلەن:

(1) دولقۇن تارايغاندا بولسا، چايقىلىپ تۇرغان قىزغۇچ لاي سۇ خۇددى ئىككى بىسلىق خەنجەردەك، ئىككى قىرغاقتا ئۇرۇلۇپ، دەستىلەنگەن ئاق چېچەكتەك بۇژغۇنلۇنۇپ، ۋەھىمىلىك شارقىرايتتى...

(2) ئىخ پايانسىز دېڭىز، سەن ئۆگمەس بىر خەزىنە، تۆمۈر لەڭگەر سېنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچۇڭ.

1 - مىسالدا، چايقىلىپ تۇرغان قىزغۇچ لاي سۇنىڭ قىرغاقتا ئۇرۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان بۇژغۇننىڭ «دەستىلەنگەن ئاق چېچەك» كە ئوخشىتىلىشى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس، چۈنكى، قىزغۇچ لاي سۇ ئاق چېچەكتەك بۇژغۇنلانمايدۇ؛ 2 - مىسالدا، دېڭىزنىڭ خەزىنىگە ئوخشىتىلىشى مۇۋاپىق بولىدۇ، لەڭگەرنىڭ شۇ خەزىنىنى ئاچىدىغان «ئالتۇن ئاچقۇچ» قا ئوخشىتىلىشى مۇۋاپىق ئەمەس. چۈنكى «لەڭگەر» كېمە - پاراخوتلارنىڭ سۇدا مەزمۇت تۇرۇشى ئۈچۈنلا ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل ئەسۋاپ بولۇپ، ئۇنىڭ قانداقتۇ خەزىنىنى ئاچىدىغان ئاچقۇچلۇق ئىقتىدارى يوق. دېمەك بۇ ئوخشىتىشلار مۇۋاپىق بولمىغان. بۇنىڭدىكى ئاساسىي سەۋەب ئوخشىغۇچى شەيئىلەرگە نىسبەتەن چوڭقۇر، توغرا چۈشەنچىنىڭ بولمىغانلىقىدۇر.

ئوخشىتىشلارنىڭ مۇۋاپىق بولۇشى ئۈچۈن، يەنە بىر تەرەپتىن، ئابستراكت، مەۋھۇم نەرسىلەرنىڭ كونكرېت، ئوبرازلىق نەرسىلەرگە، مۇرەككەپ، قىيىن نەرسىلەرنىڭ ئاددىي، چۈشىنىشلىك نەرسىلەرگە، ناتونۇش نەرسىلەرنىڭ تونۇش نەرسىلەرگە ئوخشىتىلىشىغا دىققەت قىلىش لازىم. چۈنكى، بۇ نۇقتىلار ئوخشىتىشلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتلىرىدىندۇر.

بۇيەردە شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتتۈمىزكى، ئوخشىتىشلارنىڭ مۇۋاپىق بولغان-

بولىدىغانلىقى ئوخشاشلىقى ئوچۇقراق ئىپادىلەنگەن ئوخشىتىشلاردا ئاسان بايقالسىمۇ، ئوخشاشلىقى يوشۇرۇن كەلگەن ئوخشىتىشلاردا خېلى قىيىنغا توختايدۇ. مەسىلەن:

«بىلىم ئېلىش خۇددى يىڭنە بىلەن قۇدۇق قازغاندەك ئىش»

بۇ ناھايىتى ئاددىي بىر ئېنىق ئوخشىتىش بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ئوخشاشلىقنىڭ «قىيىن» لىقتىن ئىبارەت ئىكەنلىكى ئاسانلا بايقىلىدۇ. بىراق، ئوخشىتىشلارنىڭ ھەممىسىلا مۇنداق ئاددىي بولمىغاچقا، ئوخشالغۇچىسى بىلەن ئوخشىغۇچىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىق يوشۇرۇنراق كەلگەن ئوخشىتىشلارنى ئىلمىي يوسۇندا تەھلىل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن:

«كىچىك ئىسكىرىپكا ئوركېستىردىكى ئايال پادىشاھ دېمەكتۇر»

بۇ بىر يوشۇرۇن ئوخشىتىش بولۇپ، قارىماققا ئۇنىڭ تەركىبىدىكى ئوخشالغۇچى — «كىچىك ئىسكىرىپكا» بىلەن ئوخشىغۇچى — «ئايال پادىشاھ» ئوتتۇرىسىدا ئوخشاشلىق مۇناسىۋەت يوقتەك تۇيۇلىدۇ. ئەگەر بىز ئوخشاشلىق مۇناسىۋىتىنى ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچىنىڭ ماھىيەتلىك بەلگىلىرىدىنلا ئىزلىمەي، بەلكى ئۇلارنىڭ مۇھىمراق بولغان تۈرلۈك بەلگىلىرىنىمۇ نەزەردە تۇتساق، شۇنداقلا، ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچىنى بىلدۈرگەن سۆزلەرنىڭ كۆچمە، كېڭەيگەن ۋە كونتېكستتىكى ۋاقىتلىق مەنىلىرىنىمۇ نەزەرگە ئېلىپ سېمانتىك تەركىبلەر بويىچە ئانالىز قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق تەھلىل يۈرگۈزسەك، ئوخشىتىشنىڭ مۇۋاپىق بولغان-بولمىغانلىقىغا توغرا ھۆكۈم قىلالايمىز. تۆۋەندە، بۇ ئوخشىتىشتىكى ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچىنى سېمانتىك تەركىبلەر بويىچە ئانالىز قىلىپ كۆرىمىز.

ئايال پادىشاھ: ئادەم، ئايال، پادىشاھ، ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە؛ (ئۆز مەملىكىتىدە).

كىچىك ئىسكىرىپكا: چالغۇ، ئىسكىرىپكا، كىچىك تىپتىكى، ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە. (ئوركېستىردا).

بۇ تەھلىلنىڭ نەتىجىسىدىن قارىغاندا، ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچى ئۆز دائىرىسىدە ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە ئىكەنلىكى جەھەتتىن ئوخشايدۇ. شۇڭا، بۇ ياخشى ئوخشىتىش ھېسابلىنىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەگەر بىز مۇشۇ تەھلىلنىڭ نەتىجىسىگە ئاساسەن، «ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە» ئىكەنلىكىنى «ئايال پادىشاھ» دېگەن سۆزنىڭ كېڭەيگەن مەنىسى دەپ قارىساق ۋە ئۇنى بۇ مىسالدىكى «ئايال پادىشاھ» سۆزىنىڭ ئورنىغا قويساق، «كىچىك ئىسكىرىپكا ئوركېستىردا ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە» بولىدۇ-دە، بۇ، ئەشۇ مىسالنىڭ بىر ۋارىيانتى ياكى مەنىداش قۇرۇلمىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ ۋە ئوخشىتىشنىڭ مۇۋاپىقلىقىغا دەلىل بولالايدۇ.

2) چۈشىنىشلىك بولۇش

بۇ، ئوخشىتىشلاردىن پايدىلانغاندا، ئاڭلىغۇچى ياكى كىتابخانلارنىڭ ھەر خىل

ئالاھىدىلىكلىرىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئىمكان قەدەر كىشىلەرگە تونۇش ھەم چۈشىنىشلىك بولغان ئوخشىغۇچىلارنى تاللاپ قوللىنىشقا قارىتىلغان.

مەسىلەن: 1) ... خەلق قازاندەك قايناپ، دەريادەك تېشىپ، ئوردىنىڭ چوڭ دەرۋازىسىنى تاش - كېسەكلەر بىلەن ئېتىپ تاشلىدى.

(ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر «ئىز»)

بۇ مىسالدىكى «قاينىغان قازان»، «تاشقان دەريا»، دېگەن ئوخشىغۇچىلار خەلققە تونۇش، چۈشىنىشلىك بولغاچقا، ئوخشالغۇچى بۇلار ئارقىلىق ناھايىتى چۈشىنىشلىك قىلىپ ئىپادىلەنگەن.

بەزى ئوخشىتىشلاردا، ئوخشالغۇچى شەيئى بىلەن ئوخشىغۇچى شەيئىنىڭ مۇناسىۋىتى مۇرەككەپرەك بولۇپ، چۈشىنىش بىر ئاز قىيىنغا توختايدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا، ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچى مۇۋاپىق دەرىجىدە ئىزاھلانسا ياكى ئۇلارنىڭ ئوخشاشلىقى كۆرسىتىلسە بولىدۇ.

2) ئىجادىي بولۇش

مەلۇمكى، ياخشى ئوخشىتىش غايەت زور بەدىئىي كۈچكە ئىگە بولۇپ، كىشىلەردە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرالايدۇ. بۇنىڭدىكى ئاساسىي سەۋەب ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ مەنتىقىلىق بولۇشى بىلەن بىللە، ئوخشىتىشنىڭ يېڭىچە، ئىجادىي بولۇشىدىن ئىبارەت. دېمەك، باشقىلار ئىشلىتىپ كونىراپ كەتكەن ئوخشىتىشلارنى ئىشلىتىۋەرمەي، يېڭى - يېڭى ئوخشىتىشلارنى يارىتىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ئەپسۇسكى، بىزنىڭ بەزى يازغۇچىلىرىمىزدا بىر ئوخشىتىشنى تەكرار ئىشلىتىش خاھىشى بىر قەدەر ئېغىر. مەسىلەن: چىرايلىق قىزلارنىڭ نوقۇل «تولۇن ئاي» غا، ئوقۇتقۇچىنىڭ «باغۋەن» گە ئوخشىتىلىشى قېلىپ بولۇپ قالغىنىغا ئوخشاش. ئەنگلىيە يازغۇچىسى ۋائىلدىنىڭ «چىرايلىق قىزلارنى بىرىنچى بولۇپ گۈلگە ئوخشاتقان كىشى دانا، بۇ ئوخشىتىشنى ئىككىنچىلەپ ئىشلەتكەن كىشى چاكىنا، ئۈچىنچى بولۇپ ئىشلەتكەن كىشى لەقۋا» دېگىنى ئوخشىتىشلارنىڭ ئىجادىي بولۇشىنىڭ نە قەدەر مۇھىملىقىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، بۇنىڭغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. بۇ جەھەتتە كلاسسىك يازغۇچىلىرىمىز ۋە قېرىنداش مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ روھىدىن ئۆگىنىشكە ئەرزىيدۇ. مەسىلەن:

1) قايسى ئوقۇتقۇچى ئۆز ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تالانتلىق بولۇپ يېتىلىشىنى ئارزۇ قىلمايدۇ؟ ئۇلار خۇددى شام ۋە مەشئەلگە ئوخشاش، ئۆزلىرىنى كۆيدۈرۈپ، بىزگە يورۇقلۇق ئاتا قىلىدۇ.

2) ئۇ گويا چايقىلىپ مېڭىۋاتقان كېمىگە ئوخشاش، بىلىم ۋە كۈچ بىلەن لىق تولۇپ، بوران - چاپقۇن ئىچىدە بالىلارنىڭ قەلب دېڭىزىغا كىرىپ كەلمەكتە.

3) ئوقۇتقۇچىمىز شاۋرۇەن بەئەينى تىنىمسىز ھەسەل ھەرىسىگە ئوخشاش،

www.uyghurkitap.com

ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئېلىم گۈلزارلىرىدىن شىرنە يىغىپ كەلمەكتە.

4) شۇ زامانلاردا، ئۇ تېخى ياش ھەم قابىلىيەتلىك بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارغا قىزغىن، سەممىي مۇئامىلە قىلاتتى. ئۆزىدىكى يېتىلگەن گۈلچىگە ئوخشاش، بىزنى — يۇمران بىخلارنى تۇجۇپىلەپ ئۆستۈرەتتى. *

مانا بۇ مىساللاردا ئەينى بىر ئوخشاتقۇچى — ئوقۇتقۇچى ئايرىم - ئايرىم ھالدا «شام»، «مەشئەل»، «كېمە»، «ھەسەل ھەرىسى»، «گۈلچى» گە ئوخشىتىلغان بولۇپ، كىشىلەردە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدۇ.

4) ئېنىق بولۇش

ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا كونكرېت شەيئى - ھادىسىلەرگە قارىتا كىشىلەر ھامان مەلۇم تونۇش ھەم مۇئەييەن پوزىتسىيىدە بولۇپ، بەزى نەرسىلەرنى ياقتۇرىدۇ، بەزى نەرسىلەردىن يىرگىنىدۇ. بۇ ھال نۇتۇقتىمۇ روشەن ئىپادىلىنىدۇ، يەنى كىشىلەر تۈرلۈك ۋاستىلار بىلەن كونكرېت شەيئى - ھادىسىلەرنى ئىپادىلىگەندە، ئۆز تۇيغۇ - ھېسسىياتلىرىغا بىرلەشتۈرگەن ھالدا شۇ شەيئى - ھادىسىلەرگە بولغان مۇئەييەن پوزىتسىيىسىنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. ئوخشىتىشلاردىمۇ ئەھۋال بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. ياخشى ئوخشىتىشتا، نۇتۇق ئىگىسىنىڭ پىكىر - ھېسسىياتى ناھايىتى ئېنىق ئىپادىلەنگەن بولىدۇ. بۇ، ئوخشىغۇچىنى توغرا تاللاشقا باغلىق. شۇڭا، شەيئى - ھادىسىلەرگە بولغان سۇبيېكتىپ ھېسسىياتنى توغرا، ئېنىق ئىپادىلەش ئۈچۈن، ئوخشىغۇچىنى مۇۋاپىق تاللاش كېرەك. مەسىلەن:

1) «شاھ مەخسۇت ئۇزۇندىن بېرى بېقىپ كەلگەن لوكچەكلىرىنى قىلىچ - ئىلتىق بىلەن جەڭگە سېلىپ كۆردى. نەدىكىنى ئۇلار خۇددى يوغان بىر پىلنى قاۋاپ قورقۇتماقچى بولغان كوكا ئىتلاردەك، چاڭ - توزاڭ ئىچىدە كۆمۈلۈپ قالدى.

2) مانجۇ چېرىكلىرى سېپىل دەرۋازىسىدىن چىقىپ، خۇددى ياۋا توڭگۇز يەر تىلغىغاندەك، خەلق باغرىنى تىلغاشقا باشلىدى.

(ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر «ئىز»)

1 - مىسالدا شاھ مەخسۇتنىڭ قانخور لوكچەكلىرى «كوكا ئىتلار» غا، 2 - مىسالدا، مانجۇ چېرىكلىرى «ياۋا توڭگۇز» غا ئوخشىتىلىش ئارقىلىق، ئوي - پىكىر ناھايىتى ئوبرازلىق ئىپادىلىنىش بىلەن بىللە، مۇھىمى ئاپتورنىڭ ھېسسىياتى ئېنىق، توغرا ئىپادىلەنگەن. چۈنكى، بۇ ئوخشىتىشلاردا ئوخشىغۇچى شەيئىلەر ئاپتورنىڭ ھېسسىياتىغا ماس ھالدا توغرا تاللانغان.

لېكىن، بەزى ئوخشىتىشلاردا بۇ نۇقتا ئېتىبارغا ئېلىنمای، ئوخشىغۇچى شەيئىلەردىكى ھېسسىي تۈس پەرقلەندۈرۈلمىگەچكە، ئاپتور ياكى نۇتۇق ئىگىسىنىڭ ھېسسىياتى توغرا ئىپادىلەنمەي قالىدۇ.

---

* بۇ مىساللار «ئوخشىتىشلار لۇغىتى» دىن ئېلىندى.

م: ... چاچ ـ ساقاللىرى قاردەك ئاقارغان، يېرىم ئەسىرگە يېقىن ۋاقىتىنى ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش ۋە ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەن، كۆپ جاپا چەككىنىدىن بېلى خېلىلا مۈكچەيگەن بۇ مويسىپىت يەرگە ئېگىشكىنىدە خۇددى قىسقۇچ پاقىغا ئوخشاش كۆرۈنەتتى.

(«شىنجاڭ ئەدەبىياتى»)

بۇ مىسالدا، ئەسەردىكى ئىجابىي شەخس — پېنسىيىگە چىققان پېشقەدەم مائارىپچىنىڭ «قىسقۇچ پاقا» غا ئوخشىتىلىشى ئاپتورنىڭ ھېسسىياتى بىلەن ماسلاشمىغان، يەنى بۇ ئوخشىتىشتا ئاپتورنىڭ ھېسسىياتى توغرا ئىپادىلەنمىگەن. چۈنكى، بۇنىڭدىكى ئوخشىغۇچى شەيئى ھېسسىي تۈس جەھەتتىن ئىجابىيلىققا ئىگە ئەمەس. دېمەك، «ئېنىق بولۇش» ئوخشىتىشلاردا شەيئى ـ ھادىسىلەرگە بولغان ھېسسىيات، پوزىتسىيىسىنىڭ ئېنىق، توغرا بولۇشىغا قارىتىلغان.

پايدىلىنىلغان ئاساسلىق ماتېرىياللار

---

1 – يۈەنخۇي: «ئوخشىتىشلار» (خەنزۇچە، «نەنخۇي خەلق نەشرىياتى»، 1982 – يىل نەشرى).

2 – «ستىلىستىكا مەجمۇئەسى» (خېبېي خەلق نەشرىياتى، 1986 – يىل نەشرى)

3 – خۇاڭ مىيۇ: «ستىلىستىك ۋاسىتىلار» (خۇنەن خەلق نەشرىياتى، 1984 – يىل نەشرى)

---

(بېشى 103 ـ بەتتە)

ئۆز ئەينى تەرجىمە قىلىپ قويۇش كېرەك دېگەنلىك ئەمەس. ئەندى بۇ نېمە ئۈچۈن فورما ئەمەس دېگەن مەسىلىگە كەلسەك، ماقالىدا بۇنى ئوتتۇرىغا قويمىدۇق.

گراممатىكىلىق تەھلىل تەرجىمىدە ئىنتايىن مۇھىم بىر ھالقا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تەھلىل قىلىشتىكى ئاساسىي مەقسەت ئوخشاش سېمانتىك قۇرۇلما بىلەن ئوخشاش بولمىغان تىللارنىڭ سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىسى ئوتتۇرىسىدىكى ماسلىق مۇناسىۋىتىنى تېپىپ چىقىپ، ئەسلى تېكىستنى توغرا تەرجىمە قىلىشتىن ئىبارەت.

# سېمانتىكىلىق قۇرۇلمىنىڭ تەرجىمىسى توغرىسىدا

ئابدۇشۈكۈر ھەسەن، گاۋلىچىن

تەرجىمە ئەمەلىيىتىدە پەقەت تاشقى قاتلامدىن تاشقى قاتلامغا قاراپ تەرجىمە قىلىش كۇپايە قىلمايدۇ ھەم يېتەرلىك بولمايدۇ. چۈنكى ئەسلى تېكىست بىلەن تەرجىمىنىڭ مۇۋاپىق بولۇش -- بولماسلىقى تاشقى قاتلامدا ئەمەس، بەلكى ئىچكى قاتلامدا بولىدۇ. ئىچكى قۇرۇلمىلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق سېمانتىكا ۋە فۇنكسىيە جەھەتتىكى پەرق بولۇپ، تاشقى قاتلاملار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بولسا، تىزىپتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، شەكىل جەھەتتىكى پەرقتىنلا ئىبارەت بولىدۇ.

## 1. ئىچكى قۇرۇلما بىلەن تاشقى قۇرۇلما

چامىسكىينىڭ (NOAM CHOMSKY) تونۇشىچە: ھەربىر جۈملىدە تاشقى قۇرۇلما بىلەن ئىچكى قۇرۇلما بولىدۇ. جۈملىنىڭ مەنىسى ئاساسەن سېمانتىكىلىق قائىدىلەر ئارقىلىق ئىچكى قۇرۇلما جەھەتتىن چىقىرىلغان بولىدۇ؛ ۋەھالەنكى جۈملىنىڭ فونېتىكىلىق شەكىللىرى بولسا، پەقەت فونېما قائىدىلىرى ئارقىلىق تاشقى قۇرۇلما جەھەتتىن چىقىرىلىدۇ. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ئىچكى قۇرۇلما مەنىنى چۈشەندۈرىدۇ. تاشقى قۇرۇلما بولسا، تىل تاۋۇشلىرىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئاممىباپراق قىلىپ ئېيتقاندا، تاشقى قۇرۇلما دېگىنىمىز كىشىلەر ئاڭلىغان ياكى كۆرگەن جۈملىلەرنىڭ تاۋۇش شەكلى ياكى يېزىق بىلەن خاتىرىلەنگەن يازما بەلگىدىن ئىبارەت. بۇ ئاڭلىغۇچى بىۋاسىتە سېزەلەيدىغان نەرسە. ئىچكى قۇرۇلما بولسا، سۆزلىگۈچىنىڭ تەپەككۇرىدا يوشۇرۇنغان سېمانتىكىلىق قۇرۇلما بولۇپ، بۇ، لوگىكىلىق سېمانتىكا ۋە سۆزلەرنىڭ ئۆزئارا بىرىكىش مۇناسىۋىتىدىكى فۇنكسىيە سېمانتىكىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ — تاشقى قۇرۇلمىنىڭ ئاساسى، بىراق ئۇ يەنە كېلىپ پەقەت تاشقى قۇرۇلما ئارقىلىقلا ئاشكارىلىنالايدۇ.

بىز تاشقى قۇرۇلما مۇناسىۋىتى دېگەننى سۆزلەرنىڭ مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشى، ياردەمچى سۆزلەر ۋە سۆز تەرتىپى ئارقىلىق ئەكس ئەتكەن گرامماتىكىلىق مۇناسىۋەت دەپ قارايمىز. بۇ مۇناسىۋەتلەر ئادەتتە، بايان مۇناسىۋىتى،

باشقۇرۇش مۇناسىۋىتى، ئېنىقلاش ۋە ئېنىقلانمىش مۇناسىۋىتى، تەڭداشلىق مۇناسىۋىتى قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ؛ ئىچكى قۇرۇلما مۇناسىۋىتى بولسا، تاشقى قۇرۇلما مۇناسىۋىتى كەينىدە يوشۇرۇنغان ھەر خىل سىمانتىكىلىق مۇناسىۋەت بولۇپ، ئۇ ئادەتتە «ھەرىكەت قىلغۇچى ـ ھەرىكەت» ۋە «ھەرىكەت ـ ھەرىكەتنى قوبۇل قىلغۇچى» قاتارلىق مۇناسىۋەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ.

تاشقى قۇرۇلما مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى تەتقىقات ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ھەم كونا بولسىمۇ، ئەمما، ئۇنۇمى كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولماقتا ۋە مۇكەممەللەشمەكتە. ئىچكى سىمانتىكىلىق مۇناسىۋەت ئۈستىدىكى تەتقىقات چەت ئەللەردە ئوخشاشلا ناھايىتى زور ئۇنۇمگە ئېرىشتى. فرانىك پالمېر ( Frank palmer ) ۋەكىللىكىدىكى «كېلىش گراممانتىكىسى» ئىچكى سىمانتىك مۇناسىۋەتنى ئوخشاش بولمىغان بىرقانچە «كېلىش»كە يىغىنچاقلىدى. مەسىلەن، ھەرىكەت قىلغۇچى كېلىش، ھەرىكەت قوبۇل قىلغۇچى كېلىش ئوبيېكت كېلىش، قورال كېلىش، مەقسەت كېلىش، نەتىجە كېلىش، ئورۇن ـ تەرەپ كېلىش قاتارلىقلار بۇ كېلىشلەر ئەنئەنىۋى گراممانتىكىدىكى كې-لىش بىلەن ئوخشىمايدۇ. «كېلىش گراممانتىكىسى» بۇنىڭغا ئاساسەن، ئىنسانلار تىلىدا ئومۇمىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان كېلىشلەر مۇناسىۋىتىنىڭ قانداق قىلىپ ھەرقايسى تىللارنىڭ سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىسىغا ئۆزگەرگەنلىكىنى ئېنىقلاشقا ئۇرۇنغان. مەسىلەن،




ئىچكى قۇرۇلما مۇناسىۋىتى جۈملە قۇرۇلمىسىنىڭ تاشقى شەكلىدە بىۋاستە ئىپادىلەنمەي، تاشقى قۇرۇلما مۇناسىۋىتىدە (يەنى قاتلامدا) ئەكس ئېتىدۇ. شۇنىڭدەك، تاشقى قۇرۇلما مۇناسىۋىتى ئارقىلىق سۆز بىلەن سۆزنىڭ ئۆزئارا بىرىكىش شەكلىدە ۋاستىلىق ھالدا ئىپادىلىنىپ چىقىدۇ. بۇلارنىڭ باغلىنىشى بولسا، ئىچكى قۇرۇلما — تاشقى قۇرۇلما — بىرىكىش قاتلىمى — زەنجىرسىمان تىزىلغان بولىدۇ.

2 . ئىچكى سېمانتىكىلىق قۇرۇلما ئىنسانلار تىلىدا ئومۇمىي ئەھمىيەتكە ئىگە

ئوخشاش بىر تىلدىكى بىرخىل قۇرۇلما مۇناسىۋىتىنى بىر نەچچە خىل سىنتاكسىلىق قۇرۇلما بىلەن (تاشقى قۇرۇلما مۇناسىۋىتى بىلەن) ئىپادىلەشكە بولىدۇ. مەسىلەن، «ھەرىكەت قىلغۇچى — ھەرىكەت — ھەرىكەت قوبۇل قىلغۇچى» دېگەن ئىبارەت بۇ خىل سېمانتىك مۇناسىۋەت خەنزۇ تىلىدا ئوخشاش بولمىغان بىرنەچچە خىل سىنتاكسىلىق مۇناسىۋەت بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

① 小胖 ‖ 住抓了树枝。

② 树枝 ‖ 小胖抓住了。

③ 小胖 ‖ 把树枝抓住了。

تاشقى قۇرۇلما مۇناسىۋىتىدىن قارىغاندا، «小胖» ①، ③ جۈملىلەردە پۈتۈن جۈملىنىڭ ئىگىسى، ② جۈملىدە خەۋەر قىسمىنىڭ ئىگىسى بولغان. «树枝» ①جۈملىدە تولدۇرغۇچى، ② جۈملىدە پۈتۈن جۈملىنىڭ ئىگىسى بولغان، ③ جۈملىدە ئالدى قوشۇلغۇچى «把» بىلەن بىرىكىپ، پېئىلنى ئېنىقلىغۇچى ھالەت بولغان. لېكىن ئىچكى قۇرۇلما مۇناسىۋىتىدە بۇ ئىككى خەۋەر قىسمىدىكى خەۋەر سۆز «抓住» بىلەن بولغان مۇناسىۋەت ئۆزگەرمەيدۇ. «小胖» ھامان ھەرىكەت قىلغۇچى، «树枝» ھامان ھەرىكەتنى قوبۇل قىلغۇچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، ئوخشاش بىر سېمانتىكىلىق مۇناسىۋەتنى ئىپادىلىگەندە، ئوخشاش بولمىغان بىرنەچچە خىل سىنتاكسىلىق قۇرۇلمىنى تاللىۋېلىشقا بولىدۇ.

ئوخشاشمىغان تىللاردا، ئوخشاش بىر ئىچكى قۇرۇلما مۇناسىۋىتىدە ئوخشاش بولمىغان تاشقى قۇرۇلما مۇناسىۋىتى بولىدۇ. مەسىلەن، ھەرىكەت قىلغۇچى — ھەرىكەت — ھەرىكەت قوبۇل قىلغۇچى دېگەن ئىبارەت بۇ خىل مۇناسىۋەتنىڭ خەنزۇ تىلىدىكى ئورۇن تەرتىپى ئادەتتە ئالتە خىل بولىدۇ. لېكىن بۇنىڭ پەقەت ئىككى خىلىلا توغرا بولىدۇ.

S V O :　我读书　(✓)

S O V :　我书读　(×)

O S V :　书我读　(✓)

O V S :　书读我　(×)

V S O :　读我书　(×)

V O S :　读书我　(×)

(بۇنىڭدا S– ئىگە، V– خەۋەر، O– تولدۇرغۇچى) ئەمما ئۇيغۇر تىلىدىكى ئورۇن تەرتىپ ئەڭ ئاز دېگەندە ئالتە خىل بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى توغرا.

مەن كىتابنى ئوقۇيمەن،　V O S　(✓)

كىتابنى مەن ئوقۇيمەن.　V S O　(✓)

ئۇقۇيمەن مەن كىتابنى. O S V (✓)

مەن ئوقۇيمەن كىتابنى. S V S (✓)

كىتابنى ئوقۇيمەن مەن. S V O (✓)

ئوقۇيمەن كىتابنى مەن. S O V (✓)

تاشقى قۇرۇلما مۇناسىۋىتىدىن قارىغاندا، خەنزۇ تىلىدىكى جۈملە شەكلى SVO ۋە OSV دىن ئىبارەت ئىككىلا خىل بولسا، ئۇيغۇر تىلىدا ئالتە خىل ئوخشاش بولمىغان تاشقى قۇرۇلما بار. بۇنىڭدىكى سەۋەب خەنزۇ تىلىنىڭ ئانالىتىك تىل بولغانلىقى، سۆز تەرتىپىنىڭ بىر قەدەر مۇقىم بولغانلىقىدۇر، ۋەھالەنكى ئۇيغۇر تىلى سىنتېتىك تىل، ئۇنىڭ تەرتىپى بىر قەدەر ئەركىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇر تىلىدىكى ئالتە خىل سۆز تەرتىپى ئىچىدىكى ئۈچ سۆز گىراماتىكىلىق مەنىنى ئىپادىلەيدىغان تۈرلىنىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە: مەن — باش كېلىش، كىتابنى — چۈشۈم كېلىش، ئوقۇيمەن — كىشىلەر زامان، 1- شەخس، شۇڭا سۆزلەرنىڭ ئورۇن تەرتىپى ئانچە چەكلەش رولىغا ئىگە ئەمەس.

ئىچكى سىمانتىك قۇرۇلمىدىن قارىغاندا، مەيلى خەنزۇ تىلىدىكى ئىككى خىل ياكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئالتە خىل شەكىل بولسۇن، ئىچكى سېمانتىك قۇرۇلما مۇناسىۋىتى پەقەت بىر خىلدىنلا يەنى «ھەرىكەت قىلغۇچى — ھەرىكەت — ھەرىكەتنى قوبۇل قىلغۇچى» دىن ئىبارەت بولىدۇ، خالاس.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مەيلى ئەينى بىر تىلدا ياكى ئوخشاش بولمىغان بىر تىللاردا بولسۇن ئەينى بىر ئىچكى قۇرۇلمىنىڭ ئوخشاش بولمىغان نۇرغۇن تاشقى قۇرۇلمىلىرى بار. بۇ تەرجىمە ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. مانا بۇ، ئەينى بىر مەنىنى ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇل بىلەن ئىپادە قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. زادى قانداق جۈملە شەكىللىرىنى تاللاشتا كونكرېت تىل شارائىتىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. مەسىلەن،

① ئەھمەت ‖ سەمەتنى ئۇردى.

② سەمەت ‖ ئەھمەت تەرىپىدىن ئۇرۇلدى.

بۇ ئىككى جۈملىنىڭ تاشقى قۇرۇلمىسى ئوخشاش ئەمەس. مىسال ① دە «ئەھمەت» بىلەن «سەمەتنى ئۇردى» قوشۇلۇپ بايان مۇناسىۋىتىنى ھاسىل قىلغان. لېكىن مىسال ② دە «سەمەت» بىلەن «ئەھمەت تەرىپىدىن ئۇرۇلدى» قوشۇلۇپ بايان قىلىنغۇچى مۇناسىۋىتىنى ھاسىل قىلغان. ۋەھالەنكى ئۇلارنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسى پەقەت بىرلا، ئۇ بولسىمۇ، ئەھمەت — ھەرىكەت قىلغۇچى، سەمەت — ھەرىكەتنى قوبۇل قىلغۇچى، ئۇردى — ھەرىكەت. ئەگەر بۇنى سىخېما بىلەن ئىپادىلىسەك مۇنداق بولىدۇ.

ئىچكى قۇرۇلما ←

ئەھمەت سەمەتنى ئۇردى.

↑ ↑ ↑

ھەرىكەت قىلغۇچى ھەرىكەت قوبۇل قىلغۇچى ھەرىكەت

تاشقى قۇرۇلما ①
ئەھمەت سەمەتنى ئۇردى.

تاشقى قۇرۇلما ②
سەمەت ئەھمەت تەرىپىدىن ئۇرۇلدى.

يۇقىرىقىدەك ئەھۋالدا بىز تاشقى قۇرۇلما① نى تاللاپ ئالىمىزمۇ ياكى تاشقى قۇرۇلما② نى تاللاپ ئالىمىزمۇ؟ بۇنىڭدا ئادەم ئۇرغۇچىنى تەكىتلەۋاتقانلىقى ۋە ياكى تاياق يېگۈچىنى تەكىتلەۋاتقانلىقىغا قارايمىز.

يۇقىرىدا بىز ئوخشاش بىر ئىچكى قۇرۇلمىنىڭ ئوخشىمايدىغان تاشقى قۇرۇلمىسى بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتتۇق. بۇ يەردە بىز بۇنىڭ ئەكسىچە بولغان ئەھۋاللارنى يەنى ئەينى بىر تاشقى قۇرۇلمىنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئىچكى قۇرۇلمىسىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆتىمىز.

مەسىلەن،

چاقىرىۋاتقان مۇئەللىم.

بۇ ئىككى خىل قۇرۇلمىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ:

① ( ...... نى) چاقىرىۋاتقان مۇئەللىم

② ( كىم ) چاقىرىۋاتقان مۇئەللىم

مىسال ① دىكى «مۇئەللىم» — ھەرىكەت قىلغۇچى، «چاقىرىۋاتقان» — ھەرىكەت، «...... نى» — ھەرىكەت قوبۇل قىلغۇچى؛ مىسال② دىكى «(كىم)» — ھەرىكەت قىلغۇچى، «چاقىرىۋاتقان» — ھەرىكەت، «مۇئەللىم» — ھەرىكەت قوبۇل قىلغۇچى، بۇ خىل تاشقى قۇرۇلمىدا ئىپادىلەنگىنى بىر خىل سىمانتىكىلىق مۇناسىۋەت ئەمەس. بەلكى ئىچكى سىمانتىكىلىق مۇناسىۋەتتۇر. شۇڭا بۇ ئىككى بىسلىق قۇرۇلما بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر بۇنى سىخېما بىلەن ئىپادىلىسەك مۇنداق بولىدۇ:

ئىچكى قۇرۇلما ①
......نى چاقىرىۋاتقان مۇئەللىم

ئىچكى قۇرۇلما ②
(كىم) چاقىرىۋاتقان مۇئەللىم

تاشقى قۇرۇلما
چاقىرىۋاتقان مۇئەللىم

تەرجىمىسى كونكرېت سۆز بىرىكمىسىنىڭ زادى قايسى مۇناسىۋەتكە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئالدى بىلەن تەھلىل قىلىش لازىم. شۇنداق قىلغاندا، تېخىمۇ ئېنىق، توغرا ئىپادىلىگىلى بولىدۇ. يۇقىرىقى ئىككى تەرەپ ئىچكى قۇرۇلمىسىنىڭ ئىنسانلار تىلى ئۈچۈن ئومۇمىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى تونۇشىمىز ئۈچۈن ياردەم بېرىدۇ. دەل مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئىچكى قۇرۇلما تەرجىمىنىڭ ئاساسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

تەرجىمە دېگەن نېمە؟ چامىسكىنىڭ نەزەرىيىسى بويىچە چۈشەندۈرگەندە، ئەينى بىر ئىچكى قۇرۇلمىنى قانداق قىلىپ باشقا تىلنىڭ سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىسىغا ئايلاندۇرۇش دېمەكتۇر.

3 . تەرجىمە بىلەن ئەسلى تېكىستنىڭ ئۆزئارا ماسلىق مۇناسىۋىتى تاشقى قاتلامدا ئەمەس، بەلكى ئىچكى قاتلامدا بولىدۇ.

تەرجىمە نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بارلىق تىللار ئىچكى سېمانتىك قۇرۇلمىغا ئىگە. بۇنۇقتا ئەڭ موھىم تىل ھادىسىسى ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى، ھەر خىل تىللار ئىچكى قۇرۇلما جەھەتتە تاشقى قۇرۇلمىغا قارىغاندا، يىراقلىقتىن، يېقىنلىقىغا قاراپ ماڭغانلىقىدا. ئەگەر بىز مۇرەككەپ تاشقى گرامماتىكىلىق قۇرۇلمىنى ئۇنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىغا ئايلاندۇرالىساق، تەرجىمىنى تېخىمۇ ئوڭۇشلۇق، راۋان ئېلىپ بارالايمىز، شۇنىڭدەك تەرجىمىدە دۇچ كېلىدىغان ئەگرى - توقايلارنى ئازايتىپ، سەۋەنلىكنى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈرەلەيمىز.

تاشقى قاتلامدىن ئىچكى قاتلامغا ئۆتۈش جەريانى تەتۈر ئايلاندۇرما جەريانىدۇر. مەسىلەن: «مەن ئاپامغا كىيىمنى ياماتقۇزىمەن». دېگەن جۈملىدىكى سۆز بىلەن سۆزلەر ئوتتۇرىسىدا قانداق مۇناسىۋەت بارلىقىغا ھۆكۈم قىلىشتا تەتۈر ئايلاندۇرما ئارقىلىق تاشقى قۇرۇلمىنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلاملىرىغىچە تەھلىل يۈرگۈزۈپ، ئۇنىڭ ئىچكى سېمانتىكىلىق مۇناسىۋىتىنى ئېنىقلاپ چىقىشىمىز لازىم. تەھلىل قىلىش ئارقىلىق بۇ جۈملىنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسى:

[مەن ئاپامغا ( ئاپام كىيىمنى يامايدۇ ) ياماتقۇزىمەن]

بۇ ئىچكى قۇرۇلما ئارقىلىق بىز «ئاپام» — ئىگە، «مەن» نىڭ ھەرىكىتىنى قوبۇل قىلغۇچى ھەم تولدۇرغۇچى «كىيىم» نىڭ ھەرىكەت قىلغۇچىسى ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز. بىز تۆۋەندە بۇ خىل ئۇسۇلنى قوللىنىپ، سۆزلىمەكچى بولغان مەسىلىنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

ئەگەر تەرجىمە بىلەن ئەسلى تېكىستنىڭ ماسلىق مۇناسىۋىتى ئىچكى قاتلامدا ئەمەس، تاشقى قاتلامدا دەپ قارىلىدىغان بولسا، ئۇنداقتا ئەسلى تېكىستتىكى

ئىگە تەرجىمىدىمۇ ئىگە بولۇشى، ئەسلى تېكىستتىكى خەۋەر تەرجىمىدىمۇ خەۋەر بولۇشى، ئەسلى تېكىستتىكى تولدۇرغۇچى تەرجىمىدىمۇ تولدۇرغۇچى بولۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە.

تاشقى قاتلامدىن تاشقى قاتلامغا قاراپ مېڭىشتىن ئىبارەت بۇ خىل ئۇسۇل تەرجىمانىنى دائىم دېگەندەك بۇت ـ قولى يەرگە تەگمىگەندەك ئالدىراش، ئەمما ئىشنىڭ باش ـ ئايىغىنى تاپالمايدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. چۈنكى مەسىلىنىڭ ماھىيىتى بۇ يەردە ئەمەس. مەسىلە،

تاشقى قۇرۇلما —— 我看见他吃饭.







ئىچكى قۇرۇلما —— ھەرىكەت قوبۇل قىلغۇچى ھەرىكەت ھەرىكەت قىلغۇچى

ئەگەر بۇ جۈملىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلساق:

تاشقى قۇرۇلما —— مەن ‖ ئۇنىڭ تاماق يەۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.







ئىچكى قۇرۇلما ـ ھەرىكەت قىلغۇچى ھەرىكەت قوبۇل قىلغۇچى ھەرىكەت

ئەگەر تاشقى قۇرۇلمىدىن تاشقى قۇرۇلمىغا قاراپ مېڭىش بويىچە بولغاندا، تەرجىمىدىكى ئۇيغۇرچە جۈملىنىڭ③ قاتلىمىمۇ ئىگە ـ خەۋەر سۆز بىرىكمىسى بولۇشى كېرەك. لېكىن ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرچە جۈملىنىڭ ③ قاتلىمى ئېنىقلىغۇچى ئېنىقلانغۇچى سۆز بىرىكمىسى بولۇپ چىقىدۇ.

بىز ئىچكى سىمانتىك قۇرۇلمىدىن قارايدىغان بولساق، ئەسلى تېكىستتىكى

«看见» — ھەرىكەت، «我» — ھەرىكەت قىلغۇچى، «他吃饭» — ھەرىكەت قوبۇل قىلغۇچى» دىن ئىبارەت، خالاس. ئۇيغۇرچىدا «كۆردۈم» خەنزۇچىدا ئوخشاش ھەرىكەت بولۇپ، «مەن» — ھەرىكەت قىلغۇچى، «ئۇنىڭ تاماق يەۋاتقانلىقىنى» — ھەرىكەت قوبۇل قىلغۇچى. شۇڭا ئىچكى قۇرۇلمىدىن قارىغاندا، ئۇلار ئۆزئارا ماس كەلگەن. «他吃饭» خەنزۇ تىلىدىكى③ قاتلام ئىگە - خەۋەر سۆز بىرىكمىسىگە كەلسەك، ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغاندا، «ئۇنىڭ تاماق يەۋاتقانلىقىنى» دېگەن ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسىگە ئۆزگەرگەن، بۇنىڭدىكى سەۋەب ئۇيغۇر تىلى مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشكە ئىنتايىن باي بولغان تىللارنىڭ بىرى بولۇپ، مورفولوگىيىلىك تۈرلىنىشكە تايىنىپ، ئىگە — خەۋەرلىك سۆز بىرىكمىسىنى ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسىگە ئايلاندۇرالايدۇ.

مەسىلەن،

مەن مۇئەللىمنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلىمەن

(ئىگە) (خەۋەر)

مەن مۇئەللىمنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلىمەن

(بايان تولدۇرغۇچى سۆز بىرىكمىسى)

(تولدۇرغۇچى) (بايان سۆز)

مۇئەللىمنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلىمەن

(ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسى)

( ئايلاندۇرما ) ↓

مۇئەللىم كەلدى

[ مەن (مۇئەللىم كەلدى) بىلىمەن ] ———— ئىچكى قۇرۇلما

(ئىسىم خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش) ↑

[ مەن (مۇئەللىمنىڭ كەلگەنلىكىنى) بىلىمەن ]

(چۈشۈم كېلىشىنىڭ قىستۇرۇلۇشى) ↓

مەن مۇئەللىمنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلىمەن ———— تاشقى قۇرۇلما

ھالبۇكى، خەنزۇ تىلىدىكى ئەھۋال بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ، پېئىل ۋە پېئىل خاراكتېرلىك قۇرۇلما مەيلى قايسەردە ئوتتۇرىغا چىقسۇن، ئۇنىڭ شەكلى پۈتۈنلەي ئوخشاش بولۇپ ئۆزگىرىش بولمايدۇ.

مەسىلەن،

① 我知道。
② 老师来了。
③ 我知道老师来了。

مەيلى جۈملە شەكلىدە ئوتتۇرىغا چىققان «老师来了» ② بولسۇن، مەيلى ئىگە ـ خەۋەرلىك سۆز بىرىكمىسى تەركىبىدە جۈملە ئىچىدە ئوتتۇرىغا چىققان «老师来了» ③ بولسۇن، بۇلار پۈتۈنلەي ئوخشاش. شۇڭا خەنزۇ تىلىدىكى ئىگە ـ خەۋەر قۇرۇلمىسى ئەمەلىيەتتە ئۇ يەنىلا بىر سۆز بىرىكمىسى بولۇپ، باشقا تىپتىكى سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ جۈملىدە تۇتقان ئورنى بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشاش. ئۇ مۇستەقىل ھالدا جۈملە بولالايدۇ ھەم جۈملە بۆلىكىمۇ بولالايدۇ.

4. خەۋىرى ئىگە ـ خەۋەر تەركىبلىك جۈملىلەرنى تەرجىمە قىلىشتا ئەسلى تېكىست بىلەن تەرجىمىنىڭ ماسلىق مۇناسىۋىتىنىڭ ئىچكى قاتلىمىدا ئىدەئالىغا بىر نەزەر.

خەنزۇ تىلىدا ئىگە ـ خەۋەر سۆز بىرىكمىسىنىڭ خەۋەر بولۇشى خەنزۇ تىلى گىراماتىكىسىنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكىدۇر. شۇنداقلا خەنزۇ تىلىدا ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان ئەڭ مۇھىم شەكىللىرىنىڭ بىرىدۇر. ئۇيغۇر تىلىدا بۇنداق شەكىل يوق. خەنزۇ تىلىدىكى خەۋىرى ئىگە ـ خەۋەر تەركىبلىك جۈملىنى تاشقى قۇرۇلمىنىڭ ماس كېلىشى بويىچە ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا ماس كېلىدىغان ئىچكى قاتلام قۇرۇلمىنى تېپىپ چىقىش لازىم. بۇنى تۆۋەندە ئىككى گۇرۇپپا مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمىز. مەسىلەن:

①场上的麦子‖我不要了。

②我的事‖他知道，他的事‖我知道，你和他的事‖我也知道。

③你的文章‖我读过了。

④自行车‖他骑出去了。

⑤这个人‖我不认识。

⑥ 这 ‖我不能告诉你。

⑦第二次世界大战的惨象和灾难‖我们大家都还记忆犹新。

⑧这个人‖你可小看不得。

يۇقىرىدىكى 8 جۈملە بىر تۈرگە مەنسۇپ خەۋىرى ئىگە ـ خەۋەر تەركىبلىك جۈملە. بىز تۆۋەندە مىسال ① نى ئېلىپ ئۇنىڭ تاشقى قۇرۇلمىسى بىلەن ئىچكى قۇرۇلمىسىنى كۆرۈپ باقايلى:

| | 场上的麦子 | | 我不要了。 | | |
|---|---|---|---|---|---|
| ① | 主 | | 谓 | | ——— تاشقى قۇرۇلما |
| ② | 定 | 中 | 主 | 谓 | |
| ③ | | | | 状 \| 中 | |

场上的麦子 → ھەرىكەت قوبۇل قىلغۇچى
我 → ھەرىكەت قىلغۇچى
不要了。 → ھەرىكەت

ئىچكى قۇرۇلما ——— ھەرىكەت ھەرىكەت قىلغۇچى ھەرىكەت قوبۇل قىلغۇچى

بۇ جۈملىدىكى كىچىك جۈملىنىڭ ئىگىسى ھەرىكەت قىلغۇچى، كىچىك جۈملە خەۋىرى .. ھەرىكەت، چوڭ جۈملە ئىگىسى ـ ھەرىكەت قوبۇل قىلغۇچى.

ئۇيغۇر تىلىدا گەرچە مۇنداق جۈملىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان ئەينى شەكىل بولمىسىمۇ، لېكىن «ھەرىكەت قىلغۇچى — ھەرىكەت — ھەرىكەت قوبۇل قىلغۇچى» دېگەن سېمانتىك مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەيدىغان باشقا شەكىللەرنى تاللىۋېلىشقا بولىدۇ. شۇڭا بۇ جۈملىنى مۇنداق تەرجىمە قىلىشقا بولىدۇ:

مەن خاماندىكى بۇغداينى ئالمايدىغان بولدۇم. ——— تاشقى قۇرۇلما

① ئىگە | خەۋەر

② تولدۇرغۇچى | بايان

③ ئېنىقلانغۇچى | ئېنىقلىغۇچى

مەن → ھەرىكەت قىلغۇچى
خاماندىكى بۇغداينى → ھەرىكەت قوبۇل قىلغۇچى
ئالمايدىغان بولدۇم. → ھەرىكەت

ھەرىكەت قىلغۇچى ھەرىكەت قوبۇل قىلغۇچى ھەرىكەت ——— ئىچكى قۇرۇلما

قارىماققا، خەنزۇ تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ تاشقى قۇرۇلمىلىرى پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ.

خەنزۇ تىلىدا جۈملىنىڭ ئىگىسى — « 场上的麦子 »، ئۇيغۇر تىلىدا جۈملىنىڭ ئىگىسى — «مەن»؛ خەنزۇ تىلىدا جۈملىنىڭ خەۋىرى — «我不要了»، ئۇيغۇر تىلىدا جۈملىنىڭ خەۋىرى — «خاماندىكى بۇغداينى ئالمايدىغان بولدۇم». لېكىن خەنزۇچىدىكى «场上的麦子我不要了。» نىڭ ئىچكى سېمانتىكىلىق قۇرۇلمىسى «我» — ھەرىكەت قىلغۇچى، «不要了» — ھەرىكەت، «场上的麦子» — ھەرىكەت قوبۇل قىلغۇچى بولىدۇ. ئۇيغۇرچىدىكى «مەن» — ھەرىكەت قىلغۇچى، «ئالمايدىغان بولدۇم» — ھەرىكەت، «خاماندىكى بۇغداي» — ھەرىكەت قوبۇل قىلغۇچى بولىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرگىلى بولىدۇكى، ئۇلارنىڭ ئىچكى قاتلام سېمانتىكىلىق قۇرۇلمىسى پۈتۈنلەي ئوخشايدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ گۇرۇپپىدىكى جۈملىلەرنى مۇنداق تەرجىمە قىلىشقا بولىدۇ.

(1) مەن خاماندىكى بۇغداينى ئالمايدىغان بولدۇم.

(2) ئۇ مېنىڭ ئىشىمنى بىلىدۇ، مەن ئۇنىڭ ئىشىنى بىلمەيمەن. ئىككىڭلارنىڭ ئىشىنى مەنمۇ بىلمەيمەن (مەن سىز بىلەن ئۇنىڭ ئىشىنىمۇ بىلمەيمەن)

(3) مەن سىزنىڭ ماقالىڭىزنى ئوقۇپ بولدۇم.

(4) ئۇ ۋىلسىپىتنى مىنىپ چىقىپ كەتتى.
(5) مەن بۇ كىشىنى تونۇمايمەن.
(6) مەن بۇنى سىزگە ئېيتمايمەن.
(7) بىزنىڭ كۆپچىلىكىمىز ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ پاجىئەلىك مەنزىرىسى ۋە ئاپىتىنى تېخى ئۇنتۇپ كەتمىدۇق.
(8) سىز بۇ كىشىنى سەل چاغلىماسلىقىڭىز كېرەك.

(چاغلىماق)

يەنە مەسىلەن:

① 这个问题‖他认为已经不存在了。

② 老李‖我听说去北京了。

③ 这样的人‖他见得太多了。

④ 这样的精神‖他知道是少见的。

⑤ 这件事‖他知道瞒不过去。

⑥ 艾合买提‖我听说已经回去了。

⑦ 这样的事‖他觉得比死亡更可怕。

⑧ 《南征北战》‖他认为是部好片子。

بىز مىسال (1) نى ئېلىپ، بۇ تۈردىكى جۈملىلەرنىڭ تاشقى قۇرۇلمىسى بىلەن ئىچكى قۇرۇلمىسىنى تەھلىل قىلىپ ئۆتىمىز.

这个问题‖他认为已经不存在了。 ———————— تاشقى قۇرۇلما




تاشقى قۇرۇلمىدىن قارىغاندا، «这个问题» — چوڭ جۈملىنىڭ ئىگىسى، «他认为已经不存在了» — چوڭ جۈملىنىڭ خەۋىرى. بىراق ئەمەلىيەتتە «他» — ھەرىكەت قىلغۇچى، «认为» — ھەرىكەت، «这个问题已经不存在了。» — ھەرىكەت قوبۇل قىلغۇچى. دېمەك بۇ تۈردىكى جۈملىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتى كىچىك جۈملە ئىگىسى — ھەرىكەت قىلغۇچى، كىچىك جۈملە خەۋىرى — بىرىنچى پېئىل ھەرىكەت، چوڭ جۈملىنىڭ ئىگىسى — بىرىنچى پېئىل بىلەن تۈزۈلگەن ئىگە - خەۋەر قۇرۇلمىسى — ھەرىكەت قوبۇل قىلغۇچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

他认为这个问题已经不存在了。

يەنى ： 他认为这个问题不存在了。

↑ ↑ ↑

ئىچكى قۇرۇلما ——— ھەرىكەت قوبۇل قىلغۇچى  ھەرىكەت  ھەرىكەت قىلغۇچى

بۇ جۈملىنى مۇنداق تەرجىمە قىلىشقا بولىدۇ:

ئۇ ||| بۇ مەسىلىنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى تونۇيدۇ ——— تاشقى قۇرۇلما

| | | | |
|---|---|---|---|
| ① | ئىگە | خەۋەر | |
| ② | | تولدۇرغۇچى | بايان |
| ③ | | ئېنىقلىغۇچى | ئېنىقلانغۇچى |

ئۇ  بۇ مەسىلىنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى تونۇيدۇ.

↑ ↑ ↑

ھەرىكەت قىلغۇچى  ھەرىكەت قوبۇل قىلغۇچى  ھەرىكەت ——— ئىچكى قۇرۇلما

تاشقى قۇرۇلمىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇرچە تەرجىمىنىڭ ئىگىسى — «ئۇ»، خەۋىرى — «بۇ مەسىلىنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى تونۇيدۇ.» ناھايىتى ئېنىقكى، بۇ، خەنزۇچە جۈملىنىڭ تاشقى قۇرۇلمىسى بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشاش ئەمەس، لېكىن بۇ ئىككى جۈملىنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسى پۈتۈنلەي ئوخشاش. خەنزۇچە «他» — ھەرىكەت قىلغۇچى، «认为» — ھەرىكەت، «这个问题已经不存在» — ھەرىكەت قوبۇل قىلغۇچى؛ ئۇيغۇرچىدا «ئۇ» — ھەرىكەت قىلغۇچى، «تونۇيدۇ» — ھەرىكەت، «بۇ مەسىلىنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى» — ھەرىكەت قوبۇل قىلغۇچى. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرگىلى بولىدۇكى، ئۇلارنىڭ ئىچكى سېمانتىكىلىق مۇناسىۋىتى پۈتۈنلەي ئوخشاش. شۇنداق قىلىپ بۇ گۇرۇپپا جۈملىلەرنى ئۇيغۇرچىغا مۇنداق تەرجىمە قىلىشقا بولىدۇ:

(1) ئۇ مەسىلىنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى تونۇيدۇ.

(ئۇ بۇ مەسىلىنى مەۋجۇت ئەمەس دەپ قارايدۇ)

(2) مەن لاۋلىنىڭ بېيجىڭغا كەتكەنلىكىنى ئاڭلىدىم.

(3) ئۇ مۇنداق ئادەمنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ.

(4) ئۇ مۇنداق روھنىڭ ئاز ئۇچرايدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

(5) ئۇ بۇ ئىشنى يوشۇرۇپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

(6) مەن ئەھمەتنىڭ قايتىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىدىم.

(7) ئۇ مۇنداق ئىشنىڭ ئۆلۈمدىنمۇ قورقۇنۇچلۇق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ.

(8) ئۇ «جەنۇبتىن شىمالغا يۈرۈپ ئۇرۇش قىلىش» دېگەن فىلىمنىڭ ياخشى فىلىم ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ.

### 5 . پېئىل - تولۇقلىغۇچى قۇرۇلمىنى تەرجىمە قىلىشتا ئەسلى تېكىست بىلەن تەرجىمىنىڭ ماسلىق مۇناسىۋىتىنىڭ يەنىلا ئىچكى قاتلامدا ئىكەنلىكىگە بىر نەزەر

خەنزۇ تىلىدىكى پېئىل - تولۇقلىغۇچى قۇرۇلمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۈملىلەردىكى ئىگە، پېئىل، تولۇقلىغۇچى ۋە تولدۇرغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى سىمانتىكىلىق مۇناسىۋەت خىلمۇ - خىل بولىدۇ.

بۇ خىلمۇ - خىل تاشقى قۇرۇلما ۋە ئىچكى قۇرۇلمىلارنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق تەرجىمىدىكى ماسلىق مۇناسىۋەتنى جۈملىنىڭ تاشقى قۇرۇلمىسىدا ئەمەس، بەلكى يەنىلا ئىچكى قۇرۇلمىسىدا ئىكەنلىكىنى كۆرۈش مۇمكىن. مەسىلەن،

① （踢球，踢球），他踢坏了三双鞋。
② 小姑娘们睡花了眼。
③ 孟姜女还能哭倒长城呢。
④ 姥姥馋掉了牙。

بىز تۆۋەندە مىسال ① نى ئېلىپ، بۇ تۈردىكى جۈملىلەرنىڭ تاشقى قۇرۇلمىسى بىلەن ئىچكى قۇرۇلمىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى چۈشەندۈرىمىز.

（踢球，踢球），他 踢坏了三双鞋。

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| ① | 主 | 谓 | | | تاشقى قۇرۇلما |
| ② | | 述 | 宾 | | |
| ③ | | 动 | 补 | 定 | 中 |

تاشقى قۇرۇلمىدىن قارىغاندا، "他" - ئىگە، "踢坏" - پېئىل - تولۇقلىغۇچى سۆز بىرىكمىسى بايان سۆز بولغان. "三双鞋" - تولدۇرغۇچى بولغان. ۋەھالەنكى بۇ تۈردىكى جۈملىلەرنىڭ ئىچكى سىمانتىكىلىق قۇرۇلمىسى ئىككى باياننى شەكىللەندۈرگەن، يەنى جۈملىنىڭ ئىگىسى بىلەن پېئىل تولۇقلىغۇچى قۇرۇلمىدىكى پېئىل قوشۇلۇپ بىر باياننى ھاسىل قىلغان. جۈملىنىڭ تولدۇرغۇچىسى بىلەن پېئىل - تولۇقلىغۇچى قۇرۇلمىنىڭ تولۇقلىغۇچىسى بىلەن قوشۇلۇپ يەنە بىر باياننى ھاسىل قىلغان.

（踢球，踢球），他踢坏了三双鞋。＝他踢球＋三双鞋坏了。

بۇ جۈملىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغاندىن كېيىن، تاشقى قۇرۇلمىنىڭ بىر باياننى گەۋدىلەندۈرۈلمەي، ئىچكى قۇرۇلمىنىڭ ئىككى باياني گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

ئۇ توپ تېپىمەن، توپ تېپىمەن دەپ ئۈچ ئاياغ كىيىمنى كېرەكتىن چىقىرىپ كەتتى.

تەرجىمىدىكى «ئۇ توپ تېپىمەن» بىر بايان، «ئۈچ ئاياغ كېرەكتىن چىقىپ كەتتى» بۇمۇ بىر بايان. شۇنداق قىلىپ، بۇ گۇرۇپپىدىكى جۈملىلەرنى مۇنداق تەرجىمە قىلىشقا بولىدۇ:

① ئۇ توپ تېپىمەن، توپ تېپىمەن دەپ، ئۈچ ئاياغ كېرەكتىن چىقىپ كەتتى.

(ئۇ توپ تېپىش، توپ تېپىش دەپ، ئۈچ ئاياغ كېرەكتىن چىققان)

② قىزچاقلار ئۇخلاۋېرىپ، كۆزلىرى ئىشىپ - چىشىپ بولۇپ كەتتى.

(قىزچاقلار ئۇخلاپ، كۆزلىرى ئىشىپ - چىشىپ بولۇپ كەتتى)

③ مېنىڭ جاڭنىڭ يىغلاپ سەددىچىن سېپىلى ئۆرۈلۈپ كەتتى ئەمەسمۇ؟

( ″ ″ يىغلىغانلىقتىن ″ ″ ″ ″ )

④ چوڭ ئانىمنىڭ نەپسى ياماناملىقىدىن چىشلىرى قالمىدى.

يەنە مەسىلەن:

① 这一点儿酒就把你喝醉了。

② 这几步路不会把你的脚走大的。

③ 别老坐沙发椅，把人都坐懒了。

④ 这些年大锅饭把人都吃穷了。

بۇ بىر گۇرۇپپا مىسالدىكى جۈملىلەر "把" سۆزى بىلەن كەلگەن بولۇپ، بۇلتىڭدىكى پېئىل - تولۇقلىغۇچى قۇرۇلمىلار "吃穷" ، "坐懒" ، "走大" ، "喝醉" لەردىن ئىبارەت. بىز مىسال ① نى ئېلىپ، ئۇلارنىڭ تاشقى قۇرۇلمىسى بىلەن ئىچكى قۇرۇلمىسى مۇناسىۋىتىنى كۆرۈپ باقايلى:

这 一 点 儿 酒 ‖ 就把你喝醉了。 —— تاشقى قۇرۇلما

| | 这一点儿 | 酒 | 就 | 把 | 你 | 喝 | 醉了 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ① | 主 | | 谓 | | | | |
| ② | 定 | 中 | 状 | 中 | | | |
| ③ | | | | 状 | | 中 | |
| ④ | | | | 介 | 代 | 动 | 补 |

تاشقى قۇرۇلمىدىن قارىغاندا، «这一点儿酒» — جۈملىنىڭ ئىگىسى، ئالدى قوشۇلغۇچى قۇرۇلما «把你» — ھالەت، پېئىل تولۇقلىغۇچى سۆز بىرىكمىسى «喝醉了» — ھالەت ئېنىقلىغۇچى قۇرۇلمىنىڭ مەركىزىي سۆزى بولۇپ كەلگەن. ھالبۇكى، بۇ تۈردىكى جۈملىلەرنىڭ ئىچكى سېمانتىكىلىق قۇرۇلمىسى ئىككى باياندىن ئىبارەت. يەنى «把» سۆزىنىڭ تولدۇرغۇچىسى «你» پېئىل- تولۇقلىغۇچى قۇرۇلمىدىكى پېئىل بىلەن قوشۇلۇپ، بىر باياننى ھاسىل قىلغان بولسا، «把» سۆزىنىڭ تولدۇرغۇچىسى «你» پېئىل - تولۇقلىغۇچى قۇرۇلمىنىڭ تولۇقلىغۇچىسى بىلەن قوشۇلۇپ يەنە بىر باياننى ھاسىل قىلغان.

这一点儿酒就把你喝醉了。＝你喝这一点儿酒＋你醉了。

بۇ جۈملىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغاندىن كېيىن، بۇ جۈملىدە تاشقى

قۇرۇلمىنىڭ ئىگە - خەۋەر مۇناسىۋىتى گەۋدىلەنمەي، ئىچكى سېمانتىكىلىق قۇرۇل-
مىسىنىڭ ئىككى بايانى گەۋدىلىنىدۇ.

سىز بۇ بىرئاز ھاراقنى ئىچىسىڭىز، (سىز) مەس بولۇپ كېتەمسىز؟
( ″ ″ ″ (ئىچىپ) ″ ″ )

تەرجىمىدىكى «سىز بۇ بىرئاز ھاراقنى ئىچىسىڭىز» بىر بايان، «سىز مەس بولۇپ كېتەمسىز؟» يەنە بىر بايان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ گۇرۇپپىدىكى جۈملىلەرنى مۇنداق تەرجىمە قىلىشقا بولىدۇ:

(1) سىز بۇ بىرئاز ھاراقنى ئىچىسىڭىز، (سىز) مەس بولۇپ كېتەمسىز؟
(2) سىز ئازراق يول ماڭسىڭىز، پۇتىڭىز چوڭ بولۇپ كېتەمدۇ؟
(3) ئادەم يۇمشاق ئورۇندۇقتا ئولتۇرىۋەرسە، (ئادەم) ھورۇنلىشىپ قالىدۇ.
(4) بۇ يىللاردا ئادەملەر چوڭ قازان تامىقىنى يەپ، كەمبەغەللىشىپ كەتتى.

يەنە ئالايلى:

① 白茄却被这赞美声羞红了脸。
② 尤老二被酒催开了胆量。
③ 刘兰被这种行动吓破了胆。
④ 大媳妇被婆婆打破了头。

بۇ بىر گۇرۇپپا مىسالدىكى جۈملىلەر «被» سۆزى بىلەن كەلگەن بولۇپ، بۇنىڭدا پېئىل - تولۇقلىغۇچى قۇرۇلما «打破»، «催开»، «吓破»، «羞红» ئايرىم - ئايرىم كەلگەن. بىز مىسال ② نى ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسى بىلەن تاشقى قۇرۇلما مۇناسىۋىتىنى تەھلىل قىلىپ كۆرۈپ باقايلى:

白茄却被赞美声羞红了脸。 ———— تاشقى قۇرۇلما




تاشقى قۇرۇلمىدىن قارىغاندا، «白茄» — ئىگە، ③ قاتلام ئالدى قوشۇلغۇچى قۇرۇلما «被赞美声» — ھالەت، ⑤ قاتلام پېئىل - تولۇقلىغۇچى سۆز بىرىكمىسى «羞红» — بايان تولدۇرغۇچى سۆز بىرىكمىسىنىڭ بايان سۆزى بولغان.

ھالبۇكى، بۇ تۈردىكى جۈملىلەرنىڭ ئىچكى سېمانتىك قۇرۇلمىسى ئىككى بايان بولۇپ، «白茄» بىلەن پېئىل - تولۇقلىغۇچى سۆز بىرىكمىسىدىكى پېئىل «羞» قوشۇلۇپ بىر باياننى ھاسىل قىلغان، تولدۇرغۇچى «脸» بىلەن پېئىل - تولۇقلىغۇچى

سۆز بىرىكمىسىنىڭ تولۇقلىغۇچىسى «红» بىلەن قوشۇلۇپ يەنە بىر باياننى ھاسىل قىلغان.

白茄却被这赞美声羞红了脸。＝白茄却羞＋脸红了。

بۇ تۈردىكى جۈملىلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغاندىن كېيىن، تاشقى قۇرۇلمىدىكى ئىككى ـ خەۋەر مۇناسىۋىتى گەۋدىلەنمەي، ئىچكى سېمانتىك قۇرۇلمىنىڭ ئىككى بايانى گەۋدىلەنگەن.

بەيروبۇ ماختاشلار تۈپەيلىدىن ئىزا تارتىپ يۈزلىرى قىزىرىپ كەتتى.

تەرجىمىدىكى «بەيروبۇ ماختاشلار تۈپەيلىدىن ئىزا تارتىپ» بىر بايان بولسا، «يۈزلىرى قىزىرىپ كەتتى» يەنە بىر بايان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ گۇرۇپپىدىكى جۈملىلەرنى مۇنداق تەرجىمە قىلىشقا بولىدۇ.

(1) بەيروبۇ ماختاشلار تۈپەيلىدىن ئىزا تارتىپ، يۈزلىرى قىزىرىپ كەتتى.

(2) يۇلاۋ ئېر ھاراق ئىچىش بىلەن يۈرەكلىك بولۇپ قالدى.

(3) لىيۇ لەن بۇ ھەرىكەتلەردىن قورقۇپ، توخۇ يۈرەك بولۇپ قالدى.

(4) چوڭ كېلىن قېينى ئاپىسى تەرىپىدىن ئۇرۇلۇپ، بېشى يېرىلىپ كەتتى.

( ″ ″ ئاپىسىدىن تاياق يەپ، بېشى يېرىلىپ كەتتى.)

خەنزۇ تىلى سىنتاكسىسىدىكى جانلىقلىق پېئىل ـ تولۇقلىغۇچى قۇرۇلمىسىدىكى جۈملە شەكىللىرىنىڭ سېمانتىكىلىق مۇناسىۋىتىنى ئىنتايىن مۇرەككەپلىككە ئىگە قىلىپ، تەرجىمىگە ناھايىتى زور قىيىنچىلىقلارنى ئېلىپ كەلگەن. ئەگەر بىز پەقەتلا تاشقى قۇرۇلما نۇقتىسىدىن قارايدىغان بولساق، نېمە ئۈچۈن مۇنداق ياكى مۇنداق ئەمەس ـــ دېگەن مەسىلىنى چۈشەندۈرۈشىمىز ئىنتايىن قىيىن بولىدۇ. پەقەت ھەرقايسى تاشقى قۇرۇلمىلارنىڭ ئىچكى سېمانتىك مۇناسىۋىتىنى تولۇق تونۇغاندىلا، ئەسلى تېكىستنى توغرا چۈشەنگىلى، تەرجىمىنى مۇۋاپىق، توغرا قىلغىلى بولىدۇ.

6. ئاخىرقى سۆز

يۇقىرىدىكى بايانلاردا «تەتۈر ئايلاندۇرما» ئارقىلىق جۈملىلەرنىڭ ئىچكى سېمانتىكىلىق قۇرۇلمىسىنى تېپىپ چىقىپ، ئاندىن ئوخشاش بولمىغان تىلنىڭ تاشقى قۇرۇلمىسىغا قايتا تەرجىمە قىلىش چۈشەندۈرۈلدى. مۇنداق بولغاندا، كىشىلەرگە ئىچكى سېمانتىكىلىق قۇرۇلما تەرجىمىنىڭ فورمىسى بولۇپ قالىدىمۇ دېگەن خاتا تۇيغۇنى بېرىپ قويۇشى مۇمكىن. ئەگەر كىشىلەر مۇنداق تۇيغۇغا كېلىپ قالسا، تېخىمۇ خاتا بولۇپ قالىدۇ. بىز شۇنى ئېيتىمىزكى، ئىچكى سېمانتىك قۇرۇلما پەقەت تەرجىمىنىڭ ئاساسى، ئۇ ھەرگىز ئىچكى سېمانتىكىلىق قۇرۇلمىنى تەرجىمە تىلىغا

(داۋامى 87 ـ بەتتە)

# كۆپ مەنىلىك سۆز ۋە سۆزنىڭ كۆپ مەنىسى ھەققىدە مۇلاھىزە

مەتنىلى دانى

يېقىنقى بىر قانچە يىللاردىن بۇيان ھەرقايسى تىل-شۇناسلارنىڭ ئەستايىدىل ئىزدىنىشى ۋە تىل ھەۋەسكارلىرىنىڭ پائال مۇھاكىمە يۈرگۈزۈشى ئارقىلىق، ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدا زور يۈكسىلىشلەر بارلىققا كەلدى. نەتىجىدە قائىدە-پرىنسىپلار يەنىمۇ مۇكەممەللەشتى، مۇجمەل مەسىلىلەر خېلىلا ئايدىڭلاشتى. بىراق، دىگەندەك ئېنىق بولماي ۋاتقان، داۋاملىق تەتقىق قىلىشنى تەلەپ قىلىۋاتقان مەسىلىلەر يەنىلا ئاز ئەمەس. «كۆپ مەنىلىك سۆز» ھەققىدىكى چۈشەنچە بىلەن «سۆزنىڭ كۆپ مەنىسى» ھەققىدىكى چۈشەنچىنى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئۆزئارا پەرقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش شۇنداقلا تىل ئەمەلىيىتىدە ئۇلارغا ئۆز لايىقىدا مۇئامىلە قىلىش نۆۋەتتىكى تىل تەتقىقاتى كۆڭۈل بۆلۈشكە ۋە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بولغان مەسىلىلەرنىڭ بىرى.

كۆزىتىشىمچە، بۈگۈنگە قەدەر نەشر قىلىنغان ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئائىت بىرقانچە كىتابلارنىڭ لېكسىكولوگىيە قىسمىدا ئومۇمەن دىگۈدەك كۆپ مەنىلىك سۆز ھەققىدە چۈشەنچىلەر بېرىلىۋاتىدۇ. ئەمما سۆزنىڭ كۆپ مەنىسى ھەققىدە ھېچقانداق گەپ يوق. مېنىڭچە، ئەلۋەتتە بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىلىشى ھەمدە كۆپ مەنىلىك سۆز بىلەن سۆزنىڭ كۆپ مەنىسىدىن ئىبارەت بۇ بىر جۈپ قۇرداش ئۇقۇمنىڭ مۇناسىۋىتى، پەرقى ۋە باشقا تەرەپلىرى ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق يېشىپ بېرىلىشى كېرەك ئىدى. ۋەھالەنكى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى كىتابلىرىنىڭ ھەممىسىدە دىگۈدەك بۇ ھەقتىكى چۈشەنچىلەر سىڭا پاي بولۇپ قالغان. تېخىمۇ مۇۋاپىق بولمىغىنى شۇكى، ئەمەلىيەتتە سۆزنىڭ كۆپ مەنىسى چۈشەنچىسىگە تەئەللۇق بولغان بەزى قائىدە، بايان ۋە مىساللار بۇ كىتابلاردا كۆپ مەنىلىك سۆزنىڭ تەبىرى ۋە مىسالى قىلىپ چۈشەندۈرۈلگەن، يەنى ماۋزۇ «كۆپ مەنىلىك سۆزلەر» دەپ قويۇلۇپ، ئاستىدا «سۆزنىڭ كۆپ مەنىسى» مەسىلىسى سۆزلەپ كېتىلگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە خۇددى تەقلىد قىلغاندەك، بۇ ھەقتىكى كۆز قاراشلار ھەممە كىتابلاردا ئوخشاش دىگۈدەك چۈشەندۈرۈلگەن. مەسىلەن، شىنجاڭ داشۆ تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى نەسرۇللا يولبولدىنىڭ شىنجاڭ

خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1980 - يىلى 10 - ئايدا نەشر قىلىنغان «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دېيىلگەن (60 - بەت):

«بىسىر ئاساسى مەنىسى ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك يەنە بىر قانچە مەنىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر كۆپ مەنىلىك سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ.

.......................................................

........ مەسىلەن: ئوچۇق سۆزى تۆۋەندىكى مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ:

ئىشىك ئوچۇق — ئەسلى مەنىسى،
هاۋا ئوچۇق — هاۋادا بۇلۇت يوق،
قولى ئوچۇق — مەرت،سېخى،
ئوچۇق كىشى — ساددا، خۇشخۇي ۋە باشقىلار.

ئەمدى باش سۆزىنىڭ ئۆزىنىڭ ئەسلى مەنىسىدىن باشقا، يەنە تۆۋەندىكىدەك مەنىلەردىمۇ قوللىنىلىدۇ:

ئادەم ياكى هايۋاننىڭ بېشى — ئەسلى مەنىسى،
ئىشنىڭ بېشى — ئىشنىڭ باشلىنىشى،
سۇنىڭ بېشى — سۇنىڭ باشلىنىش ئورنى،
باشۋەزىر — مۇهىم، ئاساسلىق ۋەزىپە ۋە باشقىلار.

سال پېشانىنى ئالىدىغان بولساق، بۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئەسلى مەنىسىدىن باشقا يەنە تۆۋەندىكىدەك مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ:

...........

ساندۇققا سېلىش — ئەسلى مەنىسى،
ئۆي سېلىش — ئۆي ياساش،
ئۇرۇق سېلىش — ئۇرۇق سېپىش ياكى ئۇرۇق چېچىش،
سۆرەم سېلىش — سۆرەم سۆرتىش،
خەت سېلىش — خەت ئەۋەتىش،
سەپسېلىش — دىققەت قىلىش، زەن سېلىش،
قۇلاق سېلىش — ئاڭلاش،
سېلىق سېلىش — مەجبۇرىيەت ئارتىش،
گەپكە سېلىش — سۆزلىتىش،
بازارغا سېلىش — بازاردا كۆرسىتىش ۋە باشقىلار......

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئالىي مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات ئاساسلىرى» ناملىق كىتابتىمۇ شۇنداق بايان قىلىنغان (8 - بەت).
دوتسېنت يولداش ئابدۇكېرىم باقىنىنىڭ 1983 - يىلى 12 - ئايدا مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» ناملىق كىتابىدىمۇ مۇنداق دېيىلگەن (32 - بەت):
بىر ئاساسىي مەنىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىللە بىرقانچە كۆچمە مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر كۆپ مەنىلىك سۆز دەپ ئاتىلىدۇ.

................................

ئۇيغۇر تىلىدىكى ‹باش، قارا، سال، چىش، چەكمەك، كۆز، ئۇچۇق› دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنىڭ ھەممىسى كۆپ مەنىلىك سۆزلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىر ئاساسىي مەنىسىدىن باشقا بىرمۇنچە مەنىلىرى بار. مەسىلەن:

ساندۇققا سېلىش — ساندۇققا قاچىلاش.
ئۆي سېلىش — ئۆي ياساش
ئورۇق سېلىش — ئورۇق چېچىش
سۆرەم سېلىش — سۆرەم سۆرتىش
يولغا سېلىش — سەپەرگە ئۇزىتىش
خەت سېلىش — خەت ئەۋەتىش
تۇز سېلىش — تۇز قويۇش
قولاق سېلىش — ئاڭلاش
بەس سېلىش — بەسلىشىش
ئوتقا سېلىش — كۆيدۈرۈش

..........................

ئىشىك ئوچۇق — ئىشىك يېپىقلىق ئەمەس
هاۋا ئوچۇق — ئاسماندا بۇلۇت يوق
قولى ئوچۇق — مەرت، سېخى
كۆڭلى ئوچۇق — خۇشخۇي
ئاغزى ئوچۇق — ساددا كىشى

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى تەرىپىدىن 1985 - يىلى نەشر قىلىنغان، دوتسېنت ئەنسەردىن موسا، تۇردى ئەخمەت ۋە نەسرۇللا يولبولدىلار بىرلىكتە تۈزگەن، نۆۋەتتە ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەردە هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەرسلىك ماتېرىيالى سۈپىتىدە قوللىنىلىۋاتقان «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» ناملىق كىتابتا

مۇنداق چۈشەندۈرۈلگەن (100 - بەت):

«......بىردىن ئارتۇق مەنىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر كۆپ مەنىلىك سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، ‹قانات› سۆزى قۇشنىڭ قانىتى، ئىشىكنىڭ قانىتى، دەريانىڭ ئۇ ياكى بۇ قانىتى، قانات يايدۇرماق، قانات ئاستىغا ئالماق، قانىتىمدىن ئايرىلدىم، ئات ئوغۇل بالىنىڭ قانىتى، چاقنىڭ قانىتى، ئايروپىلاننىڭ قانىتى ... ‹باس› سۆزىنىڭ 20 نەچچە خىل مەنىسى بار بولۇپ، بۇ مەنىلەر بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ھەر خىل جۈملىدە كونكرېتلاشتۇرۇلغان: (1) پۈتۈمنى ياغاچ بېسىۋالدى، (2) ماشىنىغا يۈك بېسىلدى، (3) خەت باسماق، (4) كىتاب باسماق......».

دوتسېنت تۇردى ئەخمەتنىڭ 1981 - يىلى شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن باستۇرۇلغان «ئۇيغۇر تىلى» ناملىق كىتابىدا سۆزنىڭ كۆپ مەنىسى ھەققىدە ئەمەس، بەلكى كۆپ مەنىلىك سۆز ھەققىدىمۇ ئېنىق چۈشەنچە بېرىلمىگەن. لېكتور خالىق نىياز بىلەن مۇھەببەت قاسىمنىڭ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1986 - يىلى نەشر قىلىنغان «تىلشۇناسلىق ئاساسلىرى» ناملىق كىتابىدا كۆپ مەنىلىك سۆز چۈشەنچىسى ھەر ھالدا نەزەرىيىسى بىلەن مىسالى ئۆزئارا ماس كەلگەن، ئەمما بىر قەدەر يۈزە ۋە ئاددىيلا تىلغا ئېلىنغان. مەسىلەن، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن (150 - بەت):

«بىر - بىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان بىرقانچە مەنىگە ئىگە سۆزلەر كۆپ مەنىلىك سۆزلەر دېيىلىدۇ. كۆپ مەنىلىك بولۇپ قېلىش ھادىسىسى ھەممە تىللاردا ئومۇمىيۈزلۈك كۆرۈلىدىغان ئەھۋال.

سۆزنىڭ كۆپ مەنىگە ئىگە بولۇشى تەدرىجىي ھالدا شەكىللىنىدۇ. بىر سۆز يېڭى پەيدا بولغانىدا بىرلا مەنىگە ئىگە بولىدۇ، بۇنداق مەنە ئەسلى مەنە دېيىلىدۇ. ئىستېمال جەريانىدا، كىشىلەر ئۇنىڭ ئەسلى مەنىسىگە باشقا مەنىلەرنىمۇ يۈكلەيدۇ. كېيىن يۈكلەنگەن يېڭى مەنە كۆچمە مەنە دېيىلىدۇ. ئەسلى مەنە بىلەن كۆچمە مەنىنىڭ بىر ۋاقىتتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى نەتىجىسىدە كۆپ مەنىلىك سۆزلەر پەيدا بولىدۇ، مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى ‹يولداش› سۆزىدە بىرقانچە مەنە بار: (1) سەپەردە بىللە بولغۇچى (ئەسلى مەنە)؛ (2) مەسلەكتە بىللە بولغۇچى (كۆچمە مەنە)؛ (3) تۇرمۇشتا بىللە بولغۇچى ئەر - ئايال (كۆچمە مەنە). سۆزنىڭ ئەسلى مەنىسى — شۇ سۆزنىڭ ھەرقايسى مەنىلىرىنىڭ يادروسى، باشقا مەنىلەر ھامان ئەسلى مەنە بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. شۇڭا، تىل ئۆگىنىش جەريانىدا سۆزنىڭ ئەسلى مەنىسىنى ئىگىلىۋېلىشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك.

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1983 - يىلى نەشر قىلىنغان قازاق س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىلشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدىكى ئا. قايداروۋ،

غ. سەدۋاقاسوۋ، ت. تالىپوۋلارنىڭ «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» ناملىق كىتابىدا (1 - قىسىمنىڭ 30 - بېتىدە) سۆزلەرنىڭ كۆپ مەنىلىكلىكى مەسىلىسى تىلغا ئېلىنغان، يەنى «سۆزلەرنىڭ كۆپ مەنىلىكلىكى ۋە كونتېكستىنىڭ ئەھمىيىتى» دېيىلگەن ماۋزۇ ئېچىلغان. ئەمما كۆپ مەنىلىك سۆز ھەققىدە ھېچقانداق ماۋزۇ ئېچىلمىغان. ئۇنىڭ ئۇستىگە «سۆزلەرنىڭ كۆپ مەنىلىكلىكى ۋە كونتېكستىنىڭ ئەھمىيىتى» دېگەن ماۋزۇدا سۆزلەرنىڭ كۆپ مەنىلىكلىكى تىلغا ئېلىنىپ، ئاستىدىكى باياناتلاردا كۆپ مەنىلىك سۆز مەسىلىسى چۈشەندۈرۈپ كېتىلگەن. مەسىلەن، شۇ بەتتە مۇنداق دېيىلگەن:

«تىلىمىزدىكى بىر قاتار سۆزلەر بىرلا مەنە بىلەن چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى بىرنەچچە مەنىنى ياكى مەنىلىك تۈسلەرنى ئىپادە قىلىشى مۇمكىن، ئەنە شۇنداق سۆزلەرنى تىلشۇناسلىقتا كۆپ مەنىلىك سۆزلەر دەپ ئاتايدۇ. مەسىلەن، ‹ئارقا› دېگەن سۆزنى ئالساق، ئۇ تىلدىكى ئىشلىتىلىش دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، بىر - بىرىگە يېقىن ئىككى تۈرلۈك مەنىگە (يەنى ئادەمنىڭ دۈمبىسى، يوتىسى ۋە قانداقلا بولمىسۇن بىر نەرسىنىڭ كەينى، تاشقى تەرىپى) ئىگە. ئەمما ئۇنىڭ مۇشۇ ئىككى تۈرلۈك مەنىسىنىڭ ئەترابىدا گەپنىڭ، ئىبارىنىڭ رايىغا قاراپ بىرنەچچە مەنىلىك تۈسلەرنىمۇ ئىپادە قىلىدىغانلىقىنى كۆرىمىز. مەسىلەن، ‹ئارقىسىغا كۆتۈرمەك، ئارقىسىنى قىلىپ ئولتۇرماق، ئارقىسىدىن سۆزلىمەك، بىراۋنىڭ ئارقىسىدا كۈن كۆرمەك؛ ئارقا سەپ، ئۆيىنىڭ ئارقىسى، ئارقىسىدا قالماق، ئارقا - كەينىگە قارىماي، ئارقا - ئارقىسىدىن› ۋە باشقىلار. شۇنىڭغا ئوخشاش، ئېيتماق (ئىچ سىرىنى ئېيتماق، سۆزئېيتماق مېھمانغا ئېيتماق)؛ چەكمەك (ئىشىكنى چەكمەك، گۈل چەكمەك، تۈگمەن تېشىنى چەكمەك، تاۋۇزنى چەكمەك؛) ئارتۇق (ئارتۇق پۇل، ئون ھەسسە ئارتۇق، پىلاندىن ئارتۇق، ئارتۇق گەپ، ئارتۇق كۆرمەك، ئەتىكى قىزىرۇقتىن بۈگۈنكى ئۆپكە ئارتۇق)؛ بوشاڭ (بوشاڭ ئادەم، ئۇنىڭ بۇلجۇڭ گۆشلىرى بوشاڭ، تەرتىپى بوشاڭ) ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش سۆزلەرنى ئالساقمۇ، يۇقىرىدىكىدەك، ئۇلارنىڭ بىرنەچچە خىل مەنىدە ۋە مەنىلىك تۈسلەردە قوللىنىلىدىغانلىقىنى كۆرىمىز. لېكىن بىر سۆزنىڭ ئىپادە قىلغان مەنىلىرى ياكى مەنىلىك تۈسلىرى قانچە كۆپ (خىلمۇ - خىل) بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سىمانتىكىلىق يېقىنلىق مەنتىقى باغلىنىش ۋە باشقا ئورتاق خۇسۇسىيەتلەر دائىم ساقلىنىپ قالىدۇ. ئۇنى، مەسىلەن، ئاشۇ ‹ئارقا› سۆزىنىڭ ھەرقانداق كونتېكست ۋە ئىبارىلەردا ئىشلىتىلىشىدىن ئېنىق كۆرگىلى[1] بولىدۇ.»

ناھايىتى ئېنىقكى، ماۋزۇ سۆزلەرنىڭ كۆپ مەنىلىكلىكى ھەققىدە، تېكىست كۆپ مەنىلىك سۆز ھەققىدە، مىساللار يەنە سۆزنىڭ كۆپ مەنىلىكلىكى ھەققىدە يېزىلىپ، سۆزنىڭ كۆپ مەنىسى بىلەن كۆپ مەنىلىك سۆز چۈشەنچىسى بىر ئۇقۇم

قىلىپ قويۇلغان، شۇنداقلا ماھىيەتتە بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق بولغان بۇ ئىككى مەسىلە ئۆزئارا ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن.

يۇقىرىقىلاردىن مەلۇمكى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ۋە تىلشۇناسلىققا ئائىت بارلىق كىتابلاردا مەسىلىنىڭ بۇنداق مۇجمەل ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى تىل نەزەرىيىسى سىستېمىسىنى قالايمىقانلاشتۇرىدۇ، ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقاتقا توقۇنۇش ۋە قولايسىزلىق ئېلىپ كېلىدۇ. شۇنى يەنە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش كېرەككى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى نەزەرىيىسىدە (جۈملىدىن يۇقىرىقى كىتابلاردا) بىرلىككە كېلىنمىگەن ۋە ياخشى ھەل قىلىنمىغان يەنە بىر مەسىلە كۆپ مەنىلىك سۆز، ئاھاڭداش سۆز ۋە شەكىلداش سۆزلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى ۋە پەرقى مەسىلىسى. ئەگەر يۇقىرىقى كىتابلارنىڭ ھەرقانداق بىرى دەرسلىك قىلىنىپ، دەرس شۇ كىتابقا مۇتلەق سادىق بولۇش ئاساسىدا ئۆتۈلىدىغان بولسا ئەقلىلىق ئوقۇغۇچىلارنى قايىل قىلغىلى بولمايدۇ. كىتابنىڭ ئۆزىگىلا تايىنىدىغان بولساق، بىرمۇنچە چىگىش مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىپ قالىمىز. مېنىڭچە، بۇ مەسىلىنىڭ ياخشى ھەل قىلىنماسلىقىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى دەل كۆپ مەنىلىك سۆز چۈشەنچىسىنىڭ ئېنىق بولمىغانلىقىدا، يەنى بۇ سۆزنىڭ كۆپ مەنىسى چۈشەنچىسى بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەنلىكتىن، بۇ ھەقتە كەلتۈرۈلگەن مىساللار گاھىدا ھەقىقىي كۆپ مەنىلىك سۆزلەردىن ئېلىنىسىمۇ، كۆپىنچە سۆزنىڭ كۆپ مەنىلىكلىكى ئۇقۇمىغا تەۋە سۆزلەردىن ئېلىنىپ قېلىپ، ئاھاڭداش سۆز ۋە شەكىلداش سۆزلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەت ۋە پەرقنى يورۇشلەشتۈرۈشتە توسالغۇ پەيدا قىلغانلىقىدا. شۇڭا مەن نۆۋەتتە بۇ مەسىلىنى ياخشى ھەل قىلىش ناھايىتى زۆرۈر، ئۇ تىلشۇناسلىق ساھەسىنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىشى كېرەك دەپ قارايمەن.

كۆپ مەنىلىك سۆز ۋە سۆزنىڭ كۆپ مەنىسى دېگىنىمىز قانداق چۈشەنچە؟ بۇلارنى قانداق پەرقلەندۈرۈش كېرەك؟ بۇ، ماقالىدا ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئاساسىي مەسىلە.

ئالدى بىلەن بىز مۇنداق ئىككى خىل مىسالنى سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى: بىر خىلى، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ھەرقايسى كىتابلاردا كۆپ مەنىلىك سۆزگە كەلتۈرۈلگەن ھېلىقى مىساللار (مىسال تېكىستلىرى قىسقارتىلدى)، يەنە بىر خىلى مەلۇم بىر سۆزنىڭ يەككە ھالىتىدىنلا بىردىن ئارتۇق مەنە چىقىپ تۇرىدىغان مىساللار. مەسىلەن، «قولتۇق» سۆزى، بىرى، ئادەم، ھايۋان ۋە ئۇچار قۇشلارنىڭ قولتۇقىنى، يەنە بىرى، دېڭىز رايونلىرى قۇرۇقلۇقنىڭ ئايلانما جايلىرىغا تۇتاشقان قىسمىنى بىلدۈرىدۇ. «بوغۇز» سۆزى، بىرىنچىسى، ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ ئالدى بويۇن قىسمىنى، ئىككىنچىسى، ھايۋانلارنىڭ يەم خەشىكىنى، ئۈچىنچىسى ئىككى تاغ ئارىلىقىدىن سۇ ئاقىدىغان جاينى ياكى ئىككى ئوكياننى تۇتاشتۇرۇپ

تىرىلدىغان ئىككى قورۇقلۇق ئارىسىدىكى تار سۇ يولىنى كۆرسىتىدۇ. «كۆك» سۆزى، بىرىنچىسى، رەڭدىكى كۆكنى، ئىككىنچىسى، ئاسماننى بىلدۈرىدۇ؛ «قاش» سۆزى ھەم ئادەملەرنىڭ قېشىنى، ھەم ئېرىق - ئۆستەڭلەرنىڭ قېشىنى بىلدۈرىدۇ. «ئات» سۆزى ھايۋانلارنىڭ بىر تۈرىنى، شۇنداقلا ئادەملەرنىڭ ئىسىملىرىنى بىلدۈرىدۇ. «يۈز» سۆزى ھەم ساننى ھەم ئادەملەرنىڭ، ھايۋانلارنىڭ ياكى نەرسىلەرنىڭ يۈز قىسمىنى، «قىر» سۆزى ھەم ئېتىزلارغا سېلىنغان قىرنى، ھەم گىلەم، جوزا، ئىشكاپ، كارۋات، ئىشىك، كىتاب قاتارلىق تۈرلۈك ماددىي نەرسىلەرنىڭ قىرىنى، «راك» سۆزى ھەم بىر خىل دېڭىز ھايۋىنىنى، ھەم بىر تۈرلۈك كېسەللىكنى بىلدۈرىدۇ.

بۇلاردىن شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، بىرىنچى خىل مىساللاردىكى كۆپ مەنىلىك دەپ ئاتالغان «سېلىش»، «باسماق (بېسىش)»، «ئۇچۇق»، «باش» دېگەندەك سۆزلەر يەككە تۇرغاندا پەقەت بىرلا ئاساسىي مەنىنى بىلدۈرىدۇ. پەقەت باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ ھەمدە ئۆزىنى شۇ سۆزلەر تەرىپىدىن ئېنىقلاتتىپ كېلىش ئارقىلىقلا ھەر خىل مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ، يەنى مەزكۇر سۆز يەككە تۇرغاندا، ھەرگىزمۇ ئۇنىڭدىن ھەرقايسى كىتابلاردا كۆرسىتىلگەندەك كۆپ مەنە چىقمايدۇ، ئىككىنچى خىلدىكى مىساللاردىن بولسا بىۋاسىتە ھالدىلا كۆپ مەنە چىقىپ تۇرىدۇ ھەمدە بۇ سۆزلەر ئۆزىنىڭ كۆپ مەنىسىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن بىرىنچى خىلدىكى مىساللاردەك، باشقا سۆزلەرنىڭ بىرىكىپ ياكى ئېنىقلاپ كېلىشىنى تەلەپ قىلمايدۇ، كۆپ مەنىنى ئۆزى مۇستەقىل تۇرۇپلا ئىپادە قىلىۋېرىدۇ. قۇرۇلما جەھەتتىن قارىغاندا، بىرىنچى خىلدىكى مىساللار سۆز بىرىكمىسىدىن ئىبارەت، ئىككىنچى خىلدىكى مىساللار بولسا بىرلا مۇستەقىل سۆزدىن ئىبارەت. يىغىپ ئېيتقاندا، يۇقىرىقى ئىككى خىل مىسالدىكى سۆزلەرنىڭ مەنە ئىپادىلەش ئۇسۇلى ۋە ئالاھىدىلىكى جەھەتتە قىسمەن ئوخشاش تەرەپلىرى بار، ئەمما پەرقى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ ئىككى خىل ئەھۋالنى ئاتالما جەھەتتىن قانداق پەرقلەندۈرۈش ۋە ھەر قايسىغا مۇناسىپ نام قويۇش نۆۋەتتىكى بىر ئەمەلىي مەسىلە بولۇپ تۇرماقتا. مەن بۇ ھەقتە باشقىچىرەك قاراشنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن، يەنى بىزنىڭ ئۇيغۇر تىلى كىتابلىرىمىزدا ھازىرغىچە «سۆزنىڭ كۆپ مەنىسى» دەيدىغان ئاتالما ياكى بۇ ھەقتە بىر ئېنىق چۈشەنچە يوق. مەن «سۆزنىڭ كۆپ مەنىسى» دېگەن ئاتالغۇنى ئىشلىتىشنى، ئىشلەتكەندىمۇ ئۇنىڭغا «كۆپ مەنىلىك سۆز» دېگەن ئاتالمىدىن پەرقلەندۈرۈپ مۇئامىلە قىلىشنى تەۋسىيە قىلىمەن ۋە شۇ ئاساستا ھەرقايسى ئۇيغۇر تىلى كىتابلىرىدا ئومۇميۈزلۈك دېگۈدەك كۆپ مەنىلىك سۆزلەر دەپ قارالغان ھەم شۇنداق ئاتالغان بىرىنچى خىلدىكى مىساللارنى «كۆپ مەنىلىك سۆز» ئەمەس، ئەكسىچە «سۆزنىڭ كۆپ مەنىسى» نۇقتىسىدىن ئىزاھلاش ۋە

چۈشەندۈرۈش لازىم دەپ قارايمەن. چۈنكى بۇ خىلدىكى سۆزلەر بىۋاسىتە كۆپ مەنە بەرمەيدۇ، پەقەت باشقا سۆزلەرنىڭ ياردىمى ئارقىلىقلا بىرقانچە مەنىگە ئىگە بولالايدۇ. ئىككىنچى خىل مىساللاردىكى سۆزلەرنى بولسا «كۆپ مەنىلىك سۆز» دەپ ئاتاش مۇۋاپىق. چۈنكى ئۇ سۆزلەر يەككە ھالەتتە مۇستەقىل تۇرۇپلا كۆپ مەنە بېرەلەيدىغان سۆزلەردۇر. بۇ يەردە شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش ھاجەتكى، كۆپ مەنىلىك سۆزلەر ئەلۋەتتە كۆچمەمەنىلىك سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ كەتكەن بولىدۇ.

«كۆپ مەنىلىك سۆز» ۋە «سۆزنىڭ كۆپ مەنىسى» دېگەن بۇ ئىككى خىل ئاتالما قارىماققا ئوخشاشتەك تۇرسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بىر ـ بىرى بىلەن ھەم مۇناسىۋەتلىك، ھەم پەرقلىق چۈشەنچىلەردۇر. مەسىلەن، ئادەتتە «بىرىككەن سۆز» ۋە «سۆز بىرىكمىسى» دېگەن ئىككى ئۇقۇمنى ئالساق، ھەر ئىككىسىدە بىرىكىش ھالىتى مەۋجۇت. بۇ ئۇلارنىڭ مۇناسىۋەتلىك ياكى ئوخشاشلىق تەرىپى. ئالدىنقىسى مۇستەقىل بىر سۆز، كېيىنكىسى ئەنە شۇنداق بىر ياكى بىرقانچە مۇستەقىل سۆزدىن تۈزۈلگەن بىرىكمە. بۇ ئۇلارنىڭ پەرقلىق تەرىپى. «يېزىقچىلىق نەزەرىيىسى» ۋە «نەزەرىيىۋى يېزىقچىلىق» نى ئالساق، بۇ ئىككى ئۇقۇمنىڭ مۇناسىۋىتى شۇكى، ھەر ئىككىسىدە يېزىقچىلىق مەسىلىسى بار. پەرقى شۇكى، ئالدىنقىسى پۈتكۈل سىياسىي ۋە ئەدەبىي ژانىرلارنىڭ يېزىلىش ئالاھىدىلىكىنى نەزەرىيىۋى نۇقتىدىن شەرھلەيدۇ، كېيىنكىسى بولسا پەقەت نەزەرىيىۋى ماقالىلار ۋە ئۇلارنىڭ يېزىلىش ئۇسۇلىنى كۆپرەك ئەمەلىي جەھەتتىن ئىگىلەيدۇ. «رەھبەرلىك ئىلمى» ۋە «ئىلمىي رەھبەرلىك» نى ئالساق، ھەر ئىككىسىدە رەھبەرلىك مەسىلىسى بار، بۇ ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى، ئەمما ئالدىنقىسى رەھبەرلىك سەنئىتى مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان بىر پەننى، كېيىنكىسى رەھبەرلىك قىلىشتىكى ئۇسۇل ياكى مېتودولوگىيەنى كۆرسىتىدۇ. بۇ، ئۇلارنىڭ پەرقى.» «فىزىكا نەزەرىيىسى» ۋە«نەزەرىيىۋى فىزىكا»، «تىلشۇناسلىق نەزەرىيىسى» ۋە «نەزەرىيىۋى تىلشۇناسلىق» دېگەن ئاتالمىلارمۇ يۇقىرىقىدەك ھەم مۇناسىۋەتلىك ھەم پەرقلىق بولغان ئىككى خىل ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى تېخىمۇ ھېس قىلىۋېلىش مۇمكىنكى، «سۆزنىڭ كۆپ مەنىسى» بىلەن «كۆپ مەنىلىك سۆز» ھەرگىز بىر چۈشەنچە ئەمەس. ئۇلارنى ئەلۋەتتە پەرقلەندۈرۈپ مۇئامىلە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

قانداق سۆزلەر كۆپ مەنىلىك سۆز ھېسابلىنىدۇ ۋە قانداق مەنە سۆزنىڭ كۆپ مەنىسى بولىدۇ؟ مېنىڭچە، مۇستەقىل ۋە يەككە ھالىتىدىلا بىۋاسىتە كۆپ مەنە چىقىپ تۇرىدىغان سۆزلەر كۆپ مەنىلىك سۆزلەر بولىدۇ. مۇئەييەن بىر سۆزنىڭ باشقا سۆزلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى (بىرىكىشى) ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن بىرقانچە مەنە سۆزنىڭ كۆپ مەنىسى بولىدۇ. بۇ نۇقتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش ھەمدە تىلىمىزدىكى سۆزلەرنى ئۆزىنىڭ مەنىۋى ئالاھىدىلىكلىرىگە مۇناسىپ ھالدا كاتېگورىيەلەشتۈرۈش ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتە بەلگىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى توغرىسىدا

مەھمۇتجان ئاسىم

**قىسقىچە مەزمۇنى :** ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئەھمىيەتلىك بىر تارىخىي ۋەقە. خۇددى رەئىس ماۋزېدۇڭ 1949 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئەخمەتجان قاسىمىغا يازغان تېلېگرامما خېتىدە كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك: «سىلەرنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيانقى كۈرەشلىرىڭلار پۈتكۈل جۇڭگو خەلقىنىڭ يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى».

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ــ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ، يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە شىنجاڭنى تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىشتا مۇھىم رول ئوينىدى.

## 1. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ پارتلىشىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى

ھىيلىگەر شېڭ شىسەي 1942 ـ يىلى كۈز پەسلىدە جياڭ جيېشى گۇرۇھى بىلەن مەخپىي تىل بىرىكتۈرگەندىن كېيىن، 1943 ـ يىلى ئۆزىنىڭ ساختا نىقابىنى يىرتىپ تاشلاپ، شىنجاڭدا گومىنداڭ پىرقە بۆلۈمى (پارتىيە كومىتېتى) نىڭ قۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلدى. ئۇ، شۇ كۈندىن باشلاپ ھەرخىل بۆھتانلارنى ئويدۇرۇپ چىقىپ، جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدا خىزمەت قىلىۋاتقان چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزالىرىنى ۋە بىر تۈركۈم ئىلغار كىشىلەرنى قولغا ئالدى ۋە نەزەربەنت قىلدى. گومىنداڭ پىرقىسى قۇرۇلۇپ، ئاپرېل ئۆزگىرىشى يۈز بەرگەندىن كېيىنلا، ئۆزى ئىجرا قىلىپ كەلگەن «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» نى ئەمەلدىن قالدۇردى. ئۇ، ئالدى بىلەن بۇ سىياسەتنىڭ يادروسى بولغان جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش، كوممۇنىستىك پارتىيە بىلەن ھەمكارلىشىشنى بىكار قىلدى. 1944 ـ يىلى كەڭ كۆلەمدە ئاق تېررورلۇق يۈرگۈزۈپ،

سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدا خىزمەت قىلىۋاتقان ئەزالىرىنىڭ تەسىرىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن ئىلغار زىيالىيلارنى، ئوقۇغۇچىلارنى ۋە دېموكراتىك زاتلارنى قولغا ئالدى. سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش، كوممۇنىستىك پارتىيە بىلەن ھەمكارلىشىش سىياسىتىنى ئىجرا قىلغان مەزگىلدە، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقالغان ماركسىزم - لېنىنىزمغا ئائىت كىتاب - ژۇرناللارنى يىغىۋالدى، بۇخىل كىتاب - ژۇرناللارنى ئوقۇغانلارنىڭ بەزىلىرىگە زىيانكەشلىك قىلدى، بەزىلىرىنى نەزەربەنت قىلدى. ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقىدا نەشىر قىلدۇرۇپ تارقىتىلغان دەرسلىك، ماتېرىيال، ئوقۇشلۇقلارنى بىردەك بىكار قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنى كىتابسىز قالدۇردى. ئىلگىرى خىزمەتتىن ھەيدەلگەن ياكى ئەسلىدىكى ئورنى تۆۋەنلەپ كەتكەن مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنى يۆلەپ تۇرغۇزدى.

1943 - يىلىدىن باشلاپ شىنجاڭغا زور كۆلەمدە گومىنداڭ ھەربىي كۈچلىرىنى يۆتكەپ چىقتى. ئۇلارنى بېقىش ئۈچۈن خەلق ئۈستىدىكى ئالۋاڭ - سېلىق، باجنى كۆپەيتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتىنى ئۈزگەندىن كېيىن، سانائەت ۋە سودا ماللىرىنىڭ كېلىش مەنبەسىيى ئېتىلىپ، مال باھاسى ھەسسىلەپ ئۆسۈپ كەتتى. جۇملىدىن، يۇڭ، تېرە، يىپەك قاتارلىق شىنجاڭنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىنىڭ سىرتقا چىقىش يولى ئېتىلگەندىن كېيىن، دېھقانلارنىڭ قوشۇمچە ئىگىلىكىمۇ ئارقا - ئارقىدىن ۋەيران بولۇشقا باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ۋە ئاممىنىڭ تۇرمۇشى تېخىمۇ خارابلاشتى.

1944 - يىلى 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ھىيلىگەر شېڭ شىسەي ئۆزى كۆرسەتكەن بۇ خىزمەتلىرى بەدىلىگە دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ (مىنىستىرلىق) باشلىقى بولۇپ يۆتكىلىپ، ئورنىغا 1944 - يىلى 10 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ۋۇجۇڭشىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بولۇپ چىقتى. ئۇ، ئۆزى بىلەن بىرمۇنچە گومىنداڭچىلارنى ئەگەشتۈرۈپ چىقىپ ئۇلارنى مۇھىم ئورۇنلارغا قويدى. ئارقىدىنلا ئۆزىنى «ئادىل - ھەققانىيەتچى» قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن «ئەپۇ ئومۇم» (ئومۇمۇم كېچىرىم) دېگەن بىر نېمىنى يولغا قويۇپ، شېڭ شىسەي ۋاقتىدا قولغا ئېلىنغان 700 دىن ئارتۇق كىشىنى تۈرمىدىن بوشاتتى. بۇ كىشىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى جىڭ شورېن ۋاقتىدىكى كونا ئەمەلدارلار، بەگلەر، مۇتەئەسسىپ ئىشانلار بولۇپ، ئاز قىسمى ئوقۇغۇچىلار ۋە «گۇناھى يەڭگىل» دەپ ھېسابلانغان كىشىلەر ئىدى. ئۇ، ئالدى بىلەن تۈرمىدىن بوشۇتۇلغان ئەكسىيەتچى مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ھەرقايسى جايلارغا ئەمەلدار قىلىپ ئەۋەتتى. مەسىلەن: ئۆمەر داموللىنى قەشقەر ۋىلايىتىگە ۋالى، پاسار بەگنى يەركەن ۋىلايىتىگە ۋالى، (ئۇ چاغدا يەركەن ۋىلايەت ئىدى)، نۇربەگنى خوتەن ۋىلايىتىگە ۋالى قىلىپ ئەۋەتتى. بۇنىڭ ئەكسىچە، تۈرمىدا يېتىۋاتقان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۋە ئۇلار تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن ئىلغار كۈچلەرگە، دېموكراتىك زاتلارغا تېخىمۇ قاتتىق قوللۇق بىلەن زىيانكەشلىك قىلىشقا باشلىدى.

يەنە بىر تەرەپتىن ھەرقايسى جايلاردا ئەكسىيەتچى كۈچلەرنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىقاردى. مەسىلەن: سېيىت ئەھمەد خوجىنى ئاقسۇ ۋىلايىتىگە ۋالى، يولۋاسنى قومۇل ۋىلايىتىگە ۋالى قىلىپ بەلگىلىدى.

ۋۇجۇڭشىن يەنە چوڭ خەنزۇچىلىق سىياسىتىنى كەڭ كۆلەمدە يولغا قويۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنى بوزەك ئەتتى ۋە خارلىدى. ئۇنىڭ گۇيپاڭچىلىرى تەرەپ-تەرەپكە بېرىپ «ئۇتۇق» سۆزلەپ، شىنجاڭدا 13 مىللەت بارلىقىنى ئىنكار قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنى «نەسىلداش» ئۇرۇق دەپ ئاتىدى. ئۇيغۇرلارنى «چەتتىن كۆچۈپ كەلگەن مىللەت»، «چەت ئەل ئادەملىرى»، خۇيزۇلارنى «ئىسلام دىنىدىكى خەنزۇلار» دەپ ئاتىدى. ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل، قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەرنى «ياۋايى» دەپ ھاقارەتلىدى. ھەرقايسى جايلاردا پومېشچىك، باي دېھقانلار، بەگلەر ۋە يۇقىرى تەبىقە ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ ئورنىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەپ، ئۇلارنىڭ زوراۋانلىقىغا كەڭ يول قويدى. ئاتالمىش «باۋ-جا سىستېمىسى» نى يولغا قويۇپ ھەر ئون ئائىلىگە بىر جاڭ، يۈز ئائىلىگە بىر بۇجاڭ بەلگىلەپ ئەمگەكچى خەلققە قارىتا نازارەت ۋە زۇلۇمنى كۈچەيتتى. مۇنداق قاتمۇ-قات زۇلۇملار دەستىدىن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ غەزەپ-نەپرىتى ھەسسىلەپ ئېشىپ، گومىنداڭ ھاكىمىيىتىگە بولغان قارشىلىقى تېخىمۇ كۈچىيىپ، خۇددى سەرەڭگە ياقسا ئوت ئېلىشقا تەييار تۇرغان قۇرۇق ئوتۇنغا ئايلانغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى چوڭ-كىچىك ئىنقىلابىي تەشكىلات ۋە گۇرۇھلار بارلىققا كېلىپ كەڭ ئەمگەكچى ئاممىنى ئۆز ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرۇشقا باشلىغانىدى.

دەل مۇشۇنداق بىر مەزگىلدە، يەنى 1944-يىلى 11-ئاينىڭ 7-كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تۇنجى بومبىسى نىلقا ناھىيىسىدە پارتلاپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى ئالاقزادە قىلىۋەتتى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئەڭ ئاۋۋال غۇلجىدا پارتلىشى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چېكىگە يەتكەن غەزەپ-نەپرىتىنىڭ مەركەزلىك ئىپادىلىنىشى ئىدى. جۇغراپىيىلىك ئورۇن جەھەتتىن ئالغاندا، ئۈچ ۋىلايەت سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن چېگرىداش بولغاچقا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىمكانىيىتى بار ئىدى. ئۈرۈمچى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئارىلىقىنى بىرمۇنچە تاغ-دەريالار، چۆللەر ئايرىپ تۇرغاچقا، گومىنداڭنىڭ دەرھال ئەسكەر يۆتكىشىمۇ قىيىن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە غۇلجا ئەزەلدىنلا سانائەت، مەدەنىيەت-مائارىپ ئىشلىرى بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىرى سىڭگەن جاي بولغاچقا، بۇ يەردە ئىلغار ئىدىيىدىكى زىيالىيلار ناھايىتى كۆپ ئىدى. ئۆز ۋاقتىدا شېڭ شىسەي تەرىپىدىن تۈرمىگە تاشلىنىپ، كېيىن قويۇپ

بېرىلگەن ئەخمەتجان قاسىمى، غېنى باتۇر، پاتىخە ۋە ئازاب چەككەن، دەردمەن كىشىلەر، ئالتە شەھەردە بەگ - پومېشچىكلارنىڭ زۇلۇمىغا ئۇچراپ، نائىلاج يۇرتىنى تاشلاپ چىققان مۇساپىرلارمۇ غۇلجىغا توپلانغانىدى. بۇ هال ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ پارتلىشى ئۈچۈن شەرت - شارائىت هازىرلىغانىدى. شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى مەشهۇر ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مانا مۇشۇنداق تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش ئىچىدە پارتلىغانىدى.

## 2. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەسمىي پارتلىشى

1944 - يىلى 10 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا غۇلجىدا قۇرۇلغان «ئازادلىق تەشكىلاتى» نىڭ رەھبەرلىكىدە كەڭساي ۋە نىلقا پارتىزانلىرى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ زۇلۇمىغا قارشى پارتىزانلىق ئۇرۇشىنى قوزغىدى. گومىنداڭ هۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ ھەم ئىلىدىكى ئەمەلدارلىرى بىتراپ، پۇتى كۆيگەن توخۇدەك هالغا چۈشۈپ قالدى.

1944 - يىلى 7 - نويابىر نىلقا پارتىزانلىرى تۇپادەك تەرەپتىن، كەڭساي پارتىزانلىرى ئالتە شوئار مەھەللىسىدىن كىرىپ ئۈچ دەرۋازىنى ئىگىلىدى ۋە 11 - نويابىر كۈنى ئۆلكىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ليۇبىندى، ئىشپىيونلار گۇرۇپپا باشلىقى هاشىم توكۇر، ئىشپىيون ئىبراھىم ئاقچاچلار ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. خەلق قوراللىق كۈچلىرىنىڭ ئەكسىيەتچىلەرگە بەرگەن ئەنە شۇنداق قاقشاتقۇچ زەربىسى بىلەن 11 - نويابىر غۇلجا شەھىرى ئازاد بولدى. قالدۇق دۈشمەنلەر ھەرەمباغقا قوغلاپ كىرگۈزۈلدى. 1944 - يىلى 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى خەلق قوراللىق كۈچلىرىنىڭ باش شتابىدا گومىنداڭ دۆلەت بايرىقى كۆيدۈرۈلۈپ، شۇ چاغدىكى ۋەزىيەتنىڭ تەلىپى بويىچە غۇلجىدا ۋاقىتلىق هۆكۈمەت قۇرۇلدى.

1944 - يىلى 11 - ئايدا باشلانغان ئۇرۇش تېز سۈرئەت بىلەن راۋاجلىنىپ، خەلقنىڭ شىللىسىگە مىنىۋالغان گومىنداڭ ئەكسىيەتچى هاكىمىيىتىنىڭ نەچچە 10 مىڭ قوراللىق كۈچلىرىنى يوقىتىپ، 1945 - يىلى 9 - ئايدا مىللىي ئارمىيە ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنى پۈتۈنلەي ئازاد قىلدى ۋە ماناس دەرياسى بويىغىچە يېتىپ كېلىپ، ئۈرۈمچى تەرەپكە هۇجۇم قىلىش باسقۇچىدا تۇرغاندا، گومىنداڭ هۆكۈمىتى تەرەپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تەرەپنىڭ تەلەپ ۋە پىكىرلىرىنى ئاڭلايدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى خالايدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. ئۈچ ۋىلايەت مەركىزىي هۆكۈمىتى گومىنداڭنىڭ تەشەببۇسىنى مۇزاكىرە قىلدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى شىنجاڭدىكى هەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرەشكە زور ئىلهام ۋە مەدەت بېرىپ گومىنداڭ هاكىمىيىتىنى غال - غال تىترەتتى.

ئۈچ ۋىلايەت رايونى شىنجاڭ خەلقىنىڭ گومىنداڭغا قارشى قوراللىق كۈرىشىنىڭ مەركىزىي ئىستىھكامىغا ئايلاندى. گەرچە 1945 - يىلى 7 - ئايدا گومىنداڭ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا 11 ماددىلىق تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالىنىپ ئۇرۇش توختىغان بولسىمۇ، لېكىن شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغانغا قەدەر، ئۈچ ۋىلايەت ھاكىمىيىتى ۋە ئۇنىڭ قوراللىق قوشۇنى ساقلىنىپ تۇرغاچقا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئىنقىلابىي كۈچلەرنى ئۈز ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرۇپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ئەڭ چوڭ سىرتماق بولۇپ قالغانىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى شىنجاڭدا تۇرۇۋاتقان يۈز مىڭدىن ئارتۇق گومىنداڭ ئارمىيىسىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، پۈتۈن مەملىكەتنى ئازاد قىلىش كۈرىشىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە ۋە شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇشىغا زور تۆھپە قوشتى. چۈنكى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ھەربىي كۈچلىرىنى يۆتكەپ ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە توسقۇنلۇق قىلالمىغاچقا ئۇرۇنسىمۇ، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ زەربىسىگە دۇچ كېلىدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇلار بىر تەرەپتىن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ غەربىي شىمال رايونىدا ئارقىمۇ - ئارقا غەلىبە قىلىپ، شىنجاڭغا قاراپ چاقماق تېزلىكىدە ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىدىن قورقسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ بۆسۈپ كىرىشىدىن قورقاتتى. بۇ ھال گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ۋە گومىنداڭ ئارمىيىسى ئىچىدىكى بىر قىسىم ئاقىل كىشىلەرنى سەگەكلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنى تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولدى.

### 3. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسى

1945 - يىلى ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى قۇرۇلدى. بۇنىڭ باشلىقى ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، مۇئاۋىنى سەيپۇللايوۋ ئىدى. كېيىن بۇ ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيە، يېزا، ئىدارە - جەمئىيەت، مەكتەپ قاتارلىق ئورۇنلاردا ياچېيكا ۋە گۇرۇپپىلىرى بار بولدى. بۇ تەشكىلاتنىڭ دائىرىسى كەڭ بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىلغار ئىدىيىدىكى كادىر، ئىشچى - خىزمەتچى، ئوقۇتقۇچى، ياشلار، زىيالىيلار ئەزا بولۇپ كىرگەنىدى. بۇ تەشكىلاتنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى — ياشلارنى تەربىيىلەش، تەشكىللەش ۋە كەڭ ئاممىنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەشكە يېتەكلەش ئىدى. شۇڭا كەڭ كادىر، ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە ۋە ئوقۇتقۇچى، زىيالىيلارغا، ياشلارغا ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، سەيپۇللايوۋ نۆۋەت بىلەن ھەر ھەپتىدە ۋەزىيەت، ھەم ئىقتىساد مەسىلىلىرى ھەققىدە دوكلات بېرىپ تۇراتتى.

1946 - يىلى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى مەخپىي كۈرەشنى مەقسەت

قىلغان خەلقچىل ئىنقىلابىي پارتىيە، يەنى «خ ئى ب» پارتىيىسى قۇرۇلدى.

خ ئى ب مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ئىدى. مەركىزىي كومىتېت ئەزالىرى — سەيپىددىن ئەزىزى، سەدۇللا سەيپۇللايوۋ، ئەسئەت ئىسھاقوۋ، مەتتىمىن ئىمىنوۋ، ئابدۇللا زاكىروۋ، ئەنۋەر خانبابا، ئىبراھىم تۇردى، ئۆيغۇر سايرانى، لى تۇەنيۇ، چېن شىخۋا قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپتى.

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ياچېيكا مەسئۇلى قاسىمجان قەمبىرى. ھەيئەت ئەزالىرى — ئابلەز مۇھەممىدى، نىزامىددىن سالىيوۋ، ئالىم ئاخۇن قاتارلىقلار، خوتەندىكى ئەزاسى ئابلەز قارى، يەركەندىكى ئەزاسى ئىمىن ئىسلام قاتارلىقلار ئىدى.

چۆچەك ۋىلايىتىنىڭ ياچېيكا مەسئۇلى ئابلىمىت ھاجىيوۋ، سۇيدۇڭ ناھىيىسىنىڭ مەسئۇلى، ياسىن خۇدابەردى، ئەزالىرى — ئەخمەت ساقى، رىشىت بوۋا، ئابلەھەت ئەخمىدى، ئوسمان يۇنۇس قاتارلىقلار ئىدى.

1946 - يىلى ئۈرۈمچىدە «كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى» تەشكىلاتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، دۇڭ بىۋۇنىڭ يولىيورۇقىدا، تەشكىلاتنىڭ قۇرۇلغانلىقى توغرا بولسىمۇ، ئۈرۈمچى، پاكىستان، ئافغانىستان، ھىندىستانلارغا قوشنا بولغاچقا، تەشكىلاتنىڭ ئىسمى كوممۇنىزمچىلار دەپ ئاتالسا ئۇلارغا يامان تەسىر بېرىدۇ، دېيىلگەنلىكى ئۈچۈن «كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى» نىڭ نامى ئۆزگەرتىلىپ، «خ ئى ب» تەشكىلاتى بىلەن بىرلىشىپ «خ ئى ب» تەشكىلاتى بولغانىدى.

«ئازادلىق تەشكىلاتى»، «ئىنقىلابىي ياشلار تەشكىلاتى»، «خەلقچىل ئىنقىلابىي پارتىيە»، «شىنجاڭدا تىنچلىق، دېموكراتىيىنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» قاتارلىق پارتىيە، تەشكىلاتلار جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى، مىللىي قوراللىق قىسىمنىڭ باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىشى نەتىجىسىدە ئۆزىنىڭ تارىخىي مۇقەددەس ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاپ، زور غەلىبە ۋە شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەنىدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىك تەركىبى — ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، ئىسھاقبېك، دەلىلقان، سەيپىددىن ئەزىزى، سەدۇللا سەيپۇللايوۋ قاتارلىق يولداشلاردىن تەركىب تاپقان. بۇ رەھبىرىي كادىرلار، تالانتلىق، ئىقتىدارلىق، بىلىملىك، چارە - تەدبىرلىك، تەجرىبىلىك، ئىناۋىتى يۇقىرى زىيالىيلار ئىدى.

1948 - يىلى قۇرۇلغان شىنجاڭدا «تىنچلىق ۋە دېموكراتىيىنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» — شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش، ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى قىزغىن قارشى ئېلىش ۋە كۈتۈۋېلىشىنى مەقسەت قىلغان تەشكىلاتتۇر.

1944 - يىلىنىڭ ئاخىرقى ئايلىرى مەركىزىي ھۆكۈمەت. ئاپپاراتلىرىنى 3 - قېتىم رەتكە سېلىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋاتاتتى. ئەخمەتجان قاسىمى ھۆكۈمەت ئاپپا-

راتلىرىنىڭ تازا ساپ ئەمەسلىكىنى، بەزى ئورۇنلارنى قابىلىيەتسىز كىشىلەر ئىگىلىۋېلىپ، ئىنقىلاب ئىشلىرىغا پۇتلىكاشاڭ بولۇۋاتقانلىقىنى، شۇنىڭدەك ئىنقىلابقا پايدىسىز بەزى ئاپپاراتلارنى قىسقارتىپ، ئالدىنقى سەپنى كۈچەيتىشكە كۆڭۈل بۆلۈشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى نەزەردە تۇتۇپ، مەركىزىي ھۆكۈمەت ئاپپاراتىنىڭ ئىخچام لايىھىسىنى تۈزۈپ، مەركىزىي ھۆكۈمەت ئەزالىرىدىن ھەيبەت يۇنچىنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈپ بېقىشى ئۈچۈن سۇنىدۇ. بۇ لايىھىنى ھەيبەت يۇنچى كۆرۈپ قىزغىن قوللاپ، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ بىر قېتىملىق پەۋقۇلئاددە يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويىدۇ. يىغىن ئىشتىراكچىلىرى ئۇنى تەپسىلىي مۇزاكىرە قىلىپ چىققاندىن كېيىن، شۇ مەيداننىڭ ئۆزىدىلا بىردەك قوللايدۇ ۋە شۇ بويىچە مەركىزىي ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىنى قايتىدىن رەتكە سېلىش ئۈچۈن قارار قوبۇل قىلىدۇ.

ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ بۇ جەھەتتىكى تالانتىغا قايىل بولغان مەركىزىي ھۆكۈمەت ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمەت تۇيغۇسى بىلەن ئۇنى مەركىزىي ھۆكۈمەت رەھبەرلىكى تەركىبىگە كىرگۈزىدۇ. شۇ بويىچە مەركىزىي ھۆكۈمەت 3-نۆۋەت رەتكە سېلىنىدۇ.

بۇ قېتىم مەركىزىي ھۆكۈمەت تەشۋىقات نازارىتىنىڭ باشلىقلىقىغا، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، ھەربىي بۆلۈمگە ئەخمەتجان قاسىمى بەلگىلىنىپ، بولكوۋنىك ئۇنۋانى بېرىلىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئەخمەتجان قاسىمى بىر تەرەپتىن تاپشۇرۇلغان خىزمىتىنى بەجانىدىل ئورۇنلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن رەئىسلەرنىڭ ئەڭ يېقىن مەسلىھەتچىلىرىدىن بولۇپ قالىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ «ئەخمەتجان قاسىمى» دېگەن نامى ئامما ۋە ئىنقىلابچىلار ئارىسىدا تونۇلۇپ، ئاممىنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە بولىدۇ.

## 4. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ خاراكتېرى، نىشانى ۋە مەقسىتى

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەسلەپتە پارتلىغاندا، بىر مەزگىل بۇرژۇئازىيە خاراكتېرلىك شوئارلارنى، دىنىي قائىدە - يوسۇنلارنى قوللىنىشقا مەجبۇر بولغانىدى. چۈنكى ئەينى ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى تۈپەيلى، بۇ بىر ئۆتكۈنچى ھادىسە بولۇپ قالدى. كېيىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرىدىن ئەخمەتجان قاسىمى، گېنېرال ئىسھاقبېك، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ قاتارلىق كىشىلەر ئىنقىلابنىڭ لۇشيەن - فاڭجېن سىياسەتلىرىنى بەلگىلەشتە: «تاكتىكا جەھەتتىن جۇڭگو خەلق دېموكراتىك ئىنقىلابىغا ماسلىشىش، ئۈچ ۋىلايەتنى جۇڭگو خەلق ئىنقىلابىنىڭ يىراق چېگرا رايونىدىكى تايانچ بازىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش بىلەن، دۈشمەننى ئارىغا ئېلىپ ھەم ئالدىدىن ھەم ئارقىسىدىن زەربە بېرىشتەك ستراتېگىيىلىك بۇرچىمىزنى ئادا قىلىشىمىز كېرەك. شۇ چاغدىلا بىز، بىزنىڭ دۈشمەنلىرىمىزنىڭ دۈشمىنى بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ كۈرەش قىلغان بولىمىز» دېگەن خۇلاسىغا كېلىدۇ.

مانا بۇنىڭدىن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ بايرىقى روشەن بولۇپ ئۇ، گومىنداڭ مۇستەبىتلىرىگە قارشى كۈرەش ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز.

1945 - يىل 1 - ئايدا ئىنقىلابىي ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتى يەنە بىر قېتىم ئۆزگەرتىلىپ، ئەخمەتجان قاسىمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. خەلق دېموكراتىيىسىنى ئاساس قىلغان ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت تىكلىنىدۇ. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ خىتاپنامىسى جاكارلىنىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە بولىدۇ. ئارقىدىنلا، بىر تەرەپتىن جەڭ قىلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئىنقىلابىي ئاپپاراتلارنى تولۇقلاش بىلەن بىرلىكتە، ئىنقىلابىي كادىرلار، زىيالىيلار ۋە ۋەتەنپەرۋەر ياشلارنى ئىنقىلابىي سەپكە ئۇيۇشتۇرۇپ، دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئىنقىلابچى ياشلار تەشكىلاتى قۇرۇلىدۇ.

ئىنقىلابچى ياشلار تەشكىلاتى مەركىزىي كومىتېتى يولداش ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ: «بارلىق ياشلار ئىنقىلابىي سەپكە ئۇيۇشۇپ، غەلىبە ئۈچۈن ئالغا باسايلى» دېگەن بېغىشلىمىسىنى ئاساس قىلغان ھالدا تەشۋىق-تەرغىبات ئىشلىرىنى باشلىۋېتىدۇ، شۇنداقلا، ئەخمەتجان قاسىمى رەھبەرلىكىدىكى ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت بىر قېتىملىق ھەيئەت يىغىنىدا بارلىق ئىنقىلابىي پارتىزانلار ئەترەتلىرىگە مۇراجىئەتنامە جاكارلاپ، 1945 - يىل 1 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن ئىلگىرى غۇلجا شەھىرىدىكى ھەرەمباغ، لياڭشاڭ پۇتۇ-خانىسى، ئايرودروملارنى تولۇق ئازاد قىلىپ، ئىنقىلابىي مىللىي ئارمىيىنىڭ تەشكىللىنىشىگە شارائىت ھازىرلايدۇ. مىللىي ئارمىيە تەسىس قىلىنىشتەك بۇ مۇشكۇل ۋەزىپىنى فرونت قوماندانلىق شتابى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ھەربىي سەپتىكى ياشلار ئىچىدە، بولۇپمۇ ئىنقىلابىي پارتىزانلارنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتلىرىدا ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ ھەر دەرىجىلىك ھەربىي كومىتېتلىرىنى قۇرۇپ چىقىپ، ھەربىي جەڭچى - كوماندىرغا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى بېرىش بىلەن، ياشلارغا: ھەربىي سەپكە قاتنىشىپ، خەلق يۈكلىگەن ۋەزىپىنى ئادا قىلىشقا، ۋەتەن، خەلق ئالدىدىكى مۇقەددەس بۇرچىنى سەمىمىي - ساداقەتلىك بىلەن ئورۇنلاشقا مۇناسىپ ئىدىيىۋى - تەربىيىۋى خىزمەت يۈرگۈزۈلىدۇ. ئەينى ۋاقىتتىكى مۇشۇنداق جىددىي كۈرەش ياللۇنلىرى ئىچىدە ئازادلىق ئورۇشقا ھېسداشلىق قىلىدىغان، ئىنقىلابنى قوللايدىغان ياشلار - ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلەپ، ئۇلارنىڭ سىياسىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ياشلار تەشكىلاتى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە «كۈرەش» ژۇرنىلى نەشر قىلىنىدۇ.

بۇ ژۇرنالنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ماركسىزم - لېنىنىزم ھەقىقىتىدىن ئىبارەت بولغاچقا، مۇزاكىرە - ئۆگىنىشلەردە مۇشۇ يېتەكچى ئىدىيىنى دەۋر قىلغان ھالدا تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، ياشلارنى ئۇيغىتىش، يۈكسەلدۈرۈشتىن ئىبارەت ھالقىلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ھۆكۈمەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ پائالىيەتلىرىنى قوللاپ: «بۇ تەشكىلات شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئىنقىلابىي ياشلىرىنىڭ تەشكىلاتى بولۇپ، ئۇ، پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىنى بىرلەشتۈرۈپ (ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ) گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى مەغلۇپ قىلىشنىڭ ئاۋانگارتى بولۇش لازىم» دەپ يوليورۇق بەردى.

ئەخمەتجان قاسىمى ياشلار تەشكىلاتىنىڭ پائالىيەتلىرىدىن مەمنۇن ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىلىپ سۆزلىگەندە: «بىزنىڭ قوزغىلىشىمىز — مىللىي ئازادلىق قوزغىلىڭى، شۇنىڭدەك بىزنىڭ قوزغىلىشىمىز — ئىنسانىيەتچىلىك مۇئامىلىسىدىن مەھرۇم بولغان خەلقىمىزنىڭ سىياسىي ئەركىنلىك، ھوقۇقلىرىنى قولغا ئېلىش ئۈچۈن بولغان قوزغىلاڭ، جۇملىدىن بىزنىڭ قوزغىلىشىمىز — خەلقچىلىق سىياسەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بولغان قوزغىلاڭ. سەۋەبى، بۇ قوزغىلاڭنى ھەرىكەتكە كەلتۈرگۈچى كۈچ (رەھبەرلىك قىلغۇچى ۋە بۇ قوزغىلاڭنى ئاخىرغا قەدەر ئېلىپ بارىدىغان كۈچ) بىلەن خەلقچىلىق سىياسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان كۈچ — ئىككىسى بىر كۈچ» دېگەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق گېنېرال لېيتېنانت ئىسھاقبېك، گېنېرال دەلىلقان، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، سەيپۇللايوۋ، رەھىمجان سابىر ھاجىيوۋ، قاسىمجان قەمبىرى، ھەبىب يۇنىچى، ئابدۇراخمان مۇھىتى، سەيپىدىن ئەزىزى، قېيۇمبەگ خوجا، غېنى باتۇر، پاتىخ مۇسلىموۋ، ئوبۇلخەيرى تۆرە، جانىباي، جانى ۋە مۇھەممەت ئىمىن لوزۇڭ قاتارلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت ئەزالىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك پېشقەدەم زاتلار تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىغا پەخرى ئەزا بولۇپ كىرىدۇ. نەتىجىدە يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن بۇ تەشكىلات راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى.

1945 - يىلى 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، مىللىي ئارمىيىگە تۇغ تاپشۇرۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ، مۇراسىمدا، ئەخمەتجان قاسىمى خۇشاللىق بىلەن نۇتۇق سۆزلەپ مۇنداق دېدى: «بىز تارىخىمىزدا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئىنقىلابىي قوشۇن تەشكىل قىلدۇق. بىزنىڭ قوشۇنىمىزنىڭ ئىنقىلابىي ئىرادىسى كۈچلۈك، غايىسى ئۇلۇغ، ئىنتىزامى مۇستەھكەم بولۇپ، بۇ خەلقىمىزنىڭ ئازادلىقى، باراۋەرلىكى ۋە ھۆرلىكى ئۈچۈن ئۆز ھاياتىنى، بارلىقىنى بېغىشلىغان.... بىز مۇشۇ ئۇلۇغ كۈنلەردە قولىمىزغا قورال ئېلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ئازادلىق ئۈچۈن كۆرەش باشلىدۇق...، بىزنىڭ مەقسىتىمىز، خەلقىمىزنىڭ ئەمەلدىكى ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش، شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ يۆنىلىشىمىز ئادىل تىنچلىق ۋە ھەقىقىي خەلقچىلىقنى بەرپا قىلىشقا قارىتىلىشى لازىم.... بىزنىڭ مىللىي قىسمىلىرىمىز، بىر مىللەتنىڭلا مىللىي قىسمى ئەمەس. بەلكى، ھەممە مىللەت خەلقلىرىنىڭ مىللىي قىسمى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ مىللىي ئارمىيىمىز مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكىنى، ئەركىنلىكىنى تەمىن ئېتىش ئۈچۈن كۆرەش قىلىدۇ. ھەر مىللەت خەلقلىرى بىزنىڭ مىللىي ئارمىيىمىزنى ئۆزىنىڭ پەرزەنت قوشۇنى دەپ ھۆرمەت قىلىدۇ. چۈنكى، بىزنىڭ مىللىي ئارمىيىمىز ئەركىنلىكنى

سۆيگۈچى خەلقىمىزنىڭ تارىخىي ئارزۇسى بولغان خەلقچىللىق، باراۋەرلىك، تەڭلىك ھوقۇقلىرىنىڭ مۇھاپىزەتچىسى ۋە مۇشۇنداق بولۇشى كېرەك. مانا مۇشۇ مۇشكۈل ۋەزىپىنىڭ ئەھدىسىدىن چىقىش ئۈچۈن، ئارمىيىمىزدە پولاتتەك مۇستەھكەم ھەربىي ئىنتىزام بولۇش بىلەن بىللە ھەر تەرەپلىمە، ھەربىي، سىياسىي بىلىم بولۇشى لازىم. بىزنىڭ ئارمىيىمىزدە ئېلىپ بارىدىغان تەلىم - تەربىيە فاڭجېنىمىز — جەڭچى - كوماندىرلىرىمىزنى ۋەتەنپەرۋەر، ھەققانىيەتچى قىلىپ تەربىيىلەشتىن ئىبارەت. بىز ئېزىلگەن خەلق، ئېزىلگۈچى خەلق زۇلۇمىدىن ئازاد بولۇشنى خالايدۇ. ۋەھالەنكى، بىز ئارمىيىمىزگە تەربىيە بەرگەندە بىر مىللەتنى ئەلا، يەنە بىر مىللەتنى پەس، بۇ مىللەتنى تاجاۋۇزچى، يەنە بىر مىللەتنى تاجاۋۇزچىلىققا ئۇچرىغۇچى دېيىدىغان چۈشەنچىدە بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىشىمىز لازىم. مېنىڭ مۇنداق دېگىنىم، تاجاۋۇزچى مىللەت ئەمەس، مىللەتنى ساتقۇچى بىر توپ مىلىتارىستلار، بيۇروكرات ئاپپاراتقا تايانغان مۇستەبىت ئۇنسۇرلاردۇر. ئۇلارنىڭ مىللەتكە ۋاكالىتەن سۆزلىشىگە ھېچقانداق ھەققىمۇ يوق. مىللەتكە ۋەكىلمۇ بولالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ ئىنسانىي ھوقۇق - مەنپەئەتلىرىمىز، خەلقىمىزنىڭ باراۋەرلىك ۋە تەڭلىكى توغرىسىدىكى ھەققانىي تەلەپلىرىنى دەپسەندە قىلىپ كەلگەن بىر تۈركۈم زومىگەر «چىنۇنىك» لارنى پۈتۈن خەنزۇ خەلقىنىڭ ۋەكىلى دەپ قاراش توغرا بولمايدۇ. بۇ بىزدىكى دارىنلار بىزنىڭ قانچىلىك دۈشمىنىمىز بولسا، خەنزۇ خەلقىنىڭمۇ شۇنچىلىك دۈشمىنىدۇر .... شۇنداق قىلغاندىلا بىزنىڭ ياش قوشۇنىمىزنى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس بۇرچىنى ئادا قىلىشقا مۇناسىپ ئاڭغا ئىگە قىلالايمىز.»

ئۇ، يەنە مۇراسىمدىكى سۆزىنى داۋام قىلدۇرۇپ: «بىزنىڭ ئىنقىلابىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىپىسى، پۈتۈن شىنجاڭنى ئازاد قىلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ زۇلۇمى ئاستىدا كۆلپەت چېكىۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزنى ئازاد قىلىش، شۇ چاغدىلا بىزنىڭ بۇ ياش قوشۇنىمىز ۋەتەن، خەلق ئالدىدىكى بۇرچىنى ئادا قىلغان بولىدۇ». دېگەندە، پۈتۈن مەيداندا گۈلدۈراس ئالقىشلار كۆككە ياڭرايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ مۇراسىمدا مىللىي ئارمىيىنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىغا تۇغ تاپشۇرۇش رەسمىيىتى باشلىنىدۇ.

قائىدە بويىچە ھەربىر پولك كوماندىرى ھەربىي فورمىسى بىلەن تەرتىپ بويىچە كېلىپ، ئۆز قىسمىغا ۋاكالىتەن تۇغ تاپشۇرۇۋېلىپ قەسەمياد قىلىشىدۇ. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن يىغىنغا قاتناشقان مىڭلىغان - ئونمىڭلىغان ئامما پەرزەنت قوشۇنلىرىغا ياخشى تىلەك - ئارزۇلىرىنى بىلدۈرىدۇ. مۇراسىمدىن كېيىن، ياش مىللىي ئارمىيە ئۆز يۈرۈشلىرى بويىچە ئالدىنقى سەپكە ئاتلىنىدۇ.

دېمەك، 8 - ئاپرېل — ئىنقىلابىي مىللىي ئارمىيە قۇرۇلغان كۈن. ھەرقايسى قىسىملارغا پولك تۇغى تاپشۇرۇلۇش بىلەن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ شۇ كۈنگە

قەدەر داۋام قىلىپ كەلگەن پارتىزانلىق ئۇرۇش دەۋرىگە خاتىمە بېرىلىپ، مۇنتىزىم قوشۇن شەكىللەندى. شۇنىڭ بىلەن خەلقنىڭ ياش پەرزەنت قوشۇنى بولغان — مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى ئەخمەتجان قاسىمى رەھبەرلىكىدىكى ئىنقىلابىي ھۆكۈمەتنىڭ يوليورۇقى، مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابىنىڭ قارارىغا بىنائەن سەپەرگە ئاتلانغاندا، ئۈچ يۆنىلىشكە بۆلۈنۈپ: مەركىزىي فرونت (ئوتتۇرا يۆنىلىش دەپ ئاتالدى) ئۈرۈمچىگە بارىدىغان چوڭ يۆنىلىش بولۇپ، جىڭ، شىخو ناھىيىلىرىنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىغا؛ شىمالىي يۆنىلىش (شىمالىي فرونت دەپ ئاتالدى) چۆچەك، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىغا؛ جەنۇبىي يۆنىلىش (جەنۇبىي فرونت دەپ ئاتالدى) جەنۇبىي شىنجاڭ - ئاقسۇنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىغا ئاتلاندى.

دېمەك، ئەخمەتجان قاسىمى رەھبەرلىكىدە مىللىي ئارمىيە قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەربىي ئىنتىزام، ھەربىي تەلىم - تەربىيە قانۇنلاشتۇرۇلۇپ، ھەممە ئىشنى ھەربىي تۈزۈم بويىچە ئىدارە قىلىش يولغا قويۇلدى. شۇ ئاساستا ئۈچ ئاي جەڭ تەييارلىقى ئېلىپ بېرىلىپ، باش قوماندانلىقنىڭ بۇيرۇقى بويىچە قىسىملار شۇ يىلى 3 - ئايدىن 8 - ئاينىڭ 12 - كۈنىگە قەدەر ھەرقايسى جەڭ مەيدانلىرىغا يۈرۈپ كەتتى. ئەخمەتجان قاسىمى ھەرقايسى جەڭ مەيدانلىرىغا بېرىپ، ئىنقىلابىي ھەربىي كومىتېت نامىدىن ئۇلارغا ئومۇمىيۈزلۈك رەھبەرلىك قىلدى. نەتىجىدە كۆپ ئۆتمەيلا ھەرقايسى فرونتلاردىن غەلىبە خەۋەرلىرى كېلىشكە باشلىدى.

تارباغاتاي ۋىلايىتى 1945 - يىلى 5 - ئايدا، ئالتاي ۋىلايىتى 1945 - يىلى 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، شىخو ناھىيىسى 1945 - يىلى 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، جىڭ ناھىيىسى 1945 - يىلى 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئازاد قىلىندى، مىللىي ئارمىيە جەنۇبىي يۆنىلىش قىسمى 1945 - يىلى 6 - ئاينىڭ 27 - كۈنى باي ناھىيىسىگە ھۇجۇم قىلىپ، 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى باينى ئازاد قىلدى. 6 - كۈنى ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلدى.

بۇ شانلىق غەلىبىلەر — ئەخمەتجان قاسىمى رەھبەرلىكىدىكى ئىنقىلابىي ھۆكۈمەتنىڭ ستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى بويىچە، ياش مىللىي ئارمىيىنىڭ پۈتۈن شىنجاڭنى ئازاد قىلىشتىن ئىبارەت مۇقەددەس بۇرچىنى غەلىبىلىك ئادا قىلىشقا مۇناسىپ ئىمكانىيىتىنى ئىسپاتلاپ بەردى. ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلدى.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئۇۋىسى بولغان ئۈرۈمچى شىمالىي ھەم جەنۇبىي شىنجاڭ تەرەپتىن مۇھاسىرىگە ئېلىنىپ، گومىنداڭچىلارنى ئەمدى ئۇرۇشنىڭ ئاسانغا چۈشمەيدىغانلىقىغا ئىشىنىشكە مەجبۇر قىلدى. شۇنداق قىلىپ، 1944 - يىلى 11 - نويابىر كۈنى گومىنداڭنىڭ غۇلجا شەھىرىدىكى سېلىڭبۇسى ئىشغال قىلىنىپ، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلغان كۈنىدىن 1945 - يىلى 10 - ئايغا

قەدەر بولغان 12 ئاي ۋاقىت، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتىگە قارشى ئۇرۇش ھالىتىنى ساقلىغان ئۆتكۈنچى دەۋر ھېسابلىنىدۇ. بۇ جەرياندا، گومىنداڭ شىمالىي شىنجاڭدا ئۇزۇل-كېسىل مەغلۇپ بولدى. جەنۇبىي شىنجاڭدا پارتىزانلىق ھەرىكىتى پارتلاپ، گومىنداڭچىلار تالاپەتكە ئۇچراپ تۇردى. مۇشۇ بىر يىللىق ئۇرۇش جەريانىدا، مىللىي ئارمىيە 20 مىڭ مىلتىق، نەچچە يۈز ئېغىر-يېنىك پىلىموت، 100 دىن كۆپرەك چوڭ-كىچىك مىناميوت، 50 كە يېقىن چوڭ-كىچىك زەمبىرەك، تۆت بىرونىۋىك، ئۈچ تانكا، توققۇز ئايروپىلان ۋە مىڭلاپ ساندۇقلاردا ئوق-دورا، گرانات قاتارلىقلارنى غەنىمەت ئالدى.

بۇ بىر يىللىق ئۇرۇش جەريانىدىكى مەغلۇبىيەت گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنى شىنجاڭ مەسىلىسىنى قايتا مۇزاكىرە قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. نەتىجىدە كېلىشىمگە ئاساسەن 1945-يىلى 9-ئاينىڭ 14-كۈنى، ماناس دەريا كۆۋرۈكى ھەر ئىككى تەرەپنىڭ چېگرىسى قىلىپ بەلگىلىنىپ، مىللىي ئارمىيە كۆۋرۈكنىڭ غەربىي قىرغىقىغا ئورۇنلاشتى. گومىنداڭ قوشۇنلىرى بولسا، كۆۋرۈكنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا قايتا كېلىپ ئورۇنلاشتى. شۇنىڭ بىلەن بىرىنچى باسقۇچتىكى جەڭ ئاياغلىشىپ، تىركىشىش، بىر-بىرىگە تاقابىل تۇرۇش ۋەزىيىتى شەكىللەندى.

### 5. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى رەھبەرلىرىنىڭ ئىش پائالىيەتلىرى

ئەخمەتجان قاسىمى ماركسىزم-لېنىنىزمنى خېلى پىششىق ئۆزلەشتۈرگەن، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئىش ئېلىپ بارغان تەتقىقاتچى، ئاتاقلىق تىلچى ۋە ئۆتكۈر ناتىق ئىدى. ئۇ، ۋاقىت تەلىپىگە مۇۋاپىق نۇرغۇن ئىلمىي ماقالىلارنى يېزىپ ئېلان قىلىش بىلەن ۋىلايەت ناھىيە، يېزا قىشلاقلاردا ئېچىلغان ھەر خىل يىغىنلاردا ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلقلىرىگە، شۇ سورۇندىكىلەر قايسى مىللەتتىن كۆپرەك يىغىلغان بولسا، شۇ مىللەتنىڭ تىلىدا (ئۇيغۇر، قازاق، تاتار، قىرغىز، ئۆزبېك، رۇس تىلىدا) نۇتۇق سۆزلەپ ھەممىنى قايىل قىلالايتتى. ئۇنىڭ كۈندىلىك خىزمەت، تەرجىمە، ئەمگەك، سىياسىي ئۆگىنىش، تىل ئۆگىنىش قاتارلىق قازا قىلماي ئېلىپ بارىدىغان پائالىيەتلىرىنىڭ كۈنتەرتىپ خاتىرىسى بار بولۇپ، بۇ ئىشلارنى ئۇ، كۈندە دېگۈدەك خاتىرىلەپ تۇراتتى. تىل ئۆگىنىش خاتىرە دەپتىرى ھېلىمۇ ئۇنىڭ ئائىلىسىدە ھۆرمەت بىلەن ساقلىنىۋاتقان بولۇپ، بۇ خاتىرىدە ئۇنىڭ خەنزۇچە، ئىنگلىزچە ئۆگىنىش ۋاقىتلىرى مۇنتىزىم ھالدا يېزىلىپ ماڭغانىدى.

ئەخمەتجان قاسىمى ھەر تەرەپلىمە بىلىم ئىگىلىگەن ۋە پىشقان ھەقىقىي خەلق خىزمەتچىسىدۇر، ئۇ ماشىنىغا چىقسا شوپۇر، سۇغا چۈشسە ئۈزگۈچى، سالچى، خاڭ ئاستىغا چۈشسە ئىشچى، دېھقانلارنىڭ ئارىسىغا كىرسە، داڭلىق ئومىچى، تېخنىكىلىق ئىشلار بار ئورۇنغا بارسا، ئەپچىل ئەمەلىي تېخنىكا خادىمى ياكى ئاددىي

مانتىيور ئىدى.

ئەخمەتجان قاسىمى خەلققە توغرا رەھبەرلىك قىلىپ، ئۇلارغا ئىنقىلاپ ئىشلىرىنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن خەلققە (ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلقىگە) دائىم ئارىلىشىپ، مۇڭدىشىپ، بىللە بولۇپ، ئۇلاردىن ئۆگىنىپ كەلدى. بۇ ئۇنىڭ ئالاھىدە خۇسۇسىيىتى ئىدى.

ئەخمەتجان قاسىمى ئىشچى-دېھقان ۋە چارۋىچىلارنىڭ ئالاھىدە غەمخورچىسى، شۇنىڭدەك ياشلارنىڭ بولۇپمۇ ئاتا-ئانىسىز يېتىم بالىلارنىڭ ئۆز ئاتىسىدەك مېھرىبان ئاتىسى، غەمخورچىسى ۋە باش مۇرەببىيسى ئىدى.

ئەخمەتجان قاسىمى ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە دائىم تەلىم-تەربىيە بېرىپ، ئۇلارنىڭ «ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىنى شەخسىي مەنپەئەتتىن ئۈستۈن كۆرۈشنى، خىزمەت ئورنىدىن پايدىلىنىپ ھەرگىز شەخسىي مەنپەئەتكە بېرىلمەسلىكنى، پاكلىق مەسىلىسى يەنى ئاپپاراتىمىزنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن پاك بولۇشنى، پاك بولۇش ئۈچۈن خىيانەت قىلماسلىقنى، مىللەتلەرنىڭ ئەمەلىيەتتىكى باراۋەرلىكىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولىدىكەن، مىللەتچىلىك، قەبىلىچىلىككە قارشى تۇرۇشنى، خىزمەتلەرنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ئاكتىپلىق، ئىنتىزامچانلىقنى قولدىن بەرمەسلىكنى، خىزمەتتىكى كەمچىلىك ۋە بيۇروكراتلىقنى تۈگىتىش ئۈچۈن تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىدنى يولغا قويۇشنى» دائىم جېكىلەپ تۇراتتى.

1945-يىلى 1-ئاينىڭ 12-كۈنى ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ 6-سانلىق قارارى بويىچە كۆپچىلىكنىڭ بىر ئېغىزدىن قوشۇلۇشى بىلەن ئەخمەتجان قاسىمىنى مەركىزىي ھۆكۈمەت ھەربىي بۆلۈم باشلىقى قىلىپ تەيىنلىدى. بۇ چاغدا ھۆكۈمەتنىڭ ئەخمەتجان قاسىمىنى ھەربىي بۆلۈم باشلىقى قىلىپ بېكىتىشتە ناھايىتى چوڭ ئۈمىدى بار ئىدى. چۈنكى بۇ چاغدىكى مىللىي ئارمىيە بۇرۇندىن بار بولۇپ، ئۆزگەرتىپ قۇرۇلغان ئارمىيە بولماي، ھەر قايسى جايلاردا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ چىققان پارتىزانلار گۇرۇپپىسىدىن تەشكىللىنىپ، يېڭىدىن ئارمىيە قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن، قىسمەن ئۇنۋان ۋە دەرىجىلەر بېرىلگەن بولسىمۇ، بۇ ئوردېن ۋە ئۇنۋانلارنىڭ بىرمۇنچىلىرى تۈرلۈك سەۋەبلەردىن شۇ كىشىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا تازا ماس كەلمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى تەركىبىدىكى جەڭچى-ئوفىتسېرلار ھەم كوماندىرلار ئىلگىرى ھەربىي تەلىم-تەربىيە ئالمىغان، قورالنى مەشىق قىلىپ ئۆگەنمىگەن. تېخى پارتىزانلىق ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان قىسىملار بولۇپ، بۇ خىزمەتلەرنى بىر ئىزغا سېلىش، مۇنتىزىملاشقان، جەڭگىۋارلاشقان جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە ئوخشاش ئارمىيە قىلىش ئۈچۈن ئارمىيىنىڭ بېشىدا تەجرىبىلىك، ئىقتىدارلىق، بىلىملىك بىر تەشكىلاتچى بولۇشى لازىم ئىدى. شۇ چاغدا ئەخمەتجان قاسىمدىن

باشقا بۇ ۋەزىپىسىگە لايىق ئادەم يوق ھېسابىدا ئىدى. ئەخمەتجان قاسىمى مۇشەققەتلىك ھەم جاۋابكارلىقى ئىنتايىن ئېغىر بولغان بۇ ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئېلىپ، ئۆزىنى ئۇنتۇتقان ھالدا بېرىلىپ ئىشلىدى. ئۇنىڭ ۋە كۆرسەتكەن نەتىجىلىرىگە ھۆكۈمەت بىلەن خەلق ئامىسى قايىل بولدى، شۇڭا ئۇنىڭغا 1945 - يىلى 2 - سېنتەبىردىكى مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ 88 - يىغىنىنىڭ قارارى بويىچە پولكوۋنىك ئۇنۋانى بېرىلدى.

ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبېك، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋلارنىڭ جەڭگىۋار دوستلۇقى، ئىتتىپاقى ئۇيۇلتاشتەك چىڭ ۋە مۇستەھكەم ئىدى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا پرىنسىپال ئىختىلاپلار كۆرۈلمەيتتى. ئۇلار ئەخمەتجان قاسىمى رەھبەرلىكىدىكى بەنزىنىڭ بىرىنچى غوللۇق كىشىلىرى بولۇش بىلەن ئۇلارنىڭ سۆز ھەرىكىتى ئوخشاش بولۇپ بىر يەردىن چىقاتتى. ئىنقىلابنىڭ ئەڭ ئىنچىكە، چوڭ ئىشلىرىنى ئۇچەيلەن قىلاتتى. ئەخمەتجان قاسىمى ئۆزىدىن ياشتا چوڭ پېشقەدەم كەسپىي ئىنقىلابچى ئىسھاقبېكنى بەكمۇ ھۆرمەتلەيتتى. كۆپ ھاللاردا ئۇ كەمتەرلىك بىلەن گېنېرالنىڭ ئىشخانىسىغا ئۆزى كېلىپ خىزمەتلەر توغرىسىدا مەسلىھەتلىشەتتى. بەزىدە گېنېرال ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا بېرىش ھەققىدە تېلېفون بەرگەندە، ئەخمەتجان قاسىمى «ياق، مەن باراي! سىز ئاۋارە بولماڭ...» دەپ پىيادە مېڭىپ دەرھال يېتىپ كېلەتتى-دە ئىنقىلابنىڭ چوڭ ئىشلىرى ئۈستىدە قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كېتەتتى. ئىسھاقبېك ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ھەرقانداق مەسلىھەت ۋە يوليورۇقلىرىنى قىزغىن قوبۇل قىلاتتى ۋە سەممىي قوللايتتى. ئابدۇكېرىم ئابباسوۋمۇ قوماندانىنى «كەسپىي ئىنقىلابچى ئاتىمىز، سالماق قوماندانىمىز، رەھبەرلىك ئاپپاراتىدىكى تۈۋرۈكىمىز دەپ تەرىپلەيتتى. ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن ئىسھاقبېك ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنى: «ئۆتكۈر سىياسەتچى» دەپ تەرىپلەيتتى، گېنېرال ئىسھاقبېك گايىدا ئابدۇكېرىم ئاباسوۋنى: «ئۆزى ۋىجىك، يۈرىكى قاپتەك جەڭچى» دەپ ماختايتتى.

ئۇلار ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىنى جۇڭگو خەلق ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يولىدا جان پىدالىق بىلەن كۈرەش قىلدى ۋە توغرا يېتەكچىلىك فاڭجېنىنى قوللاندى.

ئۇلار ھەربىي ئىشلار خىزمىتىنىلا كۈچەيتىپ قالماي، يەنە مەدەنىي - مائارىپ، سەھىيە، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىمۇ كۈچەيتكەنىدى. بولۇپمۇ مائارىپ ئىشلىرىنى ياخشى يولغا قويۇپ، كېلەچەكنىڭ ئىگىلىرى بولغان ياش ئەۋلادلارنىڭ تەربىيىلىنىشىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەنىدى. چۈنكى ئالىم، مۇھەندىس، يازغۇچى، شائىر، قوماندان، دۆلەت ۋە جەمئىيەت ئەربابى ۋە باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئوقۇتقۇچى ئەمگىكىنىڭ مەھسۇلاتىدۇر...» دەپ قاراپ، ئۆزى مەكتەپلەرگە بېرىپ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىۋاسىتە سۆھبەتلىشەتتى.

ئەخمەتجان قاسىمى ئۆزىنى ھەرگىز باشقىلاردىن ئالاھىدە ھەم پەرقلەندۈرىدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

هالەتتە تۇتمايتتى، جازىسى يوق ئىدى. ھەتتا ئۇ خىزمەتداشلىرى بىلەن بىرلىكتە ماشىنىغا چۈشۈپ سىرتقا چىققاندا، ئاددىي شوپۇرلۇق كىيىمىنى كىيىۋالاتتى. ئۇ بارغان جايىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنى پەرق ئېتەلمەي قالاتتى. ھەمراھلىرى ئەخمەتجان قاسىمىنى كۆرسەتكەندىن كېيىنلا ئۇلارنىڭ كۆپىنچىلىرى ھەيران بولۇشۇپ تىڭىرقىشىپ قالاتتى. ئۆزىنى خەلقتىن يىراقلاشتۇرىدىغان، سۈرلۈك مۇھاپىزەتچى ۋە قوغدىغۇچىلارنى ئىشلەتمەيتتى. «پەقەت خەلققە سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلساق، خەلق بىزگە تاپشۇرغان خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن ئوبدان چىقالىساقلا، بىزنى خەلق ساقلايدۇ»، دەپ خەلق ئاممىسىغا تايىناتتى. ئۇنىڭ ئائىلە تۇرمۇشىمۇ ئاددىي ئىدى. چوڭ ئالاھىدىلىكلەر يوق ئىدى. ھەرقانداق ئىش بىلەن كەلگەن شەخسلەرنى ئۆزى ئۆيدە بولسا چىقىپ قارشى ئالاتتى. شۇ يەرنىڭ ئۆزىدە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بولسىلا، ھەل قىلىپ بېرىدىپ يولغا سالاتتى. شۇ يەردە دەرھال ھەل قىلىشقا مۇمكىن بولمىغانلىرىنى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا يوللاپ، بۇنىڭ ئىجراسىدىن ئۆزىنى خەۋەردار قىلىشنى ئالاھىدە ئەسكەرتەتتى. بۇ ئىشقا ھەرقانداق ئورۇن ياكى خىزمەتچى بىپەرۋالىق قىلماي، ئۇنىڭ ئىجراسىدىن ئەخمەتجان قاسىمىنى تولۇق خەۋەرلەندۈرەتتى.

ئەخمەتجان قاسىمى خەلقىمىز ئىچىدىن چىققان مانا مۇشۇنداق ھەرتەرەپلىمە پىشقان ۋە چېنىققان رەھبەر ئىدى.

گېنېرال ئىسھاقبېك مونونوۋ قىرغىز خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتى بولۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ، جۈملىدىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ سۆيۈملۈك رەھبىرى، ئىدى ئۇ، ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ۋە يوليورۇقى بىلەن ئارمىيىمىزنى كېڭەيتىش ۋە مۇستەھكەملەش، جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇش جەھەتلەردە ئۆزىنىڭ ئاجايىپ ھەربىي تالانتى بىلەن خىزمەتلەرنى ئۈنۈملۈك ئىشلەپ، ئارمىيە ۋە خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن ئىشەنچلىك ھەربىي سەركەردە ئىدى.

ئۇ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان جايلاردىكى قىسىملارنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئىنقىلابىي سەپكە قوشۇلۇشىغا، ھەقىقەتكە قايتقانلارغا مىللىي ئارمىيە سېپىدىن ئالاھىدە ئورۇن بېرىپ، ئۇلارنىڭ ھەربىي - سىياسىي جەھەتتىن ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە مۇنتىزىملىشىشىغا غەمخورلۇق قىلدى ۋە ئەستايىدىل يېتەكچىلىك قىلدى. ئۇ سىياسىي جەھەتتىكى تەربىيىنى چىڭ تۇتۇپ، مەكتەپلەرنى تەسىس قىلىپ، ھەر مىللەت ھەربىي ئوفىتسېر، كادىر جەڭچىلەرگە ئىنقىلابىي تىپتىكى نەزەرىيە دەرسى ئۆتتى. تام گېزىت چىقىرىش، ھەجۋى رەسىملەرنى ئىشلەش، «جەڭ ئاخباراتى» نەشر قىلىپ تارقىتىش پائالىيەتلىرىگە قىزغىن ياردەم بەردى. تەربىيىنىڭ يەنە بىر مۇھىم مەزمۇنى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ غەلىبىلىك جەڭ خەۋەرلىرى، جياڭجيېشىنىڭ ئىچكى ئۇرۇش قوزغىغان جىنايى قىلمىشلىرى، «جۇڭگودىكى ئۈچ چوڭ بېيوگ-

رات ئائىلىسىنىڭ سىرى»، 8- ئارمىيىنىڭ ئۈچ چوڭ ئىنتىزام، سەككىز دىققەتتىن ئىبارەت ياخشى ئىستىلى، سوۋېت ئىتتىپاقى باشچىلىقىدىكى سوتسىيالىزم لاگېرىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى، ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ سۆزلىگەن يالقۇنلۇق نۇتۇقلىرى ئىدى. ئۇنىڭ چىۋەر رەھبەرلىكىدە ئويۇشقان بۇ ئارمىيە ھەرقانداق دۈشمەنگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان مۇشەققەتلىك جەڭلەردە غەلىبىسىرى ئىلگىرىلەپ باردىكى، ھەر-گىز چېكىنمىدى ۋە مەغلۇپ بولمىدى، ئۇ دۈشمەن ئالدىدا تەمكىن ۋە تەدبىرلىك ئىدى، ئۇ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە قېرىنداشلارچە دوستلۇقنىڭ ئۈلگىسى ئىدى.

ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ماركسىزم - لېنىنىزمچى رەھبەرلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ ماركسىزملىق يۇقىرى سەۋىيىگە ئىگە ئىدى. ئۇ يەنە ئىقتىدارلىق تەشكىلاتچى ئىدى. ئۇنىڭ سەۋىيىسىگە، چېچەن، ھوشيارلىقىغا، ئۆتكۈرلىكىگە، ھاسىل قىلغان بىلىمىگە قاراپ، ئەخمەتجان قاسىمى ئۇنى: «ياش، ئۆتكۈر سىياسىي ئالىم» دەپ ناھايىتى توغرا باھا بەرگەنىدى.

ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ئەلەمنەزمۇ، قەلەمگىمۇ ماھىر ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاتاقلىق ناتىق، دىپلومات ئىدى. ئۇنىڭ ھەربىر سۆزى يالقۇنلۇق، نۇتۇق ۋە دوكلاتلىرى دەلىل - ئىسپاتلىق، قايىل قىلىش كۈچى زور، تەسىرچانلىقىنى كۈچلۈك، مەزمۇنى كەڭ ۋە ئەتراپلىق بولۇپ، كىشىنىڭ دىلىنى خۇددى ماگنىتتەك ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى، ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغانلىرى كىشىلەرنىڭ ئاڭلىغۇسى كېلەتتى. قۇرۇق گەپ، مەنتىقىسىز سۆزلەرنى ئۆزىگە راۋا كۆرمەيتتى. قانداق مىللەت ۋە يېشىنىڭ چوڭ كىچىك بولىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ سۆزىدىن ئىلھاملانمايدىغان بىرمۇ كىشى يوق ئىدى.

ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ خەنزۇ تىلىنى، يېزىقىنى پىششىق بىلگەنلىكى بىلەن مەشھۇر ئىدى. ئۆزىنى بىلىملىك ھېسابلايدىغان خېلى چوڭ مەنسەپدارلارنىمۇ ھەيران قالدۇراتتى، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ئۆزلۈكىدىن تەربىيىلىنىشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرەتتى. ئۇ دائىم ئادەم قانچىلىك ئۆمۈر كۆرسە، شۇ ئۆمۈر بويىچە ئۆگىنىپ دەۋر-روھىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ، يېڭىلاپ قۇرۇش ۋە ئۆزگەرتىش لازىم دېگەن قاراشتا ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قوياتتى. باشقىلارغا ئىلھام بېرەتتى. ئۇ ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا تىنىمسىز خىزمەت ئىشلەيتتى. بوشلا ۋاقتى بولىدىكەن، كىتاب ئوقۇپ گېزىت كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە تىرىشاتتى. ئۇنىڭ دەم ئېلىش ئۆيىدە خەنزۇچە، رۇسچە ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرى كۆپ ئىدى. ئۇ 1946 - يىلى ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن بىرلىكتە گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مەركىزى نەنجىڭدە ئېچىلغان مىللىي قۇرۇلتايغا شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋەكىلى بولۇپ بار-غاندا، پارتىيىنىڭ نەنجىڭدىكى ۋەكىلى دوڭ بىۋۇ بىلەن تونۇشۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى بىلەن جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ئوتتۇرىسىدا ياخشى ئالاقىچى بولۇپ قالدى. شۇ چاغدا مەركىزىي كومىتېت شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

رىغا ياردەملىشىش ئۈچۈن كوممۇنىست بىلىك گۇئەننى ئىدى. ئابباسوۋقا قوشۇپ بەردى. ئۇ، ئاددىي ساددا كىيىنگەن، كەمتەر، ئوچۇق چىراي، ئوتتۇرا بوي كىشى ئىدى. ئابدۇكېرىم ئاباسوۋ دائىم يەنئەن بىلەن خەۋەرلىشەتتى، بەزى كۈنلىرى ئۇ خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ چاۋاك چېلىپ خۇشال بولۇپ، ھاياجانلىنىپ كېتەتتى. ئابدۇكېرىم ئاباسوۋ جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبە خەۋەرلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرھال نەنخۇا-يەنگە بېرىپ ئەخمەتجان قاسىمىغا يەتكۈزەتتى. ئەخمەتجان قاسىمى بولسا، بۇ غەلىبە خەۋەرلىرىنى ئاڭلاپ ناھايىتى مەمنۇن بولغان ھالدا، خەرىتىگە قاراپ، ئازاد بولغان رايونلارغا قىزىل بايراقلارنى تاقايتتى. ئابدۇكېرىم ئاباسوۋقا قاراپ، ئىختىيارسىز ھالدا: ئاز قالدى ... ئاز قالدى دەپ چەكسىز خۇشال بولاتتى.

1946 - يىلى 7- ئاينىڭ 1- كۈنى ئۈرۈمچىدە بىتىم بويىچە ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. ئابدۇكېرىم ئاباسوۋ بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ بىرىنچى مۇئاۋىن باش كاتىپى بولدى. 1946-يىلى 1- ئىيولدىن باشلاپ، ئۇ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتىنى تېزلىتىدىغان ھەم سۇيىقەستىنى ئاشكارا قىلىدىغان سىياسىي كۆرەشكە ھەمدە بىتىمنى قوغداپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، خەلقنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقىنى قوغداشقا پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاتلاندى. ئابدۇكېرىم ئاباسوۋ ئالدى بىلەن ئۆلكە دەرىجىلىك ئىدارىلار ئاپپاراتىنى ساپلاشتۇرۇشنى چىڭ تۇتۇپ، يارامسىز زىيالىيلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈپ، مىللىي كادىرلار قوشۇنىنى كېڭەيتىپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىنقىلابتىكى تايانچلىق ۋە باشلامچىلىق رولىنى جارى قىلدۇردى. جۇڭگو سوۋېت مەدەنىي ئالاقە ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇردى. 1946- يىلى كۈز ئايلىرىدا ئېچىلغان بىر قېتىملىق يىغىندا خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن ئەخمەتجان قاسىمى كېلەلمەي، ئابدۇكېرىم ئاباسوۋ باشلىق رەھبەرلەر قاتناشتى. شۇ كۈنكى يىغىندا گومىنداڭ باشلىقلىرى گەپنى ئۇياق-بۇياققا ئەگىتىپ، كۆرەڭلەپ كەتتى. ئابدۇكېرىم ئاباسوۋ گومىنداڭچىلارنىڭ سۆز ھەرىكىتىدىن غەرەزلىك ھالدا تىركىشىۋاتقانلىقىنى ئۆتكۈرلۈك بىلەن كۆزىتىپ، ئۇلارنىڭ رەزىل يوشۇرۇن سىرلىرىنى ئېچىپ تاشلاپ، غەزەپ قامچىسى بىلەن گومىنداڭچىلارنىڭ كېلىشتۈرۈپ دەككىسىنى بەردى. گومىنداڭچىلار بولسا، پەرىشان ھالەتتە قالدى. ئۇ، ئەكسىيەتچى باشلىقلارغا: ئەپەندىلەر، ئادەمنىڭ ئىززەت ھۆرمىتى ۋە قەدرى - قىممىتى قۇرۇق ھېسسىيات بىلەن ئەمەس، بەلكى خەلقنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سېلىپ، كەڭ خەلقنىڭ ئازاب - ئوقۇبەت ۋە بەختسىزلىكىنى ئازايتىش يولى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. خەلق بىزنىڭ ئۈستىمىزدىن دەرد تۆكمەكتە، بۈگۈنكىدەك پوزىتسىيە تۇتىدىغان بولساق، مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى مەسىلىنى ھەل قىلىش شارائىتىنى تېخىمۇ قىيىنلاشتۇرۇپ قويىمىز، دەپ ئەسكەرتىش بەردى. ئاندىن كېيىن ھەربىر مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ كونكرېت ئۇسۇل چارىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇ كۈنكى يىغىندا، گومىنداڭچىلار ئۆز پىلانى كارغا كەلمىگەندىن كېيىن ئاخىرى رېئاللىققا باش ئەگدى. ئۇلار ئابدۇكېرىم ئابباس-

سوۋنى بىر - بىرىگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ، ياھ! بۇ نېمە دېگەن ئۆتكۈر ۋە چىڭ ئادەم...، ئۇيغۇرلار ئىچىدىن بۇنداق ئادەممۇ چىقىدىكەن دە! دېيىشىپ كەتتى. ئاندىن يىغىن قارارىغا ئىمزا قويۇشتى.

قازاق خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مەشھۇر سەرگەردانلىرىدىن بىرى بولغان دەلىلقان سۇگۇربايوۋ ھۆرمەتكە سازاۋەر تالانتلىق رەھبەرلەرنىڭ بىرى ئىدى. 1944-يىلى 7- ئايدا چىڭگىلدىكى ئاقئۆي دېگەن يەردە «ئالتاينى ئويغىتىش كومىتېتى» قۇرۇلۇپ، دەلىلقان سۇگۇر بايوۋ كومىتېت مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ سايلاندى.

ئەسئەت مەنگەي، سولايمان كامال قاتارلىق 12 كىشى بۇ كومىتېتنىڭ ئەزاسى بولۇپ تەيىنلەندى، شۇنىڭدىن كېيىن خەلقنىڭ گومىنداڭغا قارشى قوزغىلىڭى ئېنىق سىياسىي نىشانغا ئىگە بولدى. ئەينى ۋاقىتتا بۇ قوزغىلاڭ سوۋېت ئىتتىپاقى تەرىپىدىن قوللاشقا ئىگە بولغانىدى. قوراللانغان بۇ پارتىزانلار ئاساسەن ياش، ئوتتۇرا ياشلىقلار ئىدى. ئۇلار تاللىنىپ بەش ئەترەت بولۇپ قايتىدىن قۇرۇلدى. مەخسۇس ھەربىي تەلىم تەربىيە ئېلىپ بېرىپ مەشىق قىلدى. ئەترەتلەر بەش ئاتار، ئېغىر-يېنىك پىلىموتلار بىلەن قوراللاندى. باش ئىشتابتا ئاپتوموبىللارمۇ بار بولدى.

دەلىلقان باشچىلىقىدىكى ئالتاي خەلقىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى قوزغىلىڭى تۆت باسقۇچ بويىچە پىلانلىق ئېلىپ بېرىلدى. 1945- يىلى 6 -سېنتەبىر كۈنى ئالتاي ئازاد بولدى. 10- ئايدا ئىلىدىن سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىق يولداشلار كېلىپ ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلىپ، ئالتاي ئاتلىق پولكىنى باشقۇرۇش ئىشىنى دەلىلقانغا تاپشۇردى.

دەلىلقان سىياسىي جەھەتتە گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىگە، فېئودال مۇتەئەسسىپ كۈچلەرگە قارشى تۇردى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى، سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئۆزىنىڭ دوستى، تايانچىسى دەپ ھېسابلىدى. ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ھەممىدىن ئەلا بىلدى. ئۇ ئەركىنلىك، ۋەتەن، مىللەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىش سىياسىي شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاممىنى ئىنقىلابقا سەپەرۋەر قىلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى ئۇزۇل - كېسىل يوقىتىشقا يېتەكلىدى.

دەلىلقان ئىجتىمائىي خاھىش جەھەتتە خەلقچىللىقنى، تەرەققىپەرۋەرلىكنى، ھۆرىيەتنى، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكىنى، ئاياللارنىڭ نىكاھ ئەركىنلىكىنى، خەلق ئىگىلىكىنى، مەدەنىيەت مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىزىلىشكە، زورلۇق زومبۇلۇققا، ئوغۇرلۇق - بۇلاڭچىلىققا، پىتنە - ئىغۋاغا، تۆھمەتخورلۇققا كەسكىن قارشى تۇردى.

دەلىلقان خەلق ئىشى يولىدا، ئادالەت يولىدا، جان تىكىپ كۈرەشكەن گېنېرال ئىدى. شۇڭلاشقا شىنجاڭ خەلقى بولۇپمۇ ئالتاي خەلقى ئۇنى چىن قەلبىدىن ھۆرمەت قىلىدۇ. (داۋامى كېيىنكىساندا)

www.uyghurkitap.com



# يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدا ئېلىپ بارغان كۆرەشلىرىدىن خاتىرە ★

## 1949 ـ يىل

1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، ماۋزېدوڭنىڭ شىنخۇا ئاگېنتلىقى ئۈچۈن يېزىپ بەرگەن يېڭى يىل بېغىشلىمىسى ــ «ئىنقىلابنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بارايلى» ئېلان قىلىندى.

4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى نەنجىڭنى ئىشغال قىلدى.

5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، 1 ـ دالا ئارمىيىسى شىئەننى ئازاد قىلدى.

8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى دېڭ لىچۈننى (يەنە ئۈچ كىشىنى) ئالاقىچى سۈپىتىدە راتسىيە بىلەن موسكۋادىن غۇلجىغا ئەۋەتتى. دېڭ لىچۈن غۇلجىغا كەلگەندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق خادىملىرىنىڭ تونۇشتۇرۇشى ئارقىلىق ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشتى. ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبېك، ئابباسوۋ قاتارلىقلار ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ۋە ماۋجۇشىنىڭ ئۈچ ۋىلايەتكە كۆڭۈل بۆلگەنلىكى ۋە ئالاقىلىشىش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتكەنلىكىگە خۇشال بولغانلىقىنى ۋە قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. دېڭ لىچۈن «لىچۈن راتسىيىسى» نى ئورناتتى، يېڭى گونەن ئۈنىڭ بىلەن ئىشلىدى.

8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، ماۋزېدۇڭ يېڭى سىياسىي كېڭەش تەييارلىق كومىتېتىنىڭ مۇدىرى نامىدا ئىلى پەۋقۇلئاددە رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋە ئەخمەتجان قاسىمغا تېلېگرامما ئەۋەتىپ، بېيپىڭدا ئېچىلىدىغان يېڭى سىياسىي كېڭەش يىغىنىغا ۋەكىل قاتناشتۇرۇشنى تەكلىپ قىلدى. تېلېگراممىنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

«شىنجاڭ غۇلجا پەۋقۇلئاددە رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە،

ئەخمەتجان ئەپەندىگە :

---

★ بېشى ئۆتكەن سانلاردا

ئېلىمىزنىڭ جاھانگىرلىككە، فېئوداللىزمغا، بىيۇروكرات كاپىتالىزمغا ۋە جياڭ جيېشى باشچىلىقىدىكى گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى خەلق ئازادلىق ئۇرۇشى پات ئارىدا پۈتۈن جۇڭگو مىقياسىدا غەلىبە قىلىدۇ. پۈتۈن جۇڭگودىكى دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلار، خەلق تەشكىلاتلىرى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ دالا ئارمىيىلىرى، ئازاد رايونلار، دۆلەت ئىچىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە چەت ئەللەردىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يېڭى مەملىكەتلىك خەلق سىياسىي كېڭىشى ئەستايىدىل تەييارلىقلار ئارقىلىق 9 - ئاي ئىچىدە ئومۇمىي يىغىن ئاچىدۇ. بۇ نۆۋەتلىك ئومۇمىي يىغىن مەملىكەتلىك خەلق سىياسىي كېڭىشىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىنى تۈزۈش، ئۆزىنىڭ مەملىكەتلىك كومىتېتىنى سايلاپ چىقىشتىن باشقا، يەنە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىنى تۈزۈپ چىقىدۇ، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى كومىتېتىنى سايلاپ چىقىدۇ. سىلەرنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيانقى كۈرەشلىرىڭلار پۈتكۈل جۇڭگو خەلقىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى. غەربىي شىمالدىكى خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىلىك راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ شىنجاڭ تولۇق ئازاد بولىدىغان ۋاقىتقا ئانچە ئۇزاق قالمىدى، سىلەرنىڭ كۈرەشلىرىڭلار پات ئارىدا ئەڭ ئاخىرقى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدۇ، بىز سىلەرنىڭ ئۆز ۋەكىللىرىڭلار سۈپىتىدە بەش كىشىنى مەملىكەتلىك خەلق سىياسىي كېڭىشىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىغا قاتنىشىشقا ئەۋەتىشىڭلارنى چىن قەلبىمىزدىن قارشى ئالىمىز. ئەگەر قوشۇلساڭلار 9 - ئاينىڭ دەسلەپكى ئون كۈنى ئىچىدە بېيپىڭغا يېتىپ كېلىشىڭلارنى سورايمىز. تېلېگرامما يېتىپ بارغاندىن كېيىن جاۋاب قايتۇرۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز.

يېڭى سىياسىي كېڭەش تەييارلىق كومىتېتىنىڭ مۇدىرى
ماۋزېدۇڭ. 1949 - يىلى 8 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، بېيپىڭ».

8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، ئەخمەتجان قاسىمى ماۋزېدۇڭغا جاۋاب تېلېگراممىسى ئەۋەتتى، تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

«مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش تەييارلىق كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، قەدىرلىك ماۋزېدۇڭ ئەپەندىگە:

خېتىڭىزنى تاپشۇرۇۋالدىم. خەتتە ئېيتىلغان مەسىلىلەر ئۆلكىمىزدىكى بارلىق خەلقنىڭ ئۇزۇندىن بۇيانقى ئارزۇسى ئىدى. بىز جۇڭگو

خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى ئۆلكىمىز ۋە دۇنيا خەلقىنىڭمۇ ئۇلۇغ غەلىبىسى دەپ ھېسابلايمىز.

خېتىڭىزدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەرگە چەكسىز مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بىز بېيپىڭغا ۋەكىل ئەۋەتىشكە قوشۇلىدىغانلىقىمىزنى خۇشاللىق بىلەن بىلدۈرىمىز.

ھۆرمەت بىلەن:

پەۋقۇلئاددە رايون خەلقىنىڭ ۋەكىلى ئەخمەتجان قاسىمى.

1949 - يىل 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى.

8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، خەلق سىياسىي كېڭەشىگە قاتنىشىدىغان ۋەكىللەردىن ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبەگ مۇنونوۋ، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، دەلىلقان سۇگۇربايوۋ، لوجى سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق بېيپىڭغا بېرىش ئۈچۈن غۇلجىدىن يولغا چىقتى.

8 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى لەنجۇنى ئازاد قىلدى. بۇ خەۋەر ئۈرۈمچىگە تارقالغاندىن كېيىن، «كۈرەش» تەشۋىقات ۋەرەقىلىرى تارقىتىپ، گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى تەسلىم بولۇشقا دەۋەت قىلدى.

8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرى ئولتۇرغان ئايروپىلان بايقال رايونىغا كەلگەندە ھاۋا ناچارلىشىپ ئايروپىلان تاققا ئۇسۇۋالدى. بۇنىڭ بىلەن بەش ۋەكىل، تەرجىمان ۋە ئايروپىلان گۇرۇپپىسىدىكىلەردىن بولۇپ جەمئىي 17 كىشىنىڭ ھەممىسى قازاغا ئۇچرىدى. سەيپىدىن ئەزىزى بىلەن دېڭ لىچۈن مەسلىھەتلىشىپ بۇ خەۋەرنى ھازىرچە ئاشكارىلىماسلىقنى، ئەھۋالنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىغىلا دوكلات قىلىپ يوليورۇق سوراشنى قارار قىلىشتى. ماۋزېدۇڭ ئەھۋالدىن ۋاقىپ بولغاندىن كېيىن «شىنجاڭ تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» غا تەزىيە تېلېگراممىسى ئەۋەتتى. تېلېگراممىنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

«شىنجاڭ تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىغا، سۆيۈملۈك يولداشلار: شىنجاڭ خەلقىنىڭ جۇڭگو خەلق سىياسىي كېڭەش يىغىنىغا قاتنىشىدىغان بىرىنچى تۈركۈم ۋەكىللىرىدىن شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يولداش ئەخمەتجان، شىنجاڭ ئۆلكىسى ئىلى، ئالتاي، تارباغاتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتتىكى مىللىي ئارمىيىنىڭ باش قوماندانى يولداش ئىسھاقبېك، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، مىللىي ئارمىيىنىڭ بىرىنچى مۇئاۋىن باش قوماندانى يولداش دەلىلقان سۇگۇربايوۋ ۋە شىنجاڭ جۇڭگو - سوۋېت مەدەنىيەت جەمئىيىتى

ئىدىن يولداش لوجۈلار بەختىگە قارشى ئايروپىلاندا ھادىسىگە ئۇچراپ بېيپىڭغا كېلىش سەپىرىدە قازا تاپتى. ئەخمەتجان باشچىلىقىدىكى بەش نەپەر يولداش ھايات چېغىدا، شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشى ئۈچۈن باتۇرانە كۆرەشلەر ئېلىپ باردى، ئەڭ ئاخىرىدا جۇڭگو خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇش يولىدا ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىنى تەقدىم قىلدى. بۇ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ مەڭگۈ خاتىرىلىشىگە ئەرزىيدۇ. يولداش ئەخمەتجان، يولداش ئىسھاقبېك، يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، يولداش دەلىلقان سۇگۇرباييوۋ ۋە يولداش لوجۈلار مەڭگۈ ھايات!.

8 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، پېڭ دېخۇەي لەنجۇنىڭ سەن ئەيتاڭ دېگەن يېرىدە يىغىن چاقىرىپ، شىنجاڭنى تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى.

9 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، يېڭى سىياسىي كېڭەش تەييارلىق كومىتېتى مۇدىرىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن سەيپىدىن ئەزىزى، تۇجۇ، ئالىمجان قاتارلىق ئۈچ كىشىدىن تەركىب تاپقان ۋەكىللەر ئۈرۈمچى غۇلجىدىن بېيپىڭغا قاراپ يولغا چىقتى.

9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، جاڭ جىجوڭ، ماۋزېدۇڭ، جۇئېنلەينىڭ يوليورۇق - لىرىنىڭ روھىغا ئاساسەن تاۋسىيو، بۇرھان شەھىدىگە تېلېگرامما ئەۋەتىپ، ھەقىقەتكە قايتىشنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈردى. تېلېگراممىدا مۇنداق دېيىلىدۇ:

«... تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، غەربىي شىمالدىكى ئادەم ئىشلىرىدا ئۆزگىرىش بولغانلىقى، ۋاقىت پىشىپ يېتىلىشمىگەنلىكى سەۋەبلىك سىلەر بىلەن خەۋەرلىشەلمىدۇق. مېنىڭ 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىكى باياناتىمنى بېيپىڭ شىنخۇا ئاگېنتلىقىدا ئاڭلاتتى، بەلكى خەۋەر تاپقانسىلەر. ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى ئاساسىي جەھەتتىن تۇراقلاشتى، لەنجۇ ئازاد قىلىندى. شىنجاڭ ئۆلكىسى ئارىدا قېپقالدى. ئىنقىلاب ئۈچۈن، شۇنىڭدەك شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ تىنچ ئازاد بولۇشى، پۈتۈن ئۆلكە خەلقى ۋە بارلىق ئوفىتسېر - جەڭچىلەرنىڭ مەنپەئىتىنى نەزەردە تۇتۇپ ۋاقتىدا پوزىتسىيە بىلدۈرۈپ، گوۋاڭجۇ ھۆكۈمىتى بىلەن ئالاقىنى ئۈزۈپ، خەلق دېموكراتىك لاگېرىغا ئۆتۈشۈڭلارنى، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى خەلق ئىنقىلابىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىشىڭلارنى كۈتىمەن. مەن ماۋجۇشىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ۋە بارلىق ھەربىي - مەمۇرىي كادىرلارغا ھەر دائىم غەمخورلۇق قىلىۋاتقانلىقىنى، ھەممىنى رازى قىلىدىغان ياخشى بىر تەرەپ قىلىدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشىنىمەن. مەن ئالدىمىزدا ئېچىلماقچى بولۇۋاتقان يېڭى سىياسىي كېڭەش قۇرۇلتىيىغا تەكلىپ

بىلەن قاتناشماقچى. شۇ پۇرسەتتە ماۋجۇشىغا بىر قېتىم شىنجاڭغا بېرىش ئارزۇسىدا بولۇۋاتقانلىقىمنى ئېيتىمەن. زۆرۈر تېپىلىپ رۇخسەت قىلسا بۇيرۇققا بويسۇنىمەن. سىلەرنىڭ ۋاقىتنى قولدىن بەرمەي، بارلىق قىيىنچىلىق، غەم ـ ئەندىشىلەرنى تاشلاپ، ئەترابلىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، كەسكىن ئەمەلىي ھەرىكەت قىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. شۇنداق قىلغاندىلا ئومۇمنىڭ تىنچلىقىنى قوغداپ زور تۆھپە كۆرسىتەلەيسىلەر...
جاڭ جىجوڭ».

9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، دېڭ لىچۈن غۇلجىدىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ، بۇرھان شەھىدىنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتى. ئۇ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ۋە ئارمىيە قاتارلىق ھەر قايسى تەرەپنىڭ مەسئۇللىرىدىن بۇرھان شەھىدى، تاۋسىيۈ، ليۇمېڭچۈن، ليۇزىرۇڭ، چۇي ۋۇلار بىلەن كۆرۈشتى؛ «كۆرەش»، «ئاۋانگارت» نىڭ مەسئۇللىرى بىلەن ئۇچراشتى. سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق شىنجاڭ ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى، مەسىلىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشنىڭ تەييارلىق ئەھۋالىنى ئىگىلىدى ھەمدە ئۇلارغا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ سىياسەت ـ تەشەببۇسلىرىنى تەشۋىق قىلدى.

9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، بۇرھان شەھىدى دېڭ لىچۈن ئارقىلىق ماۋجۇشىغا بىر پارچە تېلېگرامما يوللىدى. تېلېگراممىنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

«ماۋجۇشى:

ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ خەلق ئازادلىقى يولىدىكى ئۇلۇغۋار ئىشىنى غەلىبىلىك ئورۇنلىغانلىقىنى چەكسىز خۇشال ـ خۇراملىق بىلەن تەبرىكلەيمەن. بۇ يەردىكىلەر يېڭى دېموكراتىزمغا ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەنپەئىتىگە ھۆرمەت قىلىش چاقىرىقىغا ئاللىقاچان مۇستەھكەم ئىشەنگەن ۋە ئۇنى ساداقەتلىك بىلەن ھىمايە قىلىدۇ ھەمدە بۇ يولدا قىيىنچىلىقنى يەڭمەكتە. بىز قەتئىينىيەتكە كېلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىدىن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈش قارارىغا كەلدۇق. پارتىيىڭىز رەھبەرلىك قىلغان پۈتكۈل جۇڭگونىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن، بارلىق كۈچىمىز بىلەن ئەكسىيەتچى كۈچلەرنى يوقىتىپ، رەھبەرلىكىڭىزنى قوبۇل قىلىپ، ھەممە بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلاردا ئورتاق يېڭى ھاياتنى تەبرىكلەشكە ھازىرلىق كۆرمەكتىمىز، ئۇشبۇ تېلېگراممىنى ئالاھىدە يوللاپ، چىن قەلبىمدىكى سۆزۈمنى ئېيتتىم، تاپشۇرۇۋالغايسىز.

بۇرھان شەھىدى. 9 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى.»

9 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، ماۋجۇشى بۇرھان شەھىدىگە جاۋاب تېلېگرامما ئەۋەتتى. تېلېگراممىنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

«رەئىس بۇرھان شەھىدىگە:

9 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىكى تېلېگراممىڭىزدىن ۋاقىپ بولدۇم، ھىممىتىڭىزدىن ئىنتايىن تەسىرلەندىم. شىنجاڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ھەر مىللەت خەلقى ئىتتىپاقلىقىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى رەئىس جانابلىرىڭىزنىڭ كۈچ چىقىرىشىغا باغلىق. ھەرقايسى تەرەپتىكى ۋەتەنپەرۋەر دېموكراتىك كىشىلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىش ھەرىكىتىگە ماسلىشىپ، پۈتكۈل شىنجاڭنى ئازاد قىلىش يولىدا كۆرەش قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. ئۇشبۇ تېلېگرامما ئارقىلىق ئالاھىدە جاۋاپ قايتۇردۇم. خىزمەت كۆرسىتىشىڭىزگە تىلەكداشمەن.

ماۋزېدۇڭ. 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى»

9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، گېنېرال تاۋسىيۆ باشچىلىقىدىكى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قوماندان - جەڭچىلەر تېلېگرامما يوللاپ، ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقەتكە قايتقانلىقىنى جاكارلىدى. تېلېگراممىنىڭ تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

«بېيپىڭ، رەئىس ماۋزېدۇڭغا، باش قوماندان جۇدېغا، مۇئاۋىن باش قوماندان پېڭ دېخۇەيگە، خەلق ئىنقىلابىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىغا ۋە شۇ ئارقىلىق خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ھەرقايسى دالا ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ قوماندانلىرى، مۇئاۋىن قوماندانلىرى، سىياسىي كومىسسارلىرىغا ھەم جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى بىرىنچى قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرىگە: بىز شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قوماندان - جەڭچىلەر ئۈچ - تۆت يىلدىن بۇيان گېنېرال جاڭ ۋېنبەي جانابلىرىنىڭ دانا رەھبەرلىكىدە، ئىچكى جەھەتتە تىنچ بولۇش، تاشقى جەھەتتە سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن دوستلىشىش تەدبىرىنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەپ، ۋەتەننى قوغداش، خەلقنى ئاسراش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىش يولىدا جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەپ، باشتىن - ئاخىر بىردەك بولۇپ كەلدۇق. گېنېرال جاڭ ۋېنبەي جانابلىرى غەربىي - شىمالدىن كەتكەندىن كېيىن، ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ ۋەزىيىتىدە ئۆزگىرىشلەر بولدى، يىراق چېگرا رايونغا جايلاشقان شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى ھەر مىللەت زاتلىرىمۇ گېنېرال جاڭ ۋېنبەي جانابلىرىنىڭ ئىزچىل سىياسىي تەشەببۇسى بويىچە زېمىننىڭ تىنچ - ئامانلىقىنىڭ ھەقىقىي كاپالەتلەندۈرۈلۈشىگە تەقەززا بولۇۋاتىدۇ. گېنېرال جاڭ ۋېنبەي جانابلىرى بىزگە يەنىمۇ كۆڭۈل بۆلۈپ، دۆلەتكە تۆھپە قوشۇشىمىز ئۈچۈن، بىز بارلىق قوماندان - جەڭچىلەرنىڭ ئىنقىلاب ھەقىقىتىدە چىڭ تۇرۇشىمىزنى تەلەپ قىلدى ۋە خەلق دېموكراتىيىسى لاگېرىغا تېزدىن ئۆتۈشىمىزنى تەۋسىيە قىلدى. ئەگەر دۆلەت ۋە خەلققە

مەنپەئەت يەتكۈزەلەيدىغانلا بولساق، پەقەت تاۋسىيۇ ۋە قول ئاستىمىزدىكى ھەربىي خادىملار شەخسىي نام - ئابرۇيىمىزنىڭ قانداق بولۇشىغا قىلچە پىسەنت قىلمايمىز. ھازىر جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ بىرىنچى قۇرۇلتىيى ئېچىلدى. پۈتۈن مەملىكەت خەلقى تەشنالىق بىلەن كۈتۈۋاتقان جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دۇنياغا كېلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ. يېڭى جۇڭگو تىنچلىق بىلەن قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشتەك پارلاق ھەم داغدام يولغا قەدەم قويدى. شىنجاڭ جۇڭگونىڭ بىر مەمۇرىي ئۆلكىسى، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملار دۆلەتنىڭ چېگرىسىنى قوغدايدىغان قوراللىق كۈچلەر بولۇپ، دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقى، ئەركىنلىكى، گۈللەپ-ياشنىشى، قۇدرەت تېپىشى، قىسقىسى، دۆلەتنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن، تەبىئىكى، ئۆزىنىڭ قىزغىن ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى ئىپادىلەيدۇ ۋە خەلقنىڭ ئىنقىلابىي ئىشلىرىنىڭ تولۇق ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن تىرىشىشتەك ھەسسىسىنى قوشىدۇ. پەقەت تاۋسىيۇ قاتارلىقلار پۈتكۈل قوشۇنىمىزدىكى جەڭچىلەرگە باش بولۇپ، شۇنى تەنتەنىلىك جاكارلايمىزكى، بۈگۈندىن ئېتىبارەن، گوۋاڭجۇ ھۆكۈمىتى بىلەن ئادا - جۇدا بولۇپ، رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ سەككىز ماددىلىق تىنچلىق باياناتى ۋە مەملىكەت ئىچىگە قارىتىلغان تىنچلىق كېلىشىمىنى سەمىمىي قوبۇل قىلىمىز. پۈتۈن قوشۇنىمىز بىلەن ئەسلىدىكى مۇداپىئە ئورۇنلىرىمىزدا تۇرۇپ، يەرلىكنىڭ تەرتىپ - ئىنتىزاملىرىنى ساقلايمىز ۋە خەلق ئىنقىلابىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى ھەم خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى باش قوماندانلىق شتابىنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتىمىز. تۆۋەنلىك بىلەن يوليورۇق سوراپ، تېلېگراممىنى يوللىغۇچىلار: شىنجاڭ ئۆلكىلىك گارنىزون باش قوماندانى تاۋسىيۇ، مۇئاۋىن باش قوماندان ھەم تەرتىپكە سېلىنغان 42- كورپۇس كوماندىرى جاۋشىڭگۇاڭ، تەرتىپكە سېلىنغان ئاتلىق 1 - كورپۇسنىڭ كوماندىرى خەنيوۋېن، تەرتىپكە سېلىنغان 78- كورپۇسنىڭ كوماندىرى مو ۋورو، بىرىگادا كوماندىرلىرى جۇڭ زۇيىن، لى زۇتاڭ، تىيەن زىمېي، خەن رۇڭفۇ، گوچۇەنلياڭ، جۇمىڭگاڭ، لورۇجېڭ، ليۇلۇنۇۋ، ياڭتىڭيىڭ، ما پىڭلىن قاتارلىقلار. 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى.»

9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، بۇرھان شەھىدى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئەتلىرىنىڭ جىددىي يىغىنىنى چاقىردى، يىغىنغا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى لىيۇمىڭچۈن، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ باشلىقى چۈيۇۋ ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باشقا ئەزالىرى قاتناشتى. يىغىندا مۇنداق ئىككى مەسىلە مۇزاكىرە قىلىندى: بىرى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەقىقەتكە قايتىپ گومىنداڭ گوۋاڭجۇ ھۆكۈمىتى بىلەن ئادا-جۇدا بولىدىغانلىقىنى

ۋە خەلق تەرەپكە ئۆتۈپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى جاكارلاش توغرىسىدىكى تېلېگراممىنى مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللىدى، يەنە بىرى، ھەقىقەتكە قايتقان كۈندىن ئېتىبارەن پارتىيە ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى خادىملار ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بارلىق ھۆججەت، ئارخىپلارنى ۋە جامائەت مال-مۈلكىنى ئاسراشقا، جامائەت تەرتىپىنى ساقلاشقا ھەقىقىي مەسئۇل بولۇشى كېرەكلىكى، جەمئىيەت تەرتىپىنى بۇزۇش ۋە جەمئىيەت ئامانلىقىغا پاراكەندىچىلىك سېلىش مەنئى قىلىنىدىغانلىقى مۇزاكىرە قىلىنىپ ماقۇللاندى...... يىغىنغا قاتناشقان خادىملار تېلېگراممىغا ئىمزا قويۇشتى. تېلېگرامما شۇ كۈنىلا يوللاندى، ھەقىقەتكە قايتقانلىق توغرىسىدا تېلېگرامما يوللانغانلىق خەۋىرى شەھەرگە تارقالغاندىن كېيىن، پۈتۈن شەھەر قاينام-تاشقىنلىققا چۆمدى. 1-ئوتتۇرا مەكتەپ، 1-سىفەن مەكتەپ، قىزلار سىفەن مەكتىپى ۋە قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىدىكى ئوقۇغۇچىلار ئۆزلۈكىدىن تەشكىللىنىپ كوچىغا چىقىپ، تەبرىكلەش نامايىشى ئېلىپ باردى، ئۇلار «خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى قارشى ئالىمىز»، «ياشىسۇن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى» دېگەن شوئارلارنى توۋلىدى ۋە ھەرخىل يېزىقلاردا شوئارلار يېزىپ پۈتۈن شەھەرگە چاپلىدى.

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەقىقەتكە قايتىش توغرىسىدىكى تېلېگراممىسىنىڭ تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

...... «بېيپىڭ، رەئىس ماۋزېدۇڭغا، باش قوماندان جۇدېغا، خەلق ئىنقىلابىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىغا، جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشمىسىنىڭ 1-قۇرۇلتىيىغا: شىنجاڭ ئۆلكىسى 1946-يىلى 7-ئاينىڭ 1-كۈنى تىنچلىق بىتىمىغا ئاساسەن ھەر مىللەت خەلقى ۋەكىللىرىنىڭ دېموكراتىك بىرلەشمە ھۆكۈمىتى تەشكىللەنگەندىن كېيىن، گېنېرال جاڭ ۋېنبيې جانابلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە، پۈتۈن ئۆلكە خەلقى بىردەك ھىمايە قىلىدىغان تىنچلىق، بىرلىك، دېموكراتىك ۋە ئىتتىپاقلىق سىياسىتىنى ئىزچىل تۈردە يولغا قويۇپ كەلدى. ئۈچ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان مەملىكەت ئىچىدىكى سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، بولۇپمۇ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ تۇسقۇنلۇقلىرى تۈپەيلىدىن ۋەزىپىلەر تولۇق ئورۇنلانمىغان بولسىمۇ، پۈتۈن ئۆلكىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قوللاپ-قۇۋۋەتلىشى ۋە بۈيۈك ئىتتىپاقدىشىمىزنىڭ ئىلھاملاندۇرۇشى بىلەن ئۆلكىمىزدە تىنچلىق ئەمىنلىك ۋەزىيىتى ساقلاپ قېلىندى. گېنېرال جاڭ ۋېنبيې جانابلىرى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ تىنچلىق ھەرىكىتى ئۈچۈن غەربىي شىمالدىن قايتىپ كەتكەن، گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچى كۈچلىرى داۋاملىق تۈردە جاھىللىق بىلەن جان تالىشى-

ۋاتقان پەيتتىمۇ ئۆلكىمىز يەنىلا خەلقنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ، تىنچلىقنى قوغداش، تىنچلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەڭ زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى. بىز شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئارزۇسى مۇستەقىل، بىرلىككە كەلگەن، ئۆز ئەركىنلىكىنى قولغا ئالغان دېموكراتىك ۋەتىنىنىڭ قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشى ئارقىسىدا قۇدرەتلىك، باياشات يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش ئىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ھەم يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ تىنچلىقى ۋە قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى بەخشەندە قىلىشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى چۈشىنىمىز. ھازىر، جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ بىرىنچى قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى، مۇستەقىل، ئۆز ئەركىنى قولغا ئالغان، بىرلىككە كەلگەن، دېموكراتىيەلەشكەن يېڭى دېموكراتىك جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دۇنياغا كەلدى، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى تارىختىن بۇيانقى بۇ ئەڭ ئۇلۇغۋار قۇرۇلۇشقا ھۇل سېلىنغانلىقى ئۈچۈن شاد ـ خۇراملىققا چۆممەكتە، بولۇپمۇ شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى بارلىق خەلق يېڭى جۇڭگونىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىگە تېخىمۇ خۇشال بولماقتا. بىز ھازىر شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىكى ۋە پۈتۈن ئۆلكىدىكى ھەر مىللەت قېرىنداشلارغا ۋاكالىتەن شۇنى تەنتەنىلىك جاكالايمىزكى، بۈگۈندىن ئېتىبارەن، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمىتى بىلەن ئادا ـ جۇدا بولۇپ، رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ سەككىز ماددىلىق باياناتىنى ۋە مەملىكەت ئىچىگە قارىتىلغان تىنچلىق بىتىمىنى سەممىي قوبۇل قىلىمىز، ھەمدە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنى شىنجاڭ خەلق ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىگە ئۆزگەرتىپ، پۈتۈن ئۆلكىنىڭ خىزمەتلىرىنى ۋاقىتىنچە يۈرۈشتۈرۈپ تۇرۇمىز ۋە مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتۈپ تۇرىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىرگە غۇلجىدا قېپقالغان ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئەتلىرىنى ئورۇمچىگە تەكلىپ بىلەن قايتۇرۇپ كېلىپ، ئورتاق ھەمكارلىشىمىز. قەتئىي ئىشىنىمىزكى، ئۆلكىمىز جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە ئۇلۇغ داھىيمىز رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ دانا رەھبەرلىكىدە تىنچ قۇرۇلۇشنىڭ پارلاق ۋە داغدام يولىغا ناھايىتى تېزلا قەدەم باسقۇسى. تۆۋەنلىك بىلەن ئۇشبۇ تېلېگراممىنى يوللاپ يولىيورۇقىڭىزلارنى كۈتكۈچىلەر: شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى بۇرھان شەھىدى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەتلىرىدىن لىيۇ مېڭچۈن، چۈي ۋۇ، لىيۇ شاۋلى، چىن فاڭبۇ، لىيۇ يۇڭشياڭ، بەي ۋېنيۇ، لىيۇ دېشىن، جۇڭ لىخۇا ۋە ئەردەنى قاتارلىقلار.»

9 ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، غۇلجا شەھىرىدە 30 مىڭ كىشىلىك يىغىن ئېچىلىپ،

شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغانلىقىنى تەبرىكلەيدى. يىغىندا «شىنجاڭ تىنچلىق ۋە خەلقچىلىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» نىڭ مۇۋەققەت رەئىسى ئەسئەت ئىساقوۋ ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ۋەكالىتەن رەئىس ماۋزېدۇڭغا تەبرىك تېلېگرامما ئېۋەتتى. تېلېگراممىنىڭ تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

«جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى ماۋزېدۇڭغا:

جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى پۈتۈن مەملىكەتتە، بولۇپمۇ يېقىندىن بېرى غەربىي - شىمالدا چوڭ غەلىبىگە ئېرىشكەن بىر چاغدا، مەن جانابىڭىزنى ھەمدە سىياسىي كېڭەشنىڭ بارلىق ۋەكىللىرىنى ئېھتىرام بىلەن تەبرىكلەيمەن.

ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەت خەلقى گەرچە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى قوراللىق كۈرەش داۋامىدا ئۆزلىرىنىڭ دېموكراتىك يېڭى تۇرمۇشىنىڭ ئاساسىنى ئورناتقان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ سىياسىي زۇلمى، ئىقتىسادىي بۇزغۇنچىلىقى، مىللىي كەمسىتىشى شۇنىڭدەك مەدەنىيەت جەھەتتە ئاياق - ئاستى قىلىشىغا ئۇچراپ كەلمەكتە، بۇ قېتىم خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ غەلىبىسى تۈپەيلىدىن ئۆلكىمىزدىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى يوقىتىلدى. پۈتۈن ئۆلكە چەكسىز خۇشاللىق كەيپىياتى ئىچىدە مىسلىسىز زور كۆلەمدە ئاممىۋىي يىغىن ئېچىپ، بۇ تارىخىي ۋەقەنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى ۋە تەبرىكلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۈچ ۋىلايەت خەلقى جانابىڭىزغا چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتىدۇ. پۈتۈن شىنجاڭ خەلقى جانابىڭىزنىڭ رەھبەرلىكىدە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا ئىنگىلىكنى مۇستەھكەملەش، بەختىيار، ئىلغار، مەدەنىيەتلىك ۋە ھەممە مىللەت باراۋەر بولغان يېڭى تۇرمۇشنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ.

شىنجاڭ تىنچلىق، خەلقچىلىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ مۇۋەققەت رەئىسى: ئەسئەت ئىساقوۋ.»

9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، بۇرھان شەھىدى ماۋجۇشىغا 2 - قېتىم تېلېگراممما ئەۋەتتى. تېلېگراممىنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

«ماۋجۇشىغا:

9 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىكى تېلېگراممىڭىزنى ئالدىم. سەمىمىي تاپشۇرۇقىڭىز ۋە ئارزۇيىڭىزدىن چوڭقۇر تەسىرلەندىم. بۇ يەردە 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى گۇاڭجۇ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىدىن مۇناسىۋەتنى

ئۈزۈپ، بېيپىڭ مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بارلىق رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىمىزنى رەسمىي جاكارلىدۇق. شۇ چاغدىلا ھەممە مىللەت خەلق ئاممىسى ھاياجانلىققا چۆمۈپ تا كەچكىچە شات - خۇراملىقتا ئۆتتى، بۇ ھال ھەممە مىللەت خەلقى قەلبىنىڭ مايىللىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. لېكىن ئۆزگىرىش ئەندىلا باشلاندى، ھەممە جەھەتتىن تەمتىرەپ قالدىم، ئەمەل قىلىشىم ئۈچۈن كۆپ يول-يورۇق بېرىشىڭىزنى چىن قەلبىمدىن سورايمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە يولداش دىڭ لىچۈن بىلەن خېلى ئوبدانلا چىقىشىپ قالدۇق، بارلىق ئىشنى يېقىندىن مەسلىھەت - لىشىپ بېجىرىۋاتىمىز. ئۇشبۇ تېلېگرامما ئارقىلىق خەۋەر قىلدىم، سىزگە سالامەتلىك تىلەيمەن.

بۇرھان شەھىدى. 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى.»

9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، ماۋجۇشى، باش قوماندان جۇدې تاۋسىيۆ ۋە بۇرھان شەھىدىگە ھەم شىنجاڭدىكى ھەربىي - مەمۇرىي ساھەدىكى ھەقىقەتكە قايتقان خادىملارغا تېلېگرامما ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتقانلىقىغا ئىلھام بەردى. تېلېگراممىدا مۇنداق دېيىلىدۇ:

«... سىلەرنىڭ 9 - ئاينىڭ 25 - ۋە 26 - كۈنلىرى ئەۋەتكەن تېلېگراممىلىرىنى تاپشۇرۇۋالدۇق، بىز سىلەرنىڭ مەيدانىڭلارنى توغرا دەپ قارايمىز. سىلەر گومىنداڭ ئەكسىيەتچى قالدۇق ھۆكۈمىتىدىن ئالاقىنى ئۈزۈپ، خەلق دېموكراتىيە لاگېرىغا ئۆتۈپ، جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىمىز، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى ۋە خەلق ئىنقىلابىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ بۇيرۇقىنى ۋە بىر تەرەپ قىلىشىنى كۈتىمىز، دەپ باياناتلار ئېلان قىلدىڭلار. بۇنداق پوزىتسىيەڭلار پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئارزۇ - ئىستەكلىرىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ، بىز بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشال بولدۇق. سىلەرنىڭ ھەربىي ۋە مەمۇرىي خادىملار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ۋە يەرلىك تەرتىپنى ساقلاپ ھەم ھازىر جايۇگۇەندىن چىقىشقا جابدۇ- نۇۋاتقان خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ، كونا تۈزۈمنى بىكار قىلىپ، يېڭى تۈزۈمنى يولغا قويۇپ يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز!

ماۋزېدۇڭ، جۇدې. 1949 - يىل 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى.»

9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، مۇئاۋىن باش قوماندان پېڭ دېخۇەي گېنېرال تاۋسىيۆگە جاۋاب تېلېگراممىسى ئەۋەتتى. تېلېگراممىنىڭ تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

«گېنېرال تاۋسىيۆ جانابلىرىغا:

ئىككى قېتىملىق تېلېگراممىڭىزدىن ۋاقىپ بولدۇم، قوشۇنلارنى باشلاپ ھەقىقەتكە قايتىپ، ئەكسىيەتچى لاگېردىن ئايرىلغانلىقىڭىزدىن ئىنتايىن خۇشال بولدۇم. سىزنىڭ ئىلغارلىقتا يەنىمۇ چىڭ تۇرۇپ، قوشۇنلارنى ئۇزۇل - كېسىل ئۆزگەرتىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يېڭى شىنجاڭنى ئورتاق گۈللەندۈرۈشىمىز ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

پېڭ دېخۇەي »

10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى.

10 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ھەر مىللەت خەلقى يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلىدى. يىغىندا بۇرھان شەھىدى نۇتۇق سۆزلىدى.

10 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنغاندىن كېيىنكى شىنجاڭ ۋەزىيىتى تازا مۇقىم بولمىدى، ھەقىقەتكە قايتقان قوشۇن ئىچىدىكى ئاز سانلىق جاھىل ئۇنسۇرلار پاراكەندىچىلىك قىلدى، ئىشپىيونلار خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى تېخى شىنجاڭغا يېتىپ كەلمىگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ۋەقە پەيدا قىلىشقا قۇتراتقۇلۇق قىلدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، بۇرھان شەھىدى ئۆلكىلىك ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت رەئىسى نامىدا ماۋزېدۇڭ، جۇدې ۋە لەنجۇدا تۇرۇۋاتقان مۇئاۋىن باش قوماندان پېڭ دېخۇەيگە تېلېگرامما ئەۋەتىپ، شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى دوكلات قىلىدى ھەمدە ۋەزىيەتنى ئوڭشاش، خىزمەتلەرنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنى، سىياسىي خىزمەت خادىملىرىنى تېزراق ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدى.

10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، غەربىي - شىمال دالا ئارمىيىسى قۇرۇقلۇق ۋە ھاۋادىن بولۇپ شىنجاڭغا قاراپ جۇچۇەندىن يولغا چىقتى.

10 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى، ئۆلكىلىك ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت جۇچۇەنگە ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتتى. بۇ ئۆمەككە چۆي ۋۇ، قاسىمجان يېتەكچىلىك قىلدى، تالغات، نۇسرەت، يوجياڭجۇ قاتارلىقلار ئۆمەك ئەزالىرى بولدى. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى ئۆلكىلىك ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتكە ۋە سودا - سانائەت ساھەسىدىكىلەر، ئىلغار ياشلار تەشكىلاتلىرى ھەم ھەر مىللەت خەلقىگە ۋەكالىتەن جۇچۇەنگە بېرىپ، مۇئاۋىن باش قوماندان پېڭ دېخۇەيگە شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىنكى ئەھۋالىنى دوكلات قىلىش، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا بالدۇرراق كىرىشىنى كۈتۈۋېلىش، مالىيە - ئىقتىساد جەھەتتىكى بەزى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ بېرىشنى

تەلەپ قىلىشتىن ئىبارەت. ۋەكىللەر ئۆمىكى جۇڭچۈەندە يەنتە كون پائالىيەت ئېلىپ باردى ۋە پېڭ دېخۇەي بىلەن كۆرۈشتى. پېڭ دېخۇەي تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشنى، تاۋسىيۇ ۋە بۇرھان شەھىدىنىڭ بۇ جەھەتتىكى تۆھپىسىنى توغرا باھالىدى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي كۈچلىرىنىڭ شىنجاڭنىڭ تىنچ ئازاد بولۇشىدىكى رولىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. ئۇ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ ھەرقايسى جەھەتلەردىكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشىنى تەلەپ قىلدى ۋە شىنجاڭنىڭ مالىيە - ئىقتىساد جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن بىر قىسىم ماددىي ئەشيا سوغا قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

پېڭ دېخۇەي بۇرھان شەھىدىگە جاۋابەن مۇنداق تېلېگرامما ئەۋەتتى:

«ئۈرۈمچى، رەئىس بۇرھان شەھىدىگە:

تېلېگراممىڭىزدىن ۋاقىپ بولدۇم. چۈي ۋۇ ئەپەندىنىڭ جۇڭچۈەنگە كېلىپ يۈز تۇرانە سۆزلىشىشنى قىزغىن قارشى ئالىمەن. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 2 - كورپۇسىنىڭ ئالدىن يۈرگۈچى قىسىملىرى ۋە بىرۇنۇۋۇك يېڭى 12 - چىسلا يۈمىڭدىن قومۇلغا ئاتلاندى. تېلېگرامما ئارقىلىق ئالاھىدە خەۋەر قىلدىم، ۋاقىپ بولغايسىز.

ئېھتىرام بىلەن ئىنىڭىز پېڭ دېخۇەي.»

جۇڭچۈەنگە بارغان ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆلكىلىك ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت «خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى كۈتۈۋېلىش ھەيئىتى» تەشكىللىدى. ھەر مىللەت خەلقى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە ئۆزلۈكىدىن ھەرخىل ئىئانىلار توپلىدى. غۇلجىدا ھەربىي - مەمۇرىي ۋە خەلقتىن تەشكىللەنگەن ھال سوراش ئۆمىكى بويۇملىرىنى ئېلىپ ئۈرۈمچىگە كەلدى. ھەر مىللەت خەلقى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ بالدۇرراق شىنجاڭغا كىرىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتتى!

10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ خۇجيەن باشچىلىقىدىكى بىرىيۇمنىڭ قىسىملىرى ئۈرۈمچىگە كىردى. ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ھەر مىللەت ھەر ساھە خەلقىدىن نەچچە ئون مىڭ كىشى ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. ئامىنىڭ ئالقىش سادالىرى پەلەكنى قاپلىدى.

بىرىيۇمنىڭ قىسىملار ئۈرۈمچىگە كىرگەندىن كېيىن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا قاراپ داۋاملىق يۈرۈش قىلدى، 12 - ئاينىڭ 22 - كۈنى گوپېڭ، ۋاڭ ئېنماۋ باشچىلىق قىلغان 2 - كورپۇس چۆل - جەزىرىلەرنى بېسىپ خوتەنگە يېتىپ باردى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ پۈتۈنلەي ئازاد بولدى.

10 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىگە قاتناشقان ۋەكىللەر شىنجاڭغا قايتىش ۋاقتىدا، ماۋزېدۇڭ ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئىنقىلابىي قۇربانلار ئۈچۈن مۇنداق بېغىشلىما يېزىپ بەردى:

«مىللىي ئازادلىق ۋە خەلق دېموكراتىيىسى ئىشلىرى يولىدا
قۇربان بولغان يولداش ئەخمەتجان قاسىمى، يولداش ئىسھاقبېك
مۇنونوۋ، يولداش ئابدۇكېرىم ئاببasوۋ، يولداش دەلىلقان سۈگۈرباييوۋ،
يولداش لوجىزىنىڭ روھى مەڭگۈ ھايات.
ماۋزېدۇڭ. 1949 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى.»

10 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن ج ك پ شىنجاڭ بيۇروسى قۇرۇلدى. ۋاڭ جېن بيۇرو شۇجىسى، شۈي لىچىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، دېڭ لىچۈن، لوبۇەنفا، جاڭ شىنيۈ، راۋجىڭشى، ۋاڭ ئىنماۋ، گوپېڭ ئەزاسى بولدى.

11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، 1 ـ بىڭتۈەننىڭ قوماندانى ۋە سىياسىي كومىسسارى ۋاڭ جېن ئۈرۈمچىگە كەلدى.

11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، ۋاڭ جېن ئۈچ ۋىلايەتنىڭ خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىدىن ھال سورىغانلىقىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن غۇلجىغا باردى. ئۇ ئايروپىلاندىن چۈشۈپلا غۇلجا ئىنقىلابىنىڭ بەش يىللىقىنى خاتىرىلەش چوڭ يىغىنىغا قاتناشتى. يىغىندىن كېيىن قۇربان بولغانلار ئائىلىسىگە بېرىپ تەزىيە بىلدۈردى. ئۈچ ـ تۆت كۈندىن كېيىن دېڭ لىچۈن بىلەن بىللە ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى.

12 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، ئۈرۈمچىدە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى ۋە تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملارنىڭ ئۇچرىشىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. مۇئاۋىن باش قوماندان پېڭ دېخۇەي، گېنېرال جاڭ جىجۇڭ ۋە ۋاڭ جېن، تاۋسىيۈ، ليۇ مېڭچۈن، سەيپىدىن ئەزىزى، چۈي ۋۇ، تاۋ جىنچۇ قاتارلىق كىشىلەر ئۈچ قوشۇندىن تەشكىللەنگەن پاراتنى كۆردى. كەچقۇرۇن غەربىي بىنادا تەنتەنىلىك زىياپەت ئۆتكۈزۈلدى.

12 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى رەسمىي قۇرۇلدى. مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى، مەركىزىي ئىنقىلابىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى پېڭ دېخۇەينى شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى ۋە سىياسىي كومىسسارلىقىغا، ۋاڭ جېننى 1 ـ مۇئاۋىن قوماندانلىقىغا، تاۋسىيۈنى 2 ـ مۇئاۋىن قوماندانلىقىغا، سەيپىدىن ئەزىزىنى 3 ـ مۇئاۋىن قوماندانلىقىغا، جاڭ شىچىننى 1 ـ سەنمۇجاڭلىقىغا، زېڭ جېڭۋۇنى 2 ـ سەنمۇجاڭلىقىغا، شۈي لىچىڭنى سىياسىي بۆلۈمنىڭ جۇرېنلىقىغا، زېڭ دى، قاسىمروۋنى سىياسىي بۆلۈمنىڭ مۇئاۋىن جۇرېنلىقىغا، جاڭ پىڭكېينى سەنمۇچۇنىڭ چۇجاڭلىقىغا تەيىنلىدى.

12 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزالىرى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى جىڭۇۋيۈەنىنىڭ 11 ـ سانلىق يىغىنىدا ماقۇللاندى ۋە مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تەيىنلەندى. ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەركىبى مۇنداق بولدى:

رەئىس: بۇرھان شەھىدى،

مۇئاۋىن رەئىس: گاۋ جىنچۈن،

سەيپىدىن ئەزىزى،

ئەزالىرى: 30 كىشى (فامىلىيە خەت سىزىقىنىڭ ئاز ـ كۆپلىكى بويىچە تىزىلدى).

| | | |
|---|---|---|
| ۋاڭ جېن، | ۋاڭ ئېنماۋ، | قىيۇمبېك خوجا، |
| لېسىكىن، | غېنى باتۇر، | ئەنۋەر جاكولىن، |
| ئەنۋەر خانبابا، | ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم، | شىڭ لەنتىڭ، |
| ئىبراھىم، | چۈي ۋۋ، | پاتەخان سۇگۇربايوۋ، |
| ئابلىز، | ئابدۇرەھمان مۇھىتى، | يۇ جەنلىڭ، |
| شۈي لىچىڭ، | تۇجىز، | تاۋسىيۈ، |
| شۇ مۇتوڭ، | مەخسۇت ئاخۇن، | مۇھەممەت ئەيسا، |
| داششاپ، | لىۋ مىڭچۈن، | دىڭ لىچۈن، |
| ئابدۇقادىر تۆرە، | خەن يوۋېن، | راۋ جىڭشى، |

(خوتەن، يەكەن ھەرقايسىسىغا بىردىن ئىككى كىشىگە ئورۇن قالدۇرۇلدى).

12 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ئىنقىلابىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىگە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 5 ـ كورپۇسى دەپ نام بېرىلدى.

12 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، شىنجاڭدا ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملار جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 22 ـ بىڭتۇەنى قىلىپ تەشكىللەندى.

12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭدا ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىللىرىنى قۇرۇشقا باشلىدى. ئاز سانلىق مىللەتتىن چىققان بىر تۈركۈم ئىلغار يولداشلاردىن سەيپىدىن ئەزىزى، بۇرھان شەھىدى قاتارلىقلار جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىندى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، سوتسىيالىزم داغدام يولىنى بويلاپ غەلىبىدىن ـ غەلىبىگە قاراپ داۋاملىق ئىلگىرىلىدى.

ن. ئەخمىدى تەرجىمىسى

( تۈگىدى )

# 新疆大学学报

（哲学社会科学维文版）

1990年 第3期

（总第43期）


## 目　　录


浅谈对高校学生的思想政治教育　阿不都外力·哈木提

我们的文学艺术必须强调社会主义时期的主旋律　阿不来提·乌买尔

努茹孜节及其历史层次探讨　阿不都许库尔·穆罕默德伊明

论著名塔塔尔族诗人阿布都拉·托卡依诗作的若干特点　热合穆吐拉·贾利

论维吾尔人的巫术习俗　乌斯曼·斯马依

比喻探讨　阿尔斯兰·阿不都拉

深层语义结构的翻译浅论　阿不都许库尔·艾山，高莉琴

谈多义词及其意义　买买提艾力·达尼

三区革命是中国新民主主义革命的一部分　麦合穆提江·阿斯木

新民主主义革命时期中国共产党在新疆的斗争纪事　《纪事》编写组



جاۋابكار مۇھەررىر: كۆرەش مەھمۇت

# Journal of Xinjiang University

## (Philosophy and Social Sciences, Uyghur Edition)

No 3. 1990 (Total: No. 43)


### Contents


A Brifer Discussion on the Ideological and Political Education of the Students in the Institutions of Higher Learning ............ *Abduwali Hamut*

The Keynote of the Period of Socialism Must be Emphasized in our Literature and Art ........................................................................ *Ablat Umar*

An Inquiry into the Nuruz Festival sporting Festival and its History .............................................................................................. *Abduxukur Muhammatimin*

On Some of the Special Features in the Poetic Warks of Abdulla Tokay the Famous Tatar Poet ............................................ *Rehmetulla Jari*

On the Wtchcraft and Customs of the Uyghrs ..................... *Osman Ismail*

An Inquiry into the Figure of speech ........................................ *Arslan Abdulla*

A Brief Discussion on the Translatiron of Deep Semantic Siructures........................................................... *Abduxukur Hasan and GaoLiqin*

A Talk on Polysemant and its Meaning ............................... *Mamtili Dani*

The Three Regions· Revolution is a prt of the Chinese New-democratic Revolution ............................................................... *Mahmutjan Asim*

The Records of the Struggles of the Chinese Communist Party in Xinjiang Durng the Period of the New-democratc Revoiution ........................................................ The Editorial Gorup of "The Records"



شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى

新疆大学学报

JOURNAL OF XINJIANG UNIVERSITY

（哲学社会科学维文版）

季　刊

发行范围：公开发行

国内统一刊号CN65—1035/C

تۈزگۈچى: «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» تەھرىر بۆلۈمى

باشقۇرغۇچى: شىنجاڭ داشۆ

باش مۇھەررىر: نىجات ئەھمەتجان

شىنجاڭ داشۆ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

ئۈرۈمچى ھەمەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ

مەملىكەت ئىچىدىكى ھەرقايسى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى

بۇ ژۇرنال ئاشكارا تارقىتىلىدۇ. ۋاكالەت نومۇرى: 58—13 باھاسى: 1.00 يۈەن